دوكتور مۇھەممەد ئەلئەرىيفي

# دۇنيا ئۆزىنىڭ ئاداققى تىنىقلىرىدا

## قىيامەتنىڭ چوڭ-كىچىك ئالامەتلىرى



ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

دوكتور مۇھەممەد ئەلئەريفي

# دۇنيا ئۆزىنىڭ ئاداققى تىنىقلىرىدا

## قىيامەتنىڭ چوڭ-كىچىك ئالامەتلىرى

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:

«ساجىيە تەرجىمە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش سىنىپى» ئوقۇغۇچىلىرى

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئىستانبۇل ھ. 1446 / م. 2025

بۇ كىتاب دوكتور مۇھەممەد ئەلئەرىيفىي نەشرگە تەييارلىغان، «ئەتتەدمۇرىييە نەشرىياتى- رىياد (دار التدمرية)» ھ. 1432 / م. 2011 - يىلىلىق ئەرەبچە 10 - باسمىسى ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى

نەشر ئۇچۇرى (CIP)
*Muhammed el-Arifi/ Dünyanın Sonu*
دۇنيا ئۆزىنىڭ ئاداققى تىنىقلىرىدا (قىيامەتنىڭ چوڭ - كىچىك ئالامەتلىرى) / نهاية العالم (أشراط الساعة الصغرى والكبرى)؛ دوكتور مۇھەممەد ئەلئەرىيفىي؛ ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى تەرجىمىسى؛ 1 - نەشرى 1 - بېسىلىشى (ئىستانبۇل)، ھ. 1446 / م. 2025؛ جەمئىي 396 بەت.
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك كىتاب نومۇرى: ISBN 978-1-959397-88-5
I ①دۇنيا ئۆزىنىڭ ئاداققى تىنىقلىرىدا (قىيامەتنىڭ چوڭ - كىچىك ئالامەتلىرى)
II ① دوكتور مۇھەممەد ئەلئەرىيفىي III ئەقىدە ئىسلام – ئۇيغۇرچە Ⅳ ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى تەرجىمە ۋە تەئلىف ئەسەرلىرى – (10)

# دۇنيا ئۆزىنىڭ ئاداققى تىنىقلىرىدا

## قىيامەتنىڭ چوڭ-كىچىك ئالامەتلىرى

| | | |
|---|---|---|
| مۇئەللىپ | : | دوكتور مۇھەممەد ئەلئەرىيفىي |
| تەرجىمە قىلغۇچى | : | «ساجىيە تەرجىمە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش سىنىپى» ئوقۇغۇچىلىرى |
| نەشر قىلغۇچى | : | ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى |
| مۇھەررىرى | : | دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ،ئە. توققۇزئوغۇز |
| كوررېكتورى | : | ئابدۇۋەلى ئابلىز، مۇھەممەد بارات |
| لايىھەلىگۈچى | : | ئا. ئاقھۇن |
| ئالاقىلىشش ئادرېسى | : | saciyeder@gmail.com |

ھ. 1446 / م. 2025 - يىلى 1 - نەشرى 1 - قېتىم بېسىلىشى (ئىستانبۇل)

نەشر ھوقۇقى «ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى»گە تەۋە، ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ خاھلىغانچە كۆپەيتىپ تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........ 9
نېمە ئۈچۈن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ قالىمىز؟ ........ 11
قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىگە مۇئامىلە قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە - پرىنسىپلار ........ 16
قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى رىئاللىققا تەتبىقلاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر ........ 22
قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى قىسمىغا ئايرىش ........ 30

## قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى

1 -مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشى ........ 35
2 -پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولۇشى ........ 36
3 -ئاينىڭ يېرىلىشى ........ 37
4 -ساھابە كىراملارنىڭ دۇنيادىن كېتىشى ........ 39
5 - بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ فەتىھ قىلىنىشى ........ 40
6 -قوي ۋاباسىدەك بىر ۋابانىڭ پەيدا بولۇشى ........ 42
7 -تۈرلۈك فىتنەلەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى ........ 43
8 -سۈنئىي ھەمراھ قانالىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ........ 45

9 - «سىففىن ئۇرۇشى»نىڭ يۈز بېرىشى 46
10 - خاۋارىجلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى 48
11 -پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغۇچى يالغانچى دەججاللارنىڭ چىقىشى 55
12 -خاتىرجەملىك ۋە باياشاتلىقنىڭ ئومۇملىششى 60
13 -ھىجازدىن بىر ئوتنىڭ چىقىشى 62
14 -تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشۇش 63
15 - كىشىلەرنى قامچىلايدىغان زالىملارنىڭ مەيدانغا كېلىشى 64
16 -ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىيىشى 66
17 -ئامانەتنىڭ زايە بولۇپ، قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى 68
18 -ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش 71
19 -دىيەكنىڭ خوجايىنىنى تۇغۇشى 73
20 -كىيىم كىيگەن يالىڭاچ ئاياللارنىڭ پەيدا بولۇشى 74
21 -قوي باقىدىغان يالاڭ ئاياغ كەمبەغەللەرنىڭ بىنا سېلىشتا بەسلىشىدىغان بولۇپ كېتىشى 75
22 -مەلۇم كىشىلەرگىلا سالام قىلىنىدىغان بولۇپ قېلىشى 77
23، 24، 25 -تىجارەتنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ئايال كىشىنىڭ تىجارەتتە ئېرىگە ھەمكارلىشىدىغان بولۇپ كېتىشى، بەزى سودىگەرلەرنىڭ بازارنى مونوپول قېلىشى 79
26 -يالغان گۇۋاھلىقلارنىڭ بېرىلىدىغان بولۇپ كېتىشى 81
27 -راست گۇۋاھلىقنىڭ يوشۇرۇلىدىغان بولۇپ كېتىشى 83
28 -دىنىي جەھەتتە ئىلىمسىزلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى 84
29، 30، 31 -پىخسىقلىق ۋە بېخىللىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى، سىلە - رەھىمنىڭ ئۈزۈلىدىغان بولۇپ كېتىشى، قوشنىدارچىلىقنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشى 86

32 -ناشايان سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى ...... 88

33 -ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ خىيانەتچى، خىيانەتچى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدىغان بولۇپ كېتىشى ...... 89

34 -ئېسىل كىشىلەر تۈگەپ كېتىپ، پەسكەش كىشىلەرنىڭ دەۋر سۈرۈشى ...... 90

35 -كىشىلەرنىڭ پۇل - مال تېپىشتا ھالال - ھارامغا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ كېتىشى ...... 92

36 -غەنىيمەتلەرنىڭ بايلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدىغان بولۇپ قېلىشى ...... 94

37 -ئامانەتنىڭ ئولجىغا ئايلىنىپ قېلىشى ...... 95

38 -كىشىلەرنىڭ زاكاتنى چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ بەرمەيدىغان بولۇپ كېتىشى ...... 96

39 -شەرئىي ئىلىملەرنىڭ ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن ئۆگىنىلىدىغان بولۇپ كېتىشى ...... 97

40 -ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا مايىل بولۇپ ئانىلىرىنى قاقشىتىدىغان بولۇپ كېتىشى ...... 98

41 -كىشىلەرنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن يېقىنلىشىپ ئاتىلىرىغا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ كېتىشى ...... 99

42 -مەسجىدلەردە چۇقان - سۈرەنلەر سېلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى ...... 100

43 -كىشىلەرگە پاسىق كىشىلەرنىڭ باش بولىدىغان بولۇپ كېتىشى ...... 101

44 -كىشىلەرگە ئەڭ پەسكەش كىشىلىرىنىڭ باش بولىدىغان بولۇپ كېتىشى ...... 102

45 -كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ ھۆرمەتلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى ...... 103

46، 47، 48، 49 -زىنا، يىپەك، ھاراق ۋە چالغۇ - ئەسۋابلارنىڭ ھالال سانىلىدىغان بولۇپ كېتىشى ...... 104

50 -كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قېلىشى ........ 107

51 -كىشىلەرنىڭ مۆئمىن ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزۇپ كافىر ھالەتتە كەچ قىلىدىغان زامانلارنىڭ كېلىشى ........ 109

52 -كىشىلەرنىڭ مەسجىدلەرنى بېزەيدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى ........ 111

53 -كىشىلەرنىڭ ئۆيلەرنى بېزەيدىغان ۋە زىننەتلەيدىغان بولۇپ كېتىشى ........ 113

54 -چاقماق چېقىشنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ........ 114

55 -يېزىقچىلىقنىڭ كۆپىيىپ، ئومۇملىشىپ كېتىشى ........ 115

56 -كىشىلەرنىڭ تىللىرى ئارقىلىق پۇل تاپىدىغان ۋە گەپ سۆزلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى ........ 117

57 -قۇرئاندىن باشقا كىتابلارنىڭ كەڭرى تارقىلىشى ........ 119

58 -قارىيلار كۆپىيىپ، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئازلاپ كېتىشى ........ 120

59 -ئىلىمدە يېتىلمىگەن كىشىلەردىن ئىلىم ئۆگىنىلىدىغان بولۇپ كېتىشى ........ 122

60 -تۇيۇقسىز ئۆلۈملەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان بولۇپ قېلىشى ........ 125

61 -دۆت كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمدار بولىدىغان بولۇپ كېتىشى ........ 127

62 -ۋاقىتنىڭ قىسقىراپ كېتىشى ........ 129

63 -ئەرزىمەس، نادان ئادەملەرنىڭ كىشىلەرگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىدىغان بولۇپ كېتىشى ........ 131

64 -تېگى پەس، ئۆزىمۇ پەس ئادەملەرنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەر سانىلىپ قېلىشى ........ 133

65 -مەسجىدلەرنىڭ ئۆتەر يولغا ئايلىنىپ قېلىشى ........ 135

66، 67 -مېھىر ھەققىنىڭ ۋە ئاتلارنىڭ قىممەتلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئەرزان بولۇپ كېتىشى ........ 136

68 -بازارلارنىڭ بىر - بىرىگە يېقىن بولۇپ كېتىشى ..... **137**

69 -كافىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەمكارلىشىدىغان بولۇپ كېتىشى ..... **139**

70 -كىشىلەرنىڭ نامازدا ئىمام بولۇشنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ قويىدىغان بولۇپ كېتىشى ..... **141**

71 -مۆئمىنلەرنىڭ چۈشىنىڭ راست چىقىدىغان بولۇپ كېتىشى ..... **142**

72 -يالغانچىلىقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ..... **145**

73 -كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى تونۇماس بولۇپ كېتىشى ..... **147**

74 -يەر تەۋرەشنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ..... **149**

75، 76 -ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ، ئەرلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ..... **150**

77 -زىنانىڭ ئوچۇق - ئاشكارا قىلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى ..... **152**

78 -قۇرئان ئوقۇپ ھەق ئېلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى ..... **154**

79 -كىشىلەر ئارىسىدا سېمىزلىكنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ..... **156**

80، 81 -گۇۋاھلىققا چاقىرىلماي تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان، ياخشىلىققا ۋەدە قىلىپ ۋاپا قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ..... **157**

82 -كۆچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدىغان بولۇپ كېتىشى ..... **158**

83 -ئاللاھ نازىل قىلغان قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلىنمايدىغان بولۇپ كېتىشى ..... **159**

84 -رۇملۇقلارنىڭ كۆپىيىپ ئەرەبلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى ..... **160**

85 -كىشىلەرنىڭ قولىدا مال - دۇنيانىڭ ئېشىپ - تېشىپ كېتىشى ..... **162**

86 -زېمىننىڭ بايلىقلىرىنى چىقىرىشى ..... **164**

87، 88، 89 -سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش، يەر يۇتۇش، تاش يېغىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ..... **165**

90 -لاي ئۆيلەر بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان يامغۇرنىڭ يېغىشى 168

91 -يامغۇر يېغىپ، زېمىندىن ھېچ نەرسە ئۈنمەسلىكى 169

92 -ئەرەبلەرنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان فىتنەنىڭ يۈز بېرىشى 170

93، 94، 95 -مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن دەرەخلەرنىڭ سۆزلىشى، تاشلارنىڭ سۆزلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشى 172

96 -فۇرات دەرياسىدىن ئالتۇن تاغ ئېچىلىپ قېلىشى 174

97 -كىشىنىڭ ئاجىزلىق ۋە گۇناھ ئىش ئوتتۇرىسىدا تاللاشقا دۇچ كېلىدىغان زامانىنىڭ كېلىشى 176

98 -ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ باغۇ - بوستانلىق ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلىك ھالىتىگە قايتىشى 177

99، 100، 101 -ئەھلاس فىتنەسىنىڭ، باياشاتلىق فىتنەسىنىڭ ۋە زۇلمەت فىتنەسىنىڭ يۈز بېرىشى 180

102 -بىر سەجدىنىڭ دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراق بولىدىغان زامانىنىڭ كېلىشى 183

103 -ھىلال ئاينىڭ بىرىنچى كېچىسىدە ئىككىنچى كېچىسىدىكىدەك چوڭلۇقتا كۆرۈنۈشى 185

104 -بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شامغا توپلىنىشى 186

105، 106 -مۇسۇلمانلار بىلەن رۇملۇقلار ئارىسىدىكى چوڭ جەڭنىڭ يۈز بېرىشى ۋە كونىستانتىنپولنىڭ فەتىھ قىلىنىشى 188

107، 108 -مىراسنىڭ تەقسىم قىلىنمايدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ غەنىيمەتلەر بىلەن خۇشال بولمايدىغان بولۇپ كېتىشى 195

109 -ئىنسانلارنىڭ قەدىمىي قورال - ياراق ۋە قاتناش ۋاستىلىرىغا قايتىشى 196

110، 111 -بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئاۋاتلىشىشى، مەدىنەنىڭ

خارابىلىشىپ ئۆلتۈراقلاشقۇچىلار ۋە زىيارەت قىلغۇچىلاردىن خالىي بولۇپ قېلىشى ..... 197

112- كۆرەك ئۆتى تۆمۈرنىڭ دىتىنى چىقىرىپ تاشلىغاندەك مەدىنەنىڭ يامان ئادەملەرنى چىقىرىپ تاشلىشى ..... 200

113- تاغلارنىڭ يۆتكىلىشى ..... 202

114- قەھتاندىن كىشىلەر بويسۇنىدىغان بىر ئادەمنىڭ چىقىشى ..... 203

115- جەھجاھ ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ چىقىشى ..... 204

116، 117، 118، 119- يىرتقۇچ هايۋانلار ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ، قامچا ئۇچىنىڭ ۋە ئاياغ بوغقۇچىنىڭ سۆزلىشى، ئىنسانغا ئۆيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى يوتىسىنىڭ خەبەر قىلىشى ..... 205

120، 121- ئىسلامنىڭ ئىزى ئۆچۈشى، قۇرئاننىڭ يوقىلىپ قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ..... 208

122- بەيتۇللاھقا هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چىققان بىر قوشۇننىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتۇۋېتىشى ..... 210

123- بەيتۇللاھنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىنمايدىغان بولۇپ قېلىشى ..... 213

124- بىر قىسىم ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بۇتپەرەسلىككە قايتىشى ..... 214

125- قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ يوقىلىشى ..... 215

126- كەئبەنىڭ ھەبەشلىك بىر كىشىنىڭ قولىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ..... 217

127- مۇئمىنلەرنى قەبزى روھ قىلىش ئۈچۈن مەيىن شامالنىڭ ئەۋەتىلىشى ..... 220

128- مەككە ئىمارەتلىرىنىڭ ئېگىز بولۇپ كېتىشى ..... 222

129- بۇ ئۈممەتنىڭ كېيىنكى كىشىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى كىشىلىرىگە لەنەت قىلىدىغان بولۇپ كېتىشى ..... 223

130 -ئاپتوموبىللارغا ئوخشاش يېڭى قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى 224
131 -مەھدىينىڭ چىقىشى 225

## قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى

قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى 257
1 -دەججالنىڭ چىقىشى 258
2 -ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىنغا چۈشۈشى 307
3 -يەجۈج - مەجۈجلەرنىڭ چىقىشى 344
4، 5، 6 -ئۈچ قېتىملىق يەر يۇتۇشنىڭ يۈز بېرىشى 369
7 -ئاسماننى تۈتۈن قاپلىشى 373
8 -بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى 378
9 -قۇياشنىڭ مەغرىپتىن چىقىشى 382
10 -كىشىلەرنى مەھشەرگاھقا ھەيدەيدىغان بىر ئوتنىڭ چىقىشى 386
خاتىمە 391

بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن

## كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا بولسۇن! ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ گۈزەل دۇرۇد - سالاملىرىمىز ئەلچىلەرنىڭ سەردارى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك، كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەئەينى ياقىلار ئېتەك، ئېتەكلەر ياقا بولۇپ قالغاندەك، مەتبۇئاتتا بولسۇن، تور دۇنياسىدا بولسۇن، ئاتالمىش كېلەچەك ۋەقەلەرگە ئىشارەت قىلىدىغان، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەت - ھەدىسلەر ئاساس قىلىنغان ھەر خىل توقۇلما سېنارىيەلەر، ئىغۋالار كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى.

ئىسلام ۋە مۇسۇلمان ئالەمگە كېلىۋاتقان سىناقلار كۈچەيگەنسېرى كىشىلەر مەلۇم چىقىش يولى ۋەياكى خىلمۇخىل قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىزدەشمەكتە. بەلكىم، سىزمۇ بەزىدە «مەھدىي چىقىشقا ئاز قاپتۇ» دېگەن خەبەرنى ئاڭلىسىڭىز، بەزىدە «يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلار ھەققىدىكى چوڭ ھادىسەلەر يۈز بېرىشكە ئاز قېلىۋاتقانلىقىنى»، يەنە بەزىدە «مەشرىق ياكى مەغرىبنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرىدە يەر يۇتۇش ھادىسەسى يۈز بېرىپتۇ» دېگەندەك سۆز - چۆچەك، ھەر خىل گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتقانسىز. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئېخى يېقىندىلا ئافرىقىدىكى مەلۇم بىر دۆلەتكە قىلغان زىيارىتىمدە، بىر زاتنىڭ شۇ

يەردىكى خەلق ئىچىدە ئۆزىنى ئاسماندىن چۈشكەن مەريەم ئوغلى ئىيسا، دەپ دەۋا قىلغان ئىشلارنىڭ بولغانلىقىغىمۇ شاھىد بولدۇم.

شۇنىڭ بىلەن «قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە چوقۇم چۈشەنچە بېرىش ۋە بۇ ئالامەتلەرنىڭ مەنىسى، ئېنىقلىمىسى قاتارلىقلار ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىش كېرەك ئىكەن» دېگەن قارارغا كەلدىم ۋە نەتىجىدە قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب پۈتۈپ چىقتى.

مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كىتابنى نەشر قىلىشتىن ئاۋۋال ئوقۇپ چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك مۇلاھىزە، تەكلىپ ۋە پىكىرلىرىنى ئايىمىغان پەزىلەتلىك شەيخ سالمان ئىبنى فەھد ئەلئەۋدە، دوكتور ئابدۇلئەزىز ئال ئابدۇللەتىف، شەيخ مۇھەددىس ئابدۇلئەزىز ئەتتەرىيفىي ۋە باشقا قېرىنداشلارغا ئالاھىدە تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرىمەن.

ئاللاھ تائالادىن بۇ كىتابنى مەنپەئەتلىك ۋە ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن خالىس ئەجرلەر قاتارىدىن، ھەمدە قىيامەت كۈنى بىزنىڭ پايدىمىز ئۈچۈن شاھىد بولىدىغان مەنپەئەتلىك ئىلىم جۈملىسىدىن قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن. ئامىن!

دوكتور مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەلئەرىيفىي

پادىشاھ سەئۇد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەقىدە ۋە ھازىرقى زامان دىن - ئېقىملار پەنلىرى پروفېسسورى،

ئىسلام تەشۋىقات مىنىستىرلىكى ئالىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى

ھ. 1431، مۇھەررەم / م. 2010، يانۋار

## نېمە ئۈچۈن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ قالىمىز؟

كىشى ئۆزى ئىزدىنىۋاتقان ۋە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈگۈزۈۋاتقان ھەربىر ئىشنىڭ چوقۇم مەلۇم نەتىجىسى ۋە مېۋىسىنى كۆرۈشى كېرەك.

ئۇنداقتا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇلارنى بىلىپ چىقىش تۇرمۇشىمىزدا بىرەر پايدا ئېلىپ كېلەمدۇ؟ ياكى بۇلار كىشىنىڭ ھاياتىدا ھېچقانداق رېئال تەسىرى يوق، بەلكى بىلىم زاپىسىغا قوشۇلىدىغان مەلۇماتلاردىنلا ئىبارەتمۇ؟

جاۋاب شۇكى، قىيامەت ئالامەتلىرى قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىنسان ھاياتىغا ئېلىپ كېلىدىغان بىر قاتار پايدىلىرى بار. بۇلار:

1. ئىماننىڭ ئالتە ئاساسىدىن بىرى بولمىش غەيبكە ئىمان كەلتۈر-گەنلىكنى ئىسپاتلاش. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ﴾[«بەقەرە»: 2/3].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن كىشىلەر بىلەن تاكى ئۇلار ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى› دەپ شاھادەت ئېيتمىغۇچە، ناماز ئوقۇمىغۇچە ۋە زاكات بەرمىگۈچە جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئەگەر ئۇلار شۇ ئىشلارنى قىلسا مەندىن قانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، شەرىئەت ھەققى بىلەن بولسا بۇنىڭ سىرتىدا. كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولۇۋالغان بولسا، ھېسابىنى ئاللاھ ئۆزى ئالىدۇ»[1].

غەيبكە ئىمان ئېيتىش ــــ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى خەۋەر بەرگەن، بىز بىلگەن ياكى بىلمىگەن جىمى ئىشلار ئۇزرە ئايەت ۋە سەھىھ

[1] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (20)؛ مۇسلىم (1399).

ھەدىسلەردە كەلگەن بارلىق نەرسىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. بىز بۇنى ھەق ۋە راست دەپ بىلىمىز. ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىدا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلار: دەججالنىڭ چىقىشى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامان ئاخىرىدا چۈشۈشى، يەئجۇج - مەئجۇجنىڭ چىقىشى، نامەلۇم بىر ھايۋاننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەقىل ئارقىلىق سەھىھلىكى ئېنىق بولغان مەسىلىلەر... قاتارلىقلارغا ئوخشاشتۇر.

2. قىيامەتنىڭ ئالدىن يۈز بېرىدىغان ئالامەتلىرىنى بىلىش نەپسىنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە قىيامەتكە ھازىرلىق كۆرۈشكە ئۈندەيدۇ. غاپىللارنىڭ قەلبىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى تەۋبىگە ئالدىراشقا ۋە دۇنياغا بېرىلمەسلىككە رىغبەتلەندۈرىدۇ؛ دەرۋەقە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بىرىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگىنىدە، ئەتراپىدىكىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەلىرىمۇ ئەنە شۇ جۈملىدىندۇر. «سەھىھەين»دە كەلگەن ھەدىستە (مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى): «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كېچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ:

– لا ئىلاھە ئىللاللاھ! ئەرەبلەرگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان يامانلىقتىن ۋاي! بۈگۈن يەجۇج – مەجۇجنىڭ توسمىسىدىن مۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتتى، – دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى ھالقا قىلدى. مەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەر تۇرسىمۇ ھالاك بولامدۇق؟ – دەپ سورىسام:

– ئەگەر يامان ئىش كۆپىيىپ كەتسە، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، – دەپ جاۋاب بەردى»[2]. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سۇبھانەللاھ! بۈگۈن نىمە دېگەن كۆپ ئازاب چۈشۈرۈلدى. نىمە دېگەن كۆپ خەزىنىلەر ئېچىلدى. ھۇجرىلاردىكى ئاياللارنى ئويغىتىڭلار، دۇنيادا كىيىم كىيگەن نۇرغۇن خوتۇنلار ئاخىرەتتە

[2] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3346)؛ مۇسلىم (2880).

قىپىيالىڭاچ بولۇپ قالىدۇ» دېدى[3].

3. قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىگە دائىر خەۋەرلەردە بىر قىسىم شەرئىي ھۆكۈملەر ۋە فىقھىي مەسىلىلەرنىڭ باياني بار. مەسىلەن، دەججالنىڭ يەر يۈزىدە تۇرۇش مۇددىتى ھەققىدىكى قىسسەدە ئۇنىڭ (يەر يۈزىدە تۇرىدىغان كۈنلەرنىڭ ئىچىدىكى) بىر كۈنىنىڭ بىر يىلغا، يەنە بىر كۈنىنىڭ بىر ئايغا تەڭ بولىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنغان بولۇپ، ساھابەلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دەججالنىڭ زېمىندا تۇرغۇسى كېلەچەك ئۇزۇن كۈنلەر توغرۇلۇق مۇنداق سوئال قويىدۇ:

- بىر يىلغا ئوخشاش بولغان بىر كۈندە بىر كۈنلۈك نامىزىمىز كۇپايە بولامدۇ؟

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭغا جاۋابەن:

- ياق، ھەرگىز كۇپايە بولمايدۇ، ۋاقىت - سائەتنى مۆلچەرلەڭلار! - دەپ جاۋاب بېرىدۇ[4].

بۇنىڭدىن بىز ئايلاپ كېچە بولىدىغان، ئايلاپ كۈندۈز بولىدىغان شەھەرلەردە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق ناماز ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى بىلىۋالالايمىز.

4. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىشى پەرەز ياكى تەخمىن قىلىش ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان غەيبكە ئالاقىدار ئىشلار جۈملىسىدىندۇر؛ مانا بۇ ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت ئاللاھ ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى (پەرىشتە) سېلىپ قويىدۇ﴾[72/«جىن»: 26، 27].

5. قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىشىمىز بۇ مەسىلىلەردە

[3] بۇخاري (115).

[4] مۇسلىم (2937).

شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. بۇمۇ بىزنىڭ مەزكۇر مەسىلىلەرگە يولۇققاندا قايمۇقۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈندۇر. مەسىلەن، دەججال ھەققىدە بىزگە يەتكەن تەپسىلىي خەبەرلەر، يەنى ئۇنىڭ كۆزى ۋە پېشانىسى توغرىسىدىكى سۈپەتلەر ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن يۈز بېرىدىغان ئىشلار ھەققىدىكى ئىزاھاتلار بۇنىڭ دەلىلى بولۇپ، بۇلار ئارقىلىق ئۇنىڭ فىتنەسىگە چۈشۈپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ دەججاللىقىنى بىلىۋالالايمىز.

**6.** كىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلگەن ۋاقىتتا، كېلەچەكتە يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا قارىتا تۇيۇقسىز ۋەقەلەرنىڭ دەل ئەكسىچە، روھىي جەھەتتىن ئالدىن تەييارلىق قىلىۋالالايدۇ؛

**7.** ئۇمىد دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ؛ چۈنكى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ئىچىدە ئىسلامنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى، زېمىننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىدىغانلىقى، يەھۇدىي ۋە خرىستىيان دىنلىرىنىڭ يوقىلىدىغانلىقى قاتارلىق مەلۇماتلار بار. مانا بۇ ئىسلامنىڭ سەلتەنەت سۈرىدىغانلىقى، كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەيغەمبەر بېشارەتلىرىدە كەلگەن مەزمۇنلارغا ئاساسلانغانلىقىدىندۇر.

**8.** ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدىكى غەيبىي ئىشلارنى ۋە كېلەچەكتە يۈز بېرىدىغان ۋەقە ۋە ھادىسەلەرنى بىلىشكە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان قىزىقىشى بۇ ھەقتە كەلگەن راست خەبەرلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن قاندۇرۇلىدۇ؛

بۇنداق دېيىشىمىز، ئىسلام دىنى مۇنەججىملىك، رەمچىلىك، كاھىنلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق غەيبنى بىلىدىغانلىقلىرىنى دەۋا قىلىشىدىغان دەججاللارنىڭ يولىنى ئەتكىنى بىلەن، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىبارەت كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھادىسەلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ۋەھيى ئارقىلىق خەبەر قىلدى.

**9.** قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىگە ئىشىنىش ئىماننى كۈچەيتىدۇ ۋە زىيادە قىلىدۇ. دېمەك، بۇ خىل ئالامەتلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى سىز

ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنىمۇ تەكىتلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇشبۇ ئالامەتلەرنىڭ تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان باشقا پايدىلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە!

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىگە مۇئامىلە قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە - پرىنسىپلار

ئالىملار قەدىمدىمۇ، دەۋرىمىزدىمۇ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ كەلدى. بۇ ئىش ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە تېلېۋىزىيە ۋە رادىئو پىروگراممىلىرىدا، ئىنتېرنېت سەھىپىلىرىدە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ئۈستىدە پات - پات توختىلىماقتا. بۇنىڭغا ئەگىشىپ قىيامەت ئالامەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقانلار ئايەت ۋە ھەدىسلەر ھەققىدە بەزى ناتوغرا ئىدىيەلەر، پىكرىي قالايمىقانچىلىقلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشتىن ساقلىنالمىدى. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەردە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى دىنىي بايانلار توغرۇلۇق ھەپىلىشىۋاتقانلار دىققەت قىلىشى كېرەك بولغان بىر قىسىم قائىدە - پرىنسىپلار ھەققىدە توختالماقچىمەن.

### 1. دەلىللەش ئاساسلىنىشتا پەقەت «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسكىلا تايىنىش لازىم

چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر غەيبنى بىلىشتىكى ئاساسىي مەنبەدۇر. ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم غەيبنى بىلمەيدۇ، ئۇلار (يەنى خالايىق) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ﴾[27/«نەمل»: 65]، ﴿ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت ئاللاھ ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)﴾[72/«جىن»: 26، 27].

دېمەك، ئاللاھ تائالا بەزىدە پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە «دىنىي جەھەتتىن پايدىلىق» دەپ قارالغان غەيبىي ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ خەۋەرلەر جۈملىسىدىن كەلگۈسىگە دائىر غەيب مەسىلىلىرى بولغان قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىمۇ بار بولۇپ، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى دەلىلسىز ھالدا «تەۋرات»، «ئىنجىل» قىسسەلىرى ئارقىلىق، چۈش ۋەياكى سىياسىي ۋەقەلەر ئاساسىدا يۈز

بەرگەن ئىشلار ئارقىلىق بىلمەكچى بولۇش ئەسلا توغرا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى بۇ ھەقتىكى خەبەرلەر پەيغەمبەرگە مەنسۇپ قىلىنغان بولسۇن ياكى بىرەر ساھابەدىن كەلگەن بولسۇن، چوقۇم سەھىھلىكى دەلىللەنگەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى، «قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى» دەپ قارالغان بىر قىسىم ئىشلار ئەمەلىيەتتە فىتنە تارقىتىشقا يوچۇق ئېچىپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر قىسىملىرى شۇ خىلدىكى كىتابلارنىڭ بازىرىنى چىقىرىش، ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن سەھىھلىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن، ئەكسىچە سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ بايانلىرىغا زىت كېلىدىغان خەبەرلەرنى، ئويدۇرما، خىيالىي ۋە فانتازىيەلىك توقۇلمىلارنى كۆپلەپ بايان قىلىش ئارقىلىق تىجارەت قورالىغا ئايلاندى...
بۇ ھەقتە ئۆزۈم ئوقۇغان ئەڭ قىزىقارلىق مەزمۇنلاردىن مەلۇم بىر يازارمەننىڭ يازغانلىرىنى مىسال قىلسام، ئۇ ئۆز ئەسىرىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئىستانبۇلدىكى تۈرك كۈتۈبخانىسىنىڭ ئىسلامچە كىتابلار بۆلۈمىدە ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىرگە تەۋە نادىر قوليازمىلاردا ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس ۋە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان نۇرغۇن ھەدىسلەر خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشتىن ئەنسىرىگەن، ئەمما ئۆلۈپ كېتىشتىن ئاۋۋال ئىلمىنى يوشۇرغانلىق گۇناھى ئارتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ رىۋايەت قىلىپ بەرگەن بىر ھەدىس بار بولۇپ، ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە:

– مەن ئاخىر زاماندا يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشلاردىكى بەزى ئىشلاردىن خەبەردارمەن، – دەيدۇ. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا:

– ئاللاھ سېنى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلىسۇن! بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ، ھېچ گەپ بولماس، – دېگەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن:

– ھىجرەتتىن ئون ئۈچ ئەسىر ئۆتۈپ ئارىدىن بەش، ئالتە يىل ئۆتكەندە ‹ناسىر› ئىسىملىك بىر كىشى مىسىرنى سورايدۇ. ئەرەبلەر ئۇنى ‹ئەرەبنىڭ شىجائەتلىك كىشىسى› دەپ چاقىرىشىدۇ. ئاللاھ ئۇنى مەلۇم بىر ئۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشتۈرمىگەندىن باشلاپ ئۇ ھېچ غەلىبە قىلالمايدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئايلاردىن بىرىدە مىسىرغا

ئۆزىنىڭ ھەقىقىي غەلىبىسىنى ئاتا قىلىشىنى خالايدۇ. ھالبۇكى، غەلىبە ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. شۇنىڭ بىلەن بەيتۇللاھنىڭ ۋە ئەرەبلەرنىڭ رەببى بولغان زات مىسىرغا قوڭۇر رەڭلىك قوماندان (سادات)نى رەھبەر قىلىشقا رازى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى بولسا چىراي جەھەتتە ئۇنىڭدىنمۇ نۇرلۇقراق (ئەنۋەر) بولسىمۇ، ئەمما ئۇ غەم - قايغۇ شەھىرىدىكى مەسجىدى ئەقسا ئوغرىلىرىنىڭ ياخشىراقى ئىدى.

شامنىڭ ئىراق قىسمىدا سۇفيانىي ئىسىملىك زالىم كىشى بار. ئۇنىڭ بىر كۆزى ئازراق قىيسايغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ‹قاتتىق زەربە بەرگۈچى (سادددام)› دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئۇ ئۆزىگە قارشى چىققانلارغا قاتتىق زەربە بېرىدۇ. مال - دۇنيا ئۇنىڭ بىر كىچىك قەلئەسىگە (كوت شەھىرىگە) توپلىنىدۇ. ئۇ قەلئەنىڭ ئىچى سىرلانغان بولۇپ، سۇفيانىيدىن ھېچ كىشىگە ئىسلامسىز ياخشىلىق كەلمەيدۇ. سۇفيانىي ھەم ياخشى، ھەم يامان كىشىدۇر. مەھدىيگە خىيانەت قىلغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي!

ھىجرەتتىن ئون تۆت ئەسىر ئۆتۈپ ئارىدىن ئىككى ياكى ئۈچ يىل ئۆتكەندە مەھدىي چىقىدۇ ۋە يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە قارشى ئۇرۇش ئاچىدۇ. ئازغانلار، لەنەتلەنگەردىلەر، مۇناپىقلار بولۇپ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىدۇ. ئارماگېدون يېنىغا جايلاشقان ئىسرائ ۋە مىئراج شەھىرىدە دۇنيانىڭ ۋە ھىيلە - مىكىرنىڭ خانىشى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ بىر زىناخور خوتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ‹ئامېرىكا› دېيىلىدۇ. دۇنيا بۇ كۈندە ئازغۇنلۇق ۋە كۇفۇرغا غەرق بولىدۇ. بۇ ۋاقىتنىڭ يەھۇدىيلىرى بۇ كۈندە ئەڭ ئالىي مەرتىۋىدە بولىدۇ. ئۇلار قۇددۇس (پەلەستىن) نىڭ ۋە مەدىنە شەھىرىنىڭ ھەممە يېرىنى ئالىقىنىغا ئېلىۋالىدۇ. ئۇلار قورقۇنچلۇق قار - مۇز شەھىرى بىلەن دەھشەتلىك پىژغىرىم شەھىرىدىن باشقا دېڭىز ۋە ھاۋا يوللىرى ئارقىلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىۋالىدۇ.

مەھدىي چىققاندىن كېيىن دۇنيانىڭ ھىيلە - نەيرەڭگە تولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ھەممىدىن غالىب ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ: ‹ھەربىر مەخلۇقنىڭ بارار جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، دۇنيا بىر تۈپ

دەرەخ بولسا، ئۇنىڭ شاخلىرى، يىلتىزى قوشۇلۇپ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر› دەپ قارايدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنى ئەك ۋەھشىي يول بىلەن جازالايدۇ - دە، زېمىن، دېڭىز ۋە ئاسماننى كۆيدۈرۈپ ئۇلار ئۈستىگە تاشلايدۇ. ئاسماندىن تاشلار يېغىشقا باشلايدۇ. يەر يۈزىدىكى بارلىق كافىرلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ ھەمدە ئاللاھ كۇفۇرنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىشكە ئىزنى قىلىدۇ»[5].

## 2. غەيب مەسىلىرىنى ئېنىقلاشتا ئىشەنچلىك ئالىملارغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم

غەيبكە دائىر مەسىلىلەردە كۆڭلىگە بىرەر گۇمان چۈشۈپ قالغان كىشى مەسىلىنى بىرەر ئىلىم ئەھلىگە بايان قىلماي تۇرۇپ باشقىلارغا تارقىتىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئەگەر بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىدىن سوراڭلار!﴾ «ئەنبىيا»: 7/21، ﴿ئەگەر ئۇلار مەسىلىنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (مۆئمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا ئىدى، مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى﴾ «نىسائ»: 83/4.

مانا بۇ سەلەف سالىھلارنىڭ تۇتقان يولى بولۇپ، ئۇلاردىن ئەبۇتتۇفەيل مۇنداق دەيدۇ: «مەن كۇفەدە ئىدىم. بىرى ماڭا: ‹دەججال چىقىپتۇ› دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ھۇزەيفە ئىبنى ئەسىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلدۇق. ئۇ كەلگىنىمىزدە كىشىلەرگە ھەدىس سۆزلەپ بېرىۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا:

– دەججال چىقىپتۇ، – دېدىم. ئۇ ماڭا:

– ئولتۇرغىن، – دېدى، مەن ئولتۇردۇم. ئاندىن يۇرت ئاقساقىلىمۇ كېلىپ ئۇنىڭغا دەججالنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىنى، كۇفە ئەھلىنىڭ ئۇنى ئۆرە - تۆپە قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ھۇزەيفە ئۇنىڭغىمۇ:

– ئولتۇرغىن، – دېدى. ئۇمۇ ئولتۇردى. ئاندىن بىرى ئارقىلىق بۇ خەبەرنىڭ قېپقىزىل يالغان خەبەر ئىكەنلىكى ئېلان قىلىندى. بىز

[5] «كشف المكنون في الرد على كتاب هرمجدون» ، 58 - بەت؛ «المهدى وفقه أشراط الساعة» ، 636 - بەت.

ئۇنىڭغا:

– ئى ھۇزەيفە! سەن بىزنى چوقۇم سەۋەبسىزلا ئۇلتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمىدىڭ. شۇنداق ئىكەن، بىزگە بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە سۆزلەپ بەرسەڭ، – دېدۇق. ئۇ:

– شۈبھىسىزكى، ناۋادا دەججال راستتىنلا سىلەرنىڭ زامانىڭلاردا چىقىپ كېلىدىغان بولسا، ئۇنى ئۇششاق باللاردىن تارتىپ تاشبوران قىلىپ قوغلىۋەتمەي قالمايدۇ. ئەمما، دەججال ئۆچمەنلىك ئەۋج ئالغان، دىيانەتتى سۇس، ئاداۋەتخور كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇشقاقتا پەيدا بولىدۇ. زېمىن ئۇنىڭغا خۇددى قوينىڭ تېرىسى قاتلانغاندەك قاتلىنىپ بېرىدۇ – دېدى»[6].

## 3. كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەقلى كۆتۈرەلەيدىغان دائىرىدە سۆزلەش لازىم

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە سۆزلەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئاۋامغا سۆز قىلغان ۋاقىتتا، بۇ ھەقتە كەلگەن بارلىق ھەدىس ۋە قاراشلارنى بايان قىلىش ۋەياكى ئاۋامنىڭ ئەقلى كۆتۈرەلمەيدىغان ھەدىسلەرنى توختىماي سۆزلەشتەك يەڭگىلتەكلىكنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. مەلۇمكى، بىلگەنلىكى ھەممە نەرسىنى دەپ يۈرۈش توغرا ئىش ئەمەس. شۇنداقلا، ئەقلىنىڭ دېيىلگەن نەرسىلەرنى كۆتۈرەلمەسلىكنى ياكى دېيىلگەن نەرسىلەرنىڭ خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويۇشىنى ۋەياكى ئۆز جايىنى تاپالماسلىقنى نەزەرگە ئالغان ۋاقىتتا، ھەرقانداق توغرىنى ئاۋام ئارىسىغا تارقىتىشمۇ ناتوغرا ئۇسۇلدۇر. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىشىلەرگە ئۇلار چۈشىنەلەيدىغان گەپلەرنى قىلىڭلار، ئەجەبا سىلەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆزىنىڭ يالغانغا چىقىرىلىشىنى ياخشى كۆرەمسىلەر!»[7] دېگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يالغانغا چىقىرىلىشىنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ كىشىلەر-

---

[6] «ئەلمۇستەدرەك» (8612). ھاكىم: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

[7] «بۇخارىي»، 49 - باب.

گە ئۇلار چۈشىنەلەيدىغان نەرسىلەرنى سۆزلەڭلار، چۈشىنەلمەيدىغان نەرسىلەرنى بولدى قىلىڭلار!»[8] دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى سۆزلىمە، بولمىسا بۇ ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۈچۈن چوقۇم فىتنە بولماي قالمايدۇ»[9].

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

[8] مۇسلىم «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»نىڭ مۇقەددىمەسىدە رىۋايەت قىلغان.

[9] مۇسلىم «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»نىڭ مۇقەددىمەسىدە رىۋايەت قىلغان.

## قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى رېئاللىققا تەتبىقلاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر

كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى رېئال تۇرمۇشقا تەتبىقلاش ۋە بۇلارنى كەسكىن شەكىلدە جەزملەشتۈرۈش ھادىسەلىرى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. شۇڭا، مەن بۇ ھەقتە كەلگەن بىر قاتار قائىدە - پرىنسىپلارنىمۇ بايان قىلىپ قويماقچىمەن.

بىرىنچى قائىدە: شەرىئەت بىزدىن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى چوقۇم رېئاللىققا تەتبىقلىشىمىزنى تەلەپ قىلمايدۇ؛

ئىنسانلار جىمى سەزگۈلىرىنى ئىشقا سېلىپ بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ بۇگۈنى ۋە كۈندىلىك ھاياتىغا دائىر مەزمۇنلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئادەتلەنگەن. بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغان كېيىنكىلەر تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرى ياشاپ ئۆتكەن دەۋرىنىڭ ھادىسىلىرىنى چوڭ بىلىدۇ ۋە ئۇنى كۆپتۈرۈپ ھاياجانلىنىدۇ. خۇددى شائىرنىڭ:

يىغلىغان ئىدىم داتلاپ بىر زامانلاردىن
قەيەردە سەن؟ ئەمدىلىكتە يىغلىدىم ساڭا

دەپ ئېيتقىنىدەك، كۆز ئالدىدىكى كىچىك ھادىسەلەرنى ئۆتمۈشتىكى زور ۋەقەلەردىنمۇ چوڭ بىلىۋالىدۇ. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بەزىدە تارىختا غايەت زور ۋەقەلەر ئۆتكەن بولۇشىغا قارىماي، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ۋە دەسلەپكى ئىشارەتلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆزىنىڭ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىغا تەتبىقلاپ باقىدىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ

ئۇلارنىڭ بىر بولسا ئاشۇ ئالامەتلەرنى توغرا چۈشىنەلمىگەنلىكىدىن ياكى بۇ ھەقتىكى بايانلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

خۇددى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بار يەردە ئىبنى سەييادنى دەججال شۇ دەپ ئىجتىھات قىلغىنىدەك، تەقۋادار ئەھلى ئىلىملەرنىڭ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەتبىقاتلىرى ھەققىدە ئىجتىھاد قىلىشى جائىز مەسىلىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەرنىڭ يۇقىرىقى ئىجتىھادى بويىچە ئېيتقانلىرىنى رەت قىلمىغان. ئەمما، بۇخىل ئىجتىھاد ناۋادا مۇسۇلمانلار سېپىنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىجتىھاد بولۇپ قالسا ياكى شەرئىي دەلىللەشتىكى ئەگەشمە ئىجتىھاد بايانلىرىغا ۋەياكى ئەتراپلىق دەلىللەپ چىقىشقا كېرەك بولغان دائىرىدىكى ئىجتىھاد بولۇپ قالسا، بۇنىڭ چەكلىنىشى ۋە توسۇلۇشى زۆرۈر. پەقەت دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان بولسا، بۇ يۇقىرىقىلاردىن مۇستەسنادۇر. مەسىلەن، ئۇرۇش - جېدەلگە، فىتنەگە، بىراۋنىڭ ئابرۇيىغا چېقىلىشنى يوللۇق ساناشقا ۋەياكى سەپنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىجتىھادلارغا ئوخشاش. مانا بۇخىل ئىجتىھادلار بىلەن دەلىللەنگەن ئالامەتلەر ۋەھيىدىن مۇستەقىل دەلىل بىلەن ئىسپاتلانمىغان ئەھۋالدا، ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا ئۇرۇنۇش جائىز ئەمەس.

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئۆتمۈش ۋە ھازىردا يۈز بەرگەن تارىخنى بىر - بىرلەپ ستاتىستىكا قىلىشقا تولىمۇ ھېرىسمەن كېلىدۇ. ئۇلار بىر قاتار ھادىسەلەر بىلەن كەلگۈسىگە ئالاقىدار ئىش ۋە ئالامەتلەر خەۋەر بېرىلگەن ھەدىسلەرنى رېئال ۋەقە - ھادىسەلەرگە تەتبىقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ.

ئالايلۇق، ئۇلاردىن بىرى مەسىلەن: «ئۇزاققا قالماي ئىراق زېمىنىغا بىرەر چارەك ئاشلىقمۇ، بىرەر دىرھەممۇ كەلتۈرۈلمەيدۇ...»[10] دېگەن خەۋەرنى ئوقۇۋالىدۇ - دە، بۇنى 1990 - يىللىرىدا ئامېرىكا تەرىپىدىن

---

[10] مۇسلىم (2913).

ئىراقتا يۈرگۈزۈلگەن ئېمبارگو قىلىش ھادىسەسىگە باغلاپ، ئۇنى قىيامەتنىڭ ئالامىتى دېيىشكە باشلايدۇ.

گەرچە بۇنى ناۋادا كۈچلۈك ئېھتىمال دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، ھەدىسلەرنى بۇخىل ئۇسۇلدا رېئال ھاياتقا تەتبىقلاش بىر قىسىم نۇقسان ۋە تۇتامسىزلىقلارغا يول قويغانلىق بولۇپ، بولۇپمۇ يۇقىرىقىدەك ئۇسۇل بويىچە جەزملەشتۈرۈش شەكلىدە تەتبىقلىغاندا شۇنداق بولىدۇ.

بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراقى بەزى ئالىملارنىڭ بىر قىسىم ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، دۇنيانىڭ ئۆمرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. ئۇلاردىن بەزىلىرى دۇنيانىڭ ئۆمرى **900** يىل دېسە، يەنە بەزىلىرى **1000** يىل دېيىشكەن. بۇ خىل قاراش بىلەن مەشھۇر بولغانلار ئىچىدە ئىمام سۇيۇتىي ۋە ئىمام سەخاۋىي قاتارلىقلار ھەم بار.

دېمەك، «پالانى ئالامەت مۇنداق - مۇنداق يىللىرى ئېنىق يۈز بېرىپ بولغان» دەپ كەسكىنلەشتۈرۈپ ئېيتىش شۇ ئالامەتكە قارىتا روشەن ۋە پاكىتقا تويۇنغان شەرئىي ئاساس بولمىغان ئەھۋالدا قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ. مەسىلەن، بۇنىڭغا مەھدىي ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى مۇئەييەن شەخسلەرگە تەتبىقلاپ تۇرۇپ: «پالانچى مەھدىي بولىدۇ» دەپ جەزملەشتۈرۈش ھادىسەلىرى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ فىتنەلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، قان تۆكۈش ۋە ھۆكۈمەتكە ئىسيان كۆتۈرۈش قاتارلىق پاجىئەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ.

بۇ ھەقتە يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەردە تۆۋەندىكىدەك بايانلار كەلگەن:

«قىيامەتنىڭ سىرى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مەھدىي ھەققىدە تۆۋەندىكىچە يازىدۇ: «مەھدىي ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئاۋۋال ئىراننىڭ رەئىسلىكى دەججالنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەد خاتەمىي، تەخەللۇسى ئايەتۇللاھ گورباچوفتۇر»[11].

يەنە بىرەيلەن: ئاخىر زاماندا ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈلىدىغان

---

[11] فەھد ئەسسالىم: «أسرار الساعة».

مەھدىينىڭ ئىراقنىڭ سابىق رەئىسى ساددام ھۈسەين ئىكەنلىكىنى كەسكىن بايان قىلسا،[12] «ئارماگېدون» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئەمىن مۇھەممەد جامال ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان سۇفيانىينىڭ ئىراقنىڭ سابىق رەئىسى ساددام ھۈسەين ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ[13]. يەنە بىرى سۇفيانىينى ئىئوردانىيەنىڭ سابىق پادىشاھى ئەلھۈسەين دەپ جار سالغان[14].

ئەمەلىيەتتە بۇخىل دەۋالاردا جەزملەشتۈرۈشنىڭ ئۆزى خاتا. ئەمما، بۇخىل مەسىلىلەردە مۇئەييەن بىر ۋەقەلىككە قارىتا ھەدىستە كەلگەن ئالامەتلەرنى ئوپئوچۇق ئىشارەتلەيدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلگەن بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى كونكرېت تەتبىقلاش تامامەن مۇمكىن، ئەلۋەتتە!

ناۋادا ئەھۋال دۇغ قالمىغان تەرزدە ئېنىقلاشسا، ئۇ چاغدا ئالاقىدار ھەدىسلەرنى ئۇنىڭغا ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئوخشاشلىقى بار ھادىسىلەرگە ۋەياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئېنىقلىشىپ قالغان ھادىسىلەرگە تەتبىقلاش مۇمكىن. مانا بۇخىل شەكىلدە تەتبىقلانسا كېرەك يوق. مەسىلەن، ئىمام مۇسلىم ئەسمائ بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئۆلتۈرۈلۈش قىسسەسىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىسى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

**1.** ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوغلى ئابدۇللاھنى ئۆلتۈرگەن قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلغان ھەججاج ئىبنى يۈسۈف ئەسسەقەفىيگە تۆۋەندىكىچە خىتاب قىلىدۇ: «جەزمەنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سەقىفتىن بىر كاززاب ۋە بىر قانخورنىڭ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن. كاززاب چىقىپ بولدى، بىز ئۇنى كۆردۇق. ئەمما قانخورغا كەلسەك، مەن ئۇنى سەندىن باشقا بىرى دەپ ئويلىمايمەن». شۇنىڭ

---

[12] سەئىد ئەييۇب: «المسيح الدجال». ساددام ھۈسەين ھ. 1427 / م. 2007 - يىلى قۇربان ھېيت كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن.

[13] «هرمجدون».

[14] فەھد ئەسسالىم: «أشراط الساعة وهجوم الغرب».

بىلەن ھەججاج تاكاللاشماستىنلا ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكەن[15].

ئىمام نەۋەۋىي مەزكۇر ھەدىس ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كاززاب ھەققىدە ئېيتقان سۆزىدە سەقىفلىك مۇختار ئىبنى ئەبى ئۇبەيد كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى كاززاب كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ قەبىھ قىلمىشىدىن بىرى، جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى كاززابلىقى ئىدى. ئالىملار ھەدىستىكى كاززابتىن مۇختار ئىبنى ئەبى ئۇبەيد، قانخوردىن ھەججاج كۆزدە تۇتۇلغان دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەن»[16].

2. ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ھىجاز زېمىنىدىن بىر ئوت چىقىپ، بۇسرادىكى تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرىنى يورۇتمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[17].

ئەبۇ شامە ۋەقەنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھىجرىيە 654 - يىلى جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 3 - كۈنى چارشەنبە[18] كېچە ۋاقتى ئىدى. تۇيۇقسىز مەدىنەدە غايەت زور گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز پەيدا بولدى. ئارقىدىن بىر تەۋرىنىش بولدى - دە، يەر، تام، ئۆگزە، پېشايۋان، دەرۋازا... ھەممىسى توختىماي تەۋرىنىشكە باشلىدى. بۇ ئىش شۇ ئاينىڭ جۈمە كۈنىگە قەدەر داۋاملاشتى. ئاندىن بەنى قۇرەيزەگە يېقىن ‹ھەررە› تەرەپتە غايەت زور ئالاۋ پەيدا بولدىكى، ئۇ ئالاۋنى بىز مەدىنەنىڭ ئىچىدە ھويلىلىرىمىزدا تۇرۇپ كۆردۇق. بۇ ئالاۋ بىز تەرەپتە گويا جىلغىلاردا كەلكۈن ئاققاندەك ئېقىپ، قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقارغان ئىدى»[19].

ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ دەۋرىمىزدىمۇ ھىجرىيە 654 -

[15] مۇسلىم (2545).

[16] نەۋەۋىي: «شەرھۇ مۇسلىم» ، 328/8.

[17] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7118)؛ مۇسلىم (2902). «بۇسرا» ھازىرقى شامدىكى «ھوران» شەھرى.

[18] بۇ كۈن مىلادىيە 1256 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

[19] قۇرتۇبىي: «ئەتتەزكىرە» ، 527 - بەت.

يىللىرى مەدىنەدە بىر ئوت كۆرۈنگەن. بۇ غايەت زور كۆلەملىك ئوت مەدىنەنىڭ شەرقىدىكى «ھەررە» تەرەپتىن كۆرۈنگەن بولۇپ، بۇ ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا بىلمىگەن كىشى قالمىغان ئىدى. (يەنى بۇ خەبەر مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتكەن خەبەرگە ئايلانغان ئىدى)»[20].

ئىمام ھافىز ئىبنى ھەجەر: «بۇ مەسىلىدە ماڭا ئايان بولغىنى، مەزكۇر ئوت قۇرتۇبىي چۈشەنگىنىدەك، مەدىنەنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە پەيدا بولغان ئۇچقۇن بولۇشى ئېنىقراق» دەيدۇ[21].

3. ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «فىتنە - پاساتلار ئاشكارا بولۇپ يالغانچىلىق ئەۋج ئالمىغۇچە، بازارلار ئارىلىقى يېقىنلاپ، زامان قىسقىراپ ئۆزئارا يېقىنلىمىغۇچە ۋە قىرغىنچىلىق كۆپەيمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» دېگەن[22].

شەيخ بىن باز رەھىمەھۇللاھ «فەتھۇلبارىي» كىتابىغا يازغان ئىزاھاتىدا مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان مەزكۇر يېقىنلىشىش ۋە قىسقىراشتىن بىزنىڭ بۇ ئەسىرىمىزدىكى ئايروپىلان، ماشىنا، رادىئو ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئارقىلىق ھەرقايسى شەھەر ۋە رايونلارنىڭ بىر - بىرىگە يېقىن بولۇشى، شۇنداقلا سەپەر ۋاقتىنىڭ قىسقىرىشى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ۋەللاھۇ ئەئلەم»[23].

ئىككىنچى قائىدە: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ چوقۇم يېقىندا يۈز بەرگەن بولۇشى شەرت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يۈز بەرگىنىگە ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ بولغان بولىشىمۇ كېرەك يوقتۇر؛

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى دېگەن، مەيلى بۇ ئالامەت قىيامەتكە يېقىن يۈز بەرسۇن ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزاقراق يۈز بەرسۇن، قىيامەتنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردۇر. مەسىلەن،

---

[20] نەۋەۋىي: «شەرھۇ مۇسلىم» ، 27/18.

[21] «فەتھۇلبارىي» ، 128/20.

[22] ئەھمەد (10735).

[23] «فەتھۇلبارىي» ، بتعليق الشيخ بن باز ، 606/2.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ ھەدىسىگە ئوخشاش، ئۇ زات: «مەن قىيامەتكە مۇنۇ ئىككى نەرسىدەك ئارىلىق قالغاندا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقى ئارىسىنى جۈپلىگەن[24].

مانا بۇ ھەدىس پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ گەرچە ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئالامەت ۋە ھادىسىلەر دەۋر جەھەتتىن قىيامەتنىڭ قايىم بولۇش ۋاقتىغا ئەڭ يېقىن ھېسابلانسىمۇ[25]، قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشقا يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى يۈز بېرىش نۇقتىسىدىن مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:**

1. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشى ۋە ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەبەرلەر ھەمدە كېيىنچە پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىدىغانلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى... قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئېنىق بايان قىلىپ بەرگەن مەزمۇنلار؛

2. بازارلارنىڭ يېقىنلىشىشى، يالغانچىلىقنىڭ كەڭ تارقىلىشى، قىرغىنچىلىقنىڭ كۆپ بولۇشى... قاتارلىقلارغا ئوخشاش مەلۇم قىسمى يۈز بەرگەن ۋە داۋامى تېخىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھادىسىلەر.

بۇلار ئىچىدە: «غەلىتە ھايۋاننىڭ چىقىشى»، «دەججالنىڭ چىقىشى» قاتارلىقلارغا ئوخشاش تېخى يۈز بەرمىگەن ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئالامەتلەرمۇ بار.

**ئۈچىنچى قائىدە: قىيامەتكە ئالاقىدار ھەدىسلەرنى رېئاللىققا خاتا تەتبىقلاش خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇلاردىن:**

---

[24] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4936)؛ مۇسلىم (1435).

[25] بۇ ھەقتە 1 - ئالامەتتە ۋە كىچىك ئالامەتلەرنىڭ 2 - سىدە توختىلىمىز.

1. ئىلىمسىز ۋە بىلمەي قارىسىغا سۆزلەش

چۈنكى، ناۋادا سىز ھەدىستە كەلگەن ئالامەتلەرنى مۇنداق ئىشلار ھەققىدە چۈشكەن، دەپ كەسكىن جەزملەشتۈرگەن ۋاقتىڭىزدا، مۇشۇ سۆزىڭىزمۇ بىرەر شەرئىي دەلىلگە ياكى شەرئەت ۋە ئىجتىھادتىن يوللۇق ئىشارەتلەر ئارقىلىق پاكىت كەلتۈرۈشكە موھتاج. شەرئەت ئىشلىرىدا پاكىتسىز ۋەيا شەرئىي ئىشارەتلەرسىز خاھلىغانچە بىرنەرسە دېيىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆزى شەرئەت ۋە ئۇنىڭغا ئائىت خەبەرلەردە بىلىمسىز ھالدا بىرنەرسە دەپ سېلىشتىن ھەزەر ئەيلەشكە بۇيرۇلغان بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا نالايىق قىلمىشتۇر.

2. شەرئەتتە بېكىتىلمىگەن بىر ئىشنى قىلىپ سېلىش ياكى شەرئەتتە بېكىتىلگەن ئەمەلنى تەرك ئېتىپ قېلىش

بەزى كىشىلەر مەھدىينىڭ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەنگەن ھەمدە ئاپتورى «مەھدىي پالانچى شۇ» دەپ كەسكىن جەزملەشتۈرىدىغان كىتابلارنى ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ مەھدىينى ساقلايدىغان بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلاردىن بىر قىسمى كەلگۈسىدىكى شۇ يىللارغا ۋە ئۇرۇش - جەڭگە تەييارلىق قىلىپ ئات ۋە قورال - ياراغلارنى سېتىۋالسا، يەنە بىر قىسىملىرى «دەججال چىقىشقا ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ۋاقىت قالدى» دېگەن گەپكە ئاساسەن، ئۆيلىنىش، ئائىلە قۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن ئىشلارنى تەرك ئەتتى.

3. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى يالغانغا چىقىرىشتەك چوڭ بۇز-غۇنچىلىقلارغا يول ئېچىپ بېرىش

مەسىلەن، بىرى «مەھدىيدىن مەقسەت پالانى كىشى شۇ» دەپ جەزملەشتۈرۈپ، كېيىن قارىسا ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە چىقسا، بۇمۇ شۇ كىشىنىڭ مەھدىي ھەدىسلىرىنى يالغانغا چىقىرىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە رېئاللىققا توغرا تەتبىقلانغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان باشقا ئالامەتلەرنى جەزم قىلىشمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىقىدەك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى قىسمغا ئايرىش

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

**بىرىنچى قىسىم: كىچىك ئالامەتلەر**

بۇ تۈردىكى ئالامەتلەر يەنە ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ:

### 1. يۈز بېرىپ بولغان ئالامەتلەر

بۇ تۈردىكى ئالامەتلەر مەيدانغا كېلىپ تۈگەپ بولغان ئالامەتلەر بولۇپ، بۇ ئالامەتلەر يۈز بەرگەن ۋاقىتنىڭ قىيامەت قايىم بولۇش ۋاقتىغا يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن كىچىك ئالامەتلەر تۈرىگە تەۋەدۇر. مەسىلەن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشى، ئاينىڭ يېرىلىشى، مەدىنىدە ئوتنىڭ كۆرۈنۈشى... قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

### 2. يۈز بېرىۋاتقان ئالامەتلەر

بۇ تۈردىكى ئالامەتلەر مەيدانغا كەلگەن، ئەمما كېمەيمەستىن، كۆپىيىپ مېڭىۋاتقان ئالامەتلەر بولۇپ، بۇمۇ ئوخشاشلا كىچىك ئالامەتلەر تۈرىگە تەۋە. مەسىلەن، دېدەكنىڭ ئۆز خوجايىنىنى تۇغۇشى، يالىڭاچ، يالاڭئاياغ پادىچىلارنىڭ بىنا سېلىشتا بەسلىشىشى، پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىدىغان ئوتتۇزچە كاززابنىڭ چىقىشى... قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئىككىنچى قىسىم: چوڭ ئالامەتلەر**

بۇ تۈردىكى ئالامەتلەر بولسا يۈز بېرىپ، ئارقىدىنلا قىيامەت قايىم بولىدىغان چوڭ ئالامەتلەردۇر. بۇلار تېخى يۈز بەرمىگەن بولۇپ، بۇلار ئوندۇر.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز ئۆزئارا سۆزلىشىپ تۇرغىنىمىزدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ، بىزگە:

– نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ – دېدى. بىز:

– قىيامەت ھەققىدە سۆزلىشىۋاتىمىز، – دېسەك:

– سىلەر تۆۋەندىكى ئون ئالامەتنى كۆرمەي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ، – دەپ ھەربىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى:

– بۇ ئالامەتلەر: (ئالەمنى) تۇتۇن (قاپلايدىغانلىقى)، دەججال (نىڭ چىقىشى)، (نامەلۇم بىر) ھايۋان (نىڭ پەيدا بولۇشى)، قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى، يەجۇج - مەجۇجنىڭ چىقىشى، مەشرىقتە بىر قېتىم، مەغرىبتە بىر قېتىم ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىر قېتىم يەر يۇتۇش ھادىسەسى يۈز بېرىشى، ئەڭ ئاخىرىدا يەمەندىن بىر ئوت چىقىپ كىشىلەرنى مەھشەرگاھقا ھەيدىشى قاتارلىقلار[26]».

بەزى ھەدىسلەردە يەنە مەھدىينىڭ چىقىشى، كەئبەنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، قۇرئاننىڭ زېمىندىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى قاتارلىقلارمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر كېيىن بايان قىلىنىدۇ.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

[26] مۇسلىم (2901).

# قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى «چوڭ ئالامەتلەر» ۋە «كىچىك ئالامەتلەر» دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، چوڭ ئالامەتلەر يۈز بېرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قىيامەت قايىم بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى ھەممە ئىنسانلار ھېس قىلىدۇ. كىچىك ئالامەتلەرگە كەلسەك، ئۇ قىيامەتتىن مەلۇم زامانلار ئىلگىرى يۈز بېرىشى، بەزى جايلاردا يۈز بېرىپ، بەزى جايلاردا يۈز بەرمەسلىكى، بەزى خەلقلەر ھېس قىلىپ، بەزى خەلقلەر ھېس قىلماسلىقى مۇمكىن.

بىز ئاۋۋال، بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىپ، ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنىڭ سەھىھلىكىگە كۆڭۈل بۆلگەن ئاساستا قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

## 1 - مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىنى قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ دەلىلى ھەمدە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ تۇنجىسى دەپ خەبەر بەرگەن. سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوتتۇرا ۋە كۆرسەتكۈچ بارماقلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: ‹مەن قىيامەتكە مۇنۇ ئىككى نەرسىدەك ئارىلىق قالغاندا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم› دېگەنلىكىنى كۆرگەن»[27]. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «مەن قىيامەتنىڭ تۇنجى مەيىن شامىلى (ئالامەتلىرىنىڭ تۇنجىسى) سۈپىتىدە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم»[28] دېگەن.

ئىمام قۇرتۇبىي بۇ ھەدىسنى ئىزاھلاپ: «قىيامەتنىڭ تۇنجى ئالامىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. چۈنكى، ئۇ زات ئاخىر زامان پەيغەمبىرىدۇر، ئۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن تارتىپ تاكى قىيامەتكىچە ھېچبىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلمەيدۇ» دېگەن[29].

---

[27] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4936)؛ مۇسلىم (1435).

[28] ھاكىم: «ئەلكۇنە» ، (1159). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 808) «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

[29] قۇرتۇبىي: «ئەتتەزكىرە» ، 710 - بەت.

## 2 - پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولۇشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆلۈم مۇسىبىتى قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىدىندۇر. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن تەبۇك غازىتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ زات تېرىدىن ياسالغان بىر چېدىرنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ زات دېدىكى: ‹قىيامەتتىن بۇرۇن بۇ ئالتە ئىشنى سانىغىن: مېنىڭ ئۆلۈمۈم؛ بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ فەتىھ قىلىنىشى؛ ئاندىن قوي ۋاباسىدەك بىر ۋابانىڭ سىلەرنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشى؛ ئاندىن بىر كىشىگە يۈز دىنار بېرىلسىمۇ، (رازى بولماي) ئاچچىقى كېلىدىغان دەرىجىدە مال - دۇنيانىڭ كۆپىيىپ كېتىشى؛ ئاندىن ئەرەب ئۆيلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي (ھەممىسىگە) كىرىدىغان فىتنەنىڭ بولۇشى؛ ئاندىن سىېرىق تەنلىكلەر (رۇملۇقلار) بىلەن ئاراڭلاردا بولىدىغان تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلۈپ، كېيىن ئۇلار بۇ كېلىشىمگە خىيانەت قىلىپ، ئالدىڭلارغا ھەربىر سانجىقى 12 مىڭ ئەسكەردىن تەركىب تاپقان 80 سانجاق ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىشى›»[30].

شۈبھىسىزكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتى مۇسۇلمانلارغا يەتكەن ئەڭ چوڭ مۇسىبەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسىبەت بولغاندا ساھابەلەرنىڭ كۆزلىرىدە مەدىنە قاراڭغۇ بولۇپ كەتكەنىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئاسماندىن ۋەھيى ئۈزۈلدى ھەمدە ئۇ ۋاقىتتا تۈنجى فىتنەلەر يۈز بېرىپ، بەزى ئەرەبلەر ئىسلامدىن يېنىۋالدى.

---

[30] بۇخارىي (3176).

# 3 - ئاينىڭ يېرىلىشى

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى. (قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ﴾[«قەمەر»: 54/ 1، 2].

ھافىز ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنى تەفسىرلەپ مۇنداق دېگەن: «ئاينىڭ يېرىلىشى ھەقىقەتەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر بىلەنمۇ ئىسپاتلانغان ھەمدە ئاينىڭ يېرىلىشىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا يۈز بەرگەنلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يارقىن مۆجىزىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئالىملار ئارىسىدا بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىدۇر»[31].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەككە ئەھلى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزلىرىگە بىر مۆجىزە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا ئاينىڭ يېرىلىش مۆجىزىسىنى كۆرسەتكەن ئىدى»[32].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مىنادا تۇرساق، تۇيۇقسىز ئاي ئىككى پارچە بولۇپ يېرىلدى، بىر پارچىسى تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدە، يەنە بىر پارچىسى تاغنىڭ ئالدى تەرىپىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: ‹بۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار› دېدى»[33].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مۇشرىكلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا

[31] «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر»، 472/7.

[32] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3637)؛ مۇسلىم (2802).

[33] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3636)؛ مۇسلىم (2800).

يىغلىپ: ‹ئەگەر راستچىل (راست پەيغەمبەر) بولساڭ، بىزگە ئاينى ئىككى پارچە قىلىپ بەرگىن، بىر پارچىسى ئەبۇ قۇبەيس تېغى ئۈستىدە، يەنە بىر پارچىسى قۇئەيقىئان تېغى ئۈستىدە بولسۇن› دېدى. ئاي تولغان كېچە بولۇۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارىدىن ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بېرىشىنى تىلىدى. شۇ كېچىسى ئاي ئىككى پارچە بولۇپ، بىر پارچىسى ئەبۇ قۇبەيس تېغىنىڭ ئۈستىدە، يەنە بىر پارچىسى قۇئەيقىئان تېغىنىڭ ئۈستىدە بولدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹بۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار› دېگەن ئىدى»[34].

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

[34] ئەبۇ نۇئەيم: «دەلائىلۇننۇبۇۋۋە»، (209). سەنەدى زەئىف بولسىمۇ، دەلىل سۈپىتىدە ئەمەس، سەھىھ ھەدىسلەرگە يانداشتۇرۇپ كەلتۈرۈپ قويدۇم.

# 4 ـ ساھابە كىراملارنىڭ دۇنيادىن كېتىشى

پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى بولسا ئۇ زاتنىڭ ساھابىلىرىدۇر. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يۇلتۇزلار ئاسماننىڭ قوغدىغۇچىلىرى. ئەگەر ئۇلار (يوقىلىپ) كەتسە، ئاسمان ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ. مەن ساھابىلىرىمنىڭ قوغدىغۇچىسىمەن، مەن كەتسەم (ۋاپات بولسام) ساھابىلىرىمنىڭ بېشىغا ۋەدە قىلىنغان (قورقۇنچلۇق) ئىشلار كېلىدۇ. ساھابىلىرىم ئۇممىتىمنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ئۇلار كەتسە، ئۇممىتىمنىڭ بېشىغا ۋەدە قىلىنغان (قورقۇنچلۇق) ئىشلار كېلىدۇ»[35].

بۇ ھەدىستە، ساھابىلەرنىڭ كېتىشى يۇلتۇزلارنىڭ يوقىلىپ، يەر يۈزىگە ئۇچقۇنلارنىڭ چۈشىدىغانلىقى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىبارەت قىيامەتنىڭ ئىككى ئالامىتى بىلەن بىرگە كەلتۈرۈلگەن ۋە يەنە ھەدىسلەردە ياخشىلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ـ بىرلەپ كېتىپ، ئەڭ ناچار ئادەملەر قالغاندىلا قىيامەت قايىم بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

[35] مۇسلىم (2531).

## 5 - بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ فەتھ قىلىنىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن چاغدا، بەيتۇلمۇقەددەس رىم خرىستىيانلىرىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا بولۇپ، رىم ئەينى ۋاقىتتا قۇدرەت تاپقان كۈچلۈك بىر دۆلەت ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ فەتھ قىلىنىدىغانلىقىدىن خۇشخەۋەر بېرىپ، ئۇنى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قاتارىدا سانىغان ئىدى. ئەۋف ئىبنى مالىك رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەتتىن بۇرۇن بۇ ئالتە ئىشنى سانىغىن» دەپ شۇ قاتاردا بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ فەتھ قىلىنىدىغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالغان ئىدى[36].

بەيتۇلمۇقەددەس ھ. 16 / م.637 - يىلى خەلىفە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دەۋرىدە فەتھ قىلىنغان بولۇپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى شىركلىكنىڭ ئاسارەتلىرىدىن تازىلاپ، ئۇ يەرگە بىر مەسجىد بىنا قىلغان ئىدى.

بەيتۇلمۇقەددەس ئىككى قېتىم فەتھ قىلىنغان بولۇپ، بىرىنچى قېتىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن، ئىككىنچى قېتىم ھ. 583 / م. 1187 - يىلى ئەييۇبىيلار سۇلالىسى زامانىسىدا سالاھىددىن ئەييۇبىي تەرىپىدىن فەتھ قىلىنغان ئىدى.

ئاللاھ خاھلىسا، بەيتۇلمۇقەددەس پات پۇرسەتتە مۆئمىن بىر جامائەتنىڭ قولىدا ئازاد بولىدۇ، ھەتتا دەل - دەرەخ ۋە تاشلار: «ئى مۇسۇلمان! ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! ئارقامدا يەھۇدىي بار، بۇياققا كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈر!» دەپ سۆزلەيدۇ[37].

بەيتۇلمۇقەددەس ئەتراپىدا يۈز بېرىدىغان بىر قىسىم جەڭلەر بىلەن

[36] بۇخارىي (3176).

[37] مۇسلىم (2922).

مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار ھەققىدە كېيىن توختىلىمىز.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 6 ـقوي ۋاباسدەك بىر ۋابانىڭ پەيدا بولۇشى

بۇ ھەم قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. بۇ خىل كېسەل نۇرغۇن قەۋم ۋە خەلقلەرنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ۋاباغا بەكمۇ ئوخشايدۇ.

بەزىلەر: «بۇ خىل كېسەلنى پەلەستىنىدىكى بەيتۇلمۇقەددەسكە يېقىن جايدىكى ئەمۇاس دېگەن يەردە تارقالغان، ئېغىر ياللۇغلىنىش بىلەن ئادەم بەدىنىدە يىرىڭلىق يارا ياكى ئىششىقلار كۆرۈلۈپ، چىدىغۇسىز ئاغرىق پەيدا قىلغان، تېز تارقىلىشچان، جاننى ئالغۇچى كېسەللىك بولغان ۋابادا كۆرۈلگەن» دېگەن.

ئەۋف ئىبنى مالىك رىۋايەت قىلىدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹قىيامەتتىن بۇرۇن بۇ ئالتە ئىشنى سانىغىن› دەپ، شۇ قاتاردا ‹ئاراڭلاردا قوي ۋاباسىدەك بىر ۋابا پەيدا بولىدۇ› دېگەنىدى»[38].

(ھ. 16 - يىلى) بەيتۇلمۇقەددەس فەتھە قىلىنغاندىن كېيىن، ھ. 18 - يىلى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا شام زېمىنىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ۋابا كېسىلى تارقالغان بولۇپ، شۇ چاغدا 25 مىڭغا يېقىن مۇسۇلمان خەلق ۋاپات بولغان ئىدى.

شۇ ۋابا سەۋەپلىك مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئەبۇ ئۇبەيدە، شۇرەھبىل ئىبنى ھەسەنە، فەزل ئىبنى ئاببااسلاردەك كاتتا ساھابەلەر ۋاپات بولغان ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولغاي!

قوي ۋاباسى – چارۋىلاردا پەيدا بولىدىغان، ئۇلارنىڭ بۇرنىدىن بىرنەرسە ئېقىپ، شۇ سەۋەبلىك ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قالىدىغان بىر خىل كېسەللىكتۇر. ۋابا بەدەندە ئېقىپ تۇرىدىغان جاراھەت پەيدا قىلغاندىن كېيىن، بىمار شۇ جاراھەت سەۋەبىدىن ۋاپات بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇزى تىلغا ئالغان ۋابانى قوي ۋاباسىغا ئوخشاتقان.

---

[38] بۇخارىي (3176).

## 7 -تۆرلۈك فىتنەلەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى

بۇ مۇشۇ زامانىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، ھازىر كىشىلەرنى تۆرلۈك فىتنەلەر ئوراپ تۇرماقتا.

مەسىلەن، (1) تېلېۋىزىيە قاناللىرى، گېزىت - ژۇرنال ۋە تور بەتلەردە چىقىۋاتقان نەرسىلەر ئارقىلىق ھەمدە كىشىلەر تېلېفونىدا كۆچۈرۈشۈپ يۈرۈۋاتقان ھارام سۈرەت، ۋىدىئولار ئارقىلىق ھارامغا قاراش فىتنەسى. كىمكى بۇ فىتنەلەرنى ئاللاھتىن قورقۇپ، ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تەرك ئېتىدىكەن ۋە يىراق تۇرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ئىماننى ئاتا قىلىدۇكى، قەلبىدە شۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى ھېس قىلالايدۇ.

(2) جازانە ۋە پارىدىن كەلگەن ماللار، ھاراق، ھارام قىلىنغان كىيىملەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھارام تاۋارلارنى سېتىشتەك ھارام مال فىتنەسى؛ چۈنكى، ھارام يېگۈچىنىڭ دۇئاسىنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھ ئۇنداق كىشىگە ئازاب ۋەدە قىلغان.

(3) ئەر - ئاياللارنىڭ ھارام كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىش فىتنەسى؛

(4) كىشىلەرنىڭ فىتنەلەرگە كۆپلەپ چۈشۈپ قېلىشى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پاك، تەقۋادار ئادەملەرنىڭ غېرىپ بولۇپ قېلىشى.

فىتنە - «سىناق ۋە ئىمتىھان» دېگەنلىك بولۇپ، شەرىئەتتە يامان كۆرۈلىدىغان ھەرقانداق ئىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارغا ھەق ئېنىق بولماي قېلىپ ھەق - ناھەقنى ئايرىيالماي قالىدىغان، ھەرقاچان بىرەر فىتنە يۈز بەرسە، مۇئمىن كىشى: «بۇ مېنىڭ ھالاكىتىم، ئەمدى تۈگەشتىم» دەپ كېتىدىغان، ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر فىتنە ئاشكارا بولىدىغان دەرىجىدىكى چوڭ فىتنەلەردىن خەبەر بەرگەن.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىلىرىغا ئوخشاش فىتنە - پاساتلار مەيدانغا كېلىدۇ. بىر كىشى مۇئمىن ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزۇپ، كافىر ھالىتىدە كەچ قىلىدۇ. مۇئمىن ھالىتىدە كەچ قىلىپ، كافىر ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئۆزىنىڭ دىنىنى دۇنيانىڭ ئازغىنە نەرسىسىگە سېتىۋېتىدۇ»[39].

بۇ ھەدىستە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار بايان قىلىنغان:

زۇلمەتلىك كېچىنىڭ پارچىلىرىدەك قاتمۇقات، سانسىز فىتنەلەر يۈز بېرىپ، كىشىلەر شۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش تەس بولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراشقا قىزىقتۇرۇلغانلىقى؛

پەيغەمبىرىمىزنىڭ شۇ فىتنەلەرنىڭ كۆلپەتلىرىدىن بىرىنى سۈپەتلەپ، كىشىنىڭ مۇئمىن ھالدا كەچ قىلىپ، كافىر ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇدىغانلىقى ياكى ئەكسىچە، مۇئمىن ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇپ، كافىر ھالدا كەچ قىلىدىغانلىقى، بۇ، فىتنەلەرنىڭ ناھايىتى چوڭ بولىدىغانلىقىدىن بولۇپ، ئىنسان بىر كۈن ئىچىدە مۇشۇنداق (نەچچە خىل) ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى.

---

[39] مۇسلىم (118).

## 8 - سۈنئىي ھەمراھ قانالىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

بۈگۈنكى كۈندە ئاسماندا خىزمەت قىلىۋاتقان سۈنئىي ھەمراھ قانالىرى 13 مىڭدىن كەم ئەمەس بولۇپ، ئۇلارغا فىتنە ۋە بالا- لار مۇجەسسەملەنگەن.

بىز ئىلگىرى ئوقۇپ ئۆتكەن «ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىلىرىغا ئوخشاش فىتنە - پاساتلار مەيدانغا كېلىدۇ... »[40] دېگەن ھەدىستە بۇ خىل فىتنەلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشارەت قىلىنغان.

شۈنىڭدەك، سۈنئىي ھەمراھ قانالىرىنىڭ شۇ خىلدىكى فىتنە - پاساتلىرى ۋە يامانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئىبنى ئەبى شەيبە «ھەدىس ۋە ئەسەرلەر توپلىمى»دا سەھىھ سەنەد بىلەن ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: «پات ئارىدا سىلەرگە ئاسماندىن يامانلىقلار چۈشىدۇ، ھەتتا ئۇ يامانلىقلار چۆل - باياۋانلارغىمۇ يېتىپ بارىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[41].

ئەرەبلەر «ئاسمان» دېگەن سۆزنى ئىنساننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىلەر ئۈچۈن قوللىنىدۇ. «لىسانۇل ئەرەب» دېگەن قامۇستا: «ئاسمان – ئۈستۈڭدە سايە تاشلىغان ھەرقانداق نەرسىدۇر» دەپ ئىزاھلانغان.

بۈگۈنكى كۈندىكى تېلېۋىزورلار سۈنئىي ھەمراھلار تارقاتقان فىتنە - پاساتلار ۋە شەرمەندىچىلىكلەرنى قوبۇل قىلىپ تارقىتىۋاتىدۇ، ھەتتا چۆل - باياۋانلاردىكى چېدىرلارمۇ بۇ فىتنەلەردىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ.

---

[40] مۇسلىم (118).

[41] ئىبنى ئەبى شەيبە (38554).

# 9 - «سىففىن ئۇرۇشى»نىڭ يۈز بېرىشى

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ يەنە بىرى بولسا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر بەرگەن، مۇسۇلمانلار بىلەن كافىرلارنىڭ ياكى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بولىدىغان ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىدۇر. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىرى «سىففىن ئۇرۇشى» بولۇپ، بۇ ئۇرۇش ھ. 36 - يىلى خەلىفە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشىمۇ ھەم قىيامەتنىڭ ئالا-مەتلىرىدىندۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ئىككى چوڭ (مۇسۇلمان) قوشۇن بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ دەۋالىرى بىر بولسىمۇ، ئارىلىرىدا چوڭ ئۇرۇش بولىدۇ› دېگەن»[42].

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بىز بۇ يەردە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ساھابەلەر ئارىسىدىكى فىتنەگە بولغان پوزىتسىيىسىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارمۇ ئىنسان، پەيغەمبەر ئەمەس، شۇڭا ئۇلاردىن باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئىجتىھادلار، خاتالىقلار، دەتالاشلار، ھەتتا ئۇرۇشلارمۇ يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا بىرلىككە كەلگەنكى، ساھابەلەر بولسا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى، ئەڭ سا-لىھلىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ توغرا يولىغا ئەڭ يېقىن بولغانلىرىدۇر، شۇنداقلا ئۇلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن دەتالاشلار ھەققىدە توختالماسلىق،

[42] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3109)؛ مۇسلىم (5142).

سەۋەبىنى ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈپ سۈرۈشتۈرمەسلىك، ئاۋام - پۇقرالار ئارىسىدا تاراتماسلىق لازىم. چۈنكى، بۇ ھەقتە توختىلىش فىتنە قوزغاپ، كۆڭۈللەرگە بولمىغۇر گۇمانلارنى سېلىپ يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 10 - خاۋارىجلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابە كىراملارنىڭ يولىغا قارشى بىر قىسىم گۇرۇھلارنىڭ چىقىشى قىيامەتنىڭ يەنە بىر ئالامىتىدۇر. ئەنە شۇ گۇرۇھلارنىڭ بىرى خاۋارىجلار گۇرۇھىدۇر. خاۋارىجلار بولسا ئىلگىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ قوشۇنى ئىچىدە بولۇپ، كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئوتتۇرىسىدىكى سۈلھ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، كۇفەگە يېقىن «ھەرۇرا» دېگەن جايغا كەتكەن كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۇلارنىڭ بىر قىسىم خاتا ئېتىقادىي قاراشلىرى:**

1. (زىنا قىلغۇچى، ھاراق ئىچكۈچى قاتارلىقلارغا ئوخشاش) چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمنى كاپىرغا چىقىرىپ، ئۇنى جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ دەپ قاراش؛ بۇ خىل قاراش ئوچۇق - ئاشكارا ئازغۇنلۇقتۇر. توغرا قاراش بولسا مۇسۇلمان بۇ گۇناھلارنى سادىر قىلسا كاپىر بولمايدۇ، بىراق ئۇ شۇ گۇناھلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاسىي، پاسىق بولىدۇ. ئۇنىڭ تەۋبە قىلىپ، گۇناھ - مەئسىيەتتىن يېنىشى زۆرۈر بولىدۇ.

2. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنى، شۇنداقلا ئۇلار ئارىسىدىكى سۈلھگە رازى بولغان كۆپلىگەن ساھابىلەرنىڭ (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) ھەممىسىنى كاپىرغا چىقىرىش؛

3. «كاپىر بولغانلىقى ئېنىق ئىسپاتلانمىغان پاسىق ھاكىملارغا قارشى چىقسا بولىدۇ» دەپ قاراش.

ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىلىم ئەھلى دەپ دەۋا قىلىدۇ، ئۆزلىرىنى ئىبادەتكە قاتتىق ئۇرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ھۆكۈملەرنى بىلمەيدۇ. زۇلخۇۋەيسىرە دېگەن كىشى شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «خۇددى ئوق يادىن چىقىپ

كەتكەندەك، ئۇلار ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ»[43] دېگەن.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاخىر زاماندا، گۆدەك، كالتە پەم بىر بۆلۈك كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان قۇرئانلىرى بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ، ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئۇلار دىنىدىن خۇددى ئوق ئوۋغا تېگىپ، ھېچنېمە يۇقماي چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ»

[43] ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھۇنەيندىن غەنىيمەت ئالغان) ئولجىلارنى تەقسىم قىلىۋاتقاندا بىز يېنىدا ئىدۇق. بەنى تەمىم قەبىلىسىلىك زۇلخۇۋەيسىرە دېگەن بىر ئادەم كېلىپ:
- يا رەسۇلەللاھ! ئادىل بولغايلا، دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ:
- ۋاي ئېسىت ساڭا! مەن ئادىللىق قىلمىسام، كىم ئادىللىق قىلار؟ مەن ئادىل بولمىسام، (ماڭا ئەگەشكەنلىكىڭ ئۈچۈن) سەن زىيان تارتىپ ۋەيران بولۇپ كەتمەمسەن؟! دېدى. ئۆمەر:
- يا رەسۇلەللاھ! ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ:
- بولدى قوي ئۇنى. ئۇنىڭ شۇنداق ھەمراھلىرى باركى، ئۇلارنىڭ ناماز ۋە روزىسى ئالدىدا ناماز ۋە روزاڭلارنى تۆۋەن چاغلاپ قالىسىلەر. ئۇلار قۇرئان ئوقۇغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ تىلاۋەتلىرى كېكىرتىكىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمەيدۇ. ئۇلار دىنىدىن خۇددى يا ئوقى ئوۋدىن (تېشىپ) چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ. ئوق ئۇچىدىكى تىغقا قارىلىدۇ. بىر نەرسە كۆرۈلمەيدۇ. تىغنى ئوققا كىرگۈزۈپ، ئۈستىدىن چىڭ چىگىۋېتىلگەن شوينىغا قارىلىدۇ. بىرنەرسە كۆرۈلمەيدۇ. ئوقنىڭ غول ياغىچىغا قارىلىدۇ. بىرنەرسە كۆرۈلمەيدۇ. ئوقنىڭ پەيلىكىگە قارىلىدۇ. بىرنەرسە كۆرۈلمەيدۇ. ۋەھالەنكى ئوق ھەقىقەتەنمۇ يېيىن (ئۈچەيدىكى پوق) بىلەن قانغا تېگىپ، بەدىنىدىن تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئالامىتى: بىر جەينىكىنىڭ ئۈستىدە ئاياللارنىڭ ئەمچىكىدەك ياكى بىر پارچە گۆشتەك لىغىلداپ تۇرىدىغان ئۆسمىسى بار قارا تەنلىك بىر ئادەمدۇر، ئۇلار مۇسۇلمانلار جامائىتى بۆلۈنگەن چاغدا چىقىدۇ، دېدى». ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدى: «مەن بۇ ھەدىسنى ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانلىقىمغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. يەنە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇرۇشقاندا مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. ئەلى ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن ھېلىقى ئادەمنى ئىزلەپ كېلىشكە بۇيرۇۋىدى، ئىزدەپ تېپىلىپ كەلتۈرۈلدى. مەن ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈپەتلەپ بەرگەن سۈپەتنىڭ دەل ئەينى بويىچە ئىكەنلىكىنى كۆردۈم». قاراڭ: بۇخارىي (3610)؛ مۇسلىم (1064).

دېگەن[44].

## خاۋارىجلارنىڭ كېلىپ چىقىشى:

«سىففىن ئۇرۇشى»دا شامىلىقلار بىلەن ئىراقلىقلار ئىككى تەرەپ (يەنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنى) ئارىسىدىكى سۈلھىگە بىرلىككە كەلگەن، «سىففىن جېڭى» ئاخىرلىشىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇفەگە قايتقاندىن كېيىن، خاۋارىجلار ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىقىپ، «ھەرۇرا» دېگەن جايغا چۇشكۈن قىلدى. ئۇلارنىڭ سانى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنى ئىچىدە سەككىز مىڭ ئىدى. بەزىلەر: «ئۇلار 16 مىڭ كىشى ئىدى» دېگەن.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاۋارىجلارنىڭ قېشىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ئەۋەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشى نەتىجىسىدە، بەزىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفەسى ئەلىگە قايتىدىن ئىتائەت قىلدى. بەزىلىرى ئازغۇنلۇقىدا قېلىۋەردى[45]. شۇنىڭ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ

---

[44] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3611)؛ مۇسلىم (2511).

[45] ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ خاۋارىجلار بىلەن قىلغان مۇنازىرىسى:

ئەبۇ زۇمەيل رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىزگە مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: ‹ھەرۇرىيلار توپىلاڭ كۆتۈرگەن ۋاقىتتا، ئۇلار بىر يەرگە يىغىلدى. ئۇلار ئالتە مىڭ كىشى ئىدى. مەن ئەلىينىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! پېشىننى ھاۋا سەل سالقىندىغاندا ئوقۇغايلا، چۈنكى مەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ سۆزلىشىپ كېلىمەن، دېگەنىدىم، ئۇ:

- مەن ساڭا (زەرەر يېتىشتىن) قورقۇپ قالىمەن، دېدى.

- ياق ئۇنداق بولمايدۇ› .

ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: ‹مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن چىقتىم ۋە يەمەننىڭ تونلىرىدىن ئەڭ چىرايلىق تونىنى كىيدىم› ». ئەبۇ زۇمەيل مۇنداق دېدى: «ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما چىرايلىق ۋە ئاۋازى ئۇنلۇك كىشى ئىدى. ئىبنى ئاببااس (سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ) مۇنداق دېدى: ‹مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇسىدا يىغىلىپ، چۈشلۈك دەم ئېلىپ تۇرغان ئىكەن. مەن ئۇلارغا سالام قىلغان ئىدىم، ئۇلار:

- ئى ئىبنى ئاببااس! سېنى قارشى ئالىمىز، (ئۇستۇڭدىكى) بۇ نېمە تون؟

دېدى. مەن:

ـ ماڭا نېمىنى ئەيىبلەيسىلەر، چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇستىدە ئەڭ چىرايلىق تونىنى كۆرگەن ئىدىم، ھالبۇكى ﴿ئېيتقىنكى، "ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن چىقىرىپ بەرگەن زىبۇزىننەتلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟"﴾(7/«ئەئراف»: 32) دېگەن ئايەت نازىل بولغان تۇرسا، دېدىم.

ـ نېمە سەۋەبتىن كەلدىڭ؟

ـ مەن يېنىڭلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت ساھابەلىرىنىڭ يېنىدىن ئۇلار ئېيتقان سۆزلىرىنى سىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم. چۈنكى، قۇرئان ئۇلارنىڭ ئۇستىگە (يەنى، ئۇلار ياشىغان مەزگىلدە) نازىل بولدى. ئۇلار ۋەھيىنى سىلەردىن ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئۇلاردىن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا بىرسىمۇ يوق.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى:

ـ قۇرەيشلىك بىلەن جېدەللەشمەڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر﴾(43/«زۇخرۇف»: 58) دېگەن، دېيىشتى› . ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: ‹مەن شۇنداق بىر كىشىلەرنىڭ يېنىغا كەلدىمكى، ئۇلاردەك قاتتىق ئىجتىھاد قىلىدىغان، ئۇيقۇسىزلىقتىن چىرايلىرى ئۆزگىرىپ كەتكەن، قوللىرى ۋە تىزلىرى قاپىرىپ كەتكەن كىشىلەرنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، (يەنى ئۇلار كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتاتتى، ھەتتاكى بۇنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدە ۋە تاشقى قىياپەتلىرىدە كۆرۈلىدىغان بولغان ئىدى (لېكىن، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ۋە ئەقىللىرى ئىلىمدىن ۋە ئىلىم ئەھلىدىن يىراق ئىدى). ئۇ يەرگە ھازىر بولغانلار بىر ئاز يىراقلاشتى ۋە ئۆزئارا: "ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ نېمە دەيدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى" دېيىشتى. مەن:

ـ ماڭا ئېيتىڭلارچۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەم كۈيئوغلىنىڭ، شۇنداقلا مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ قايسى ئىشىدىن نارازى بولدۇڭلار؟ دېدىم. ئۇلار:

ـ ئۈچ ئىشىدىن، دېدى.

ـ ئۇلار قايسىلار؟

ـ ئۇلارنىڭ بىرى، شەكسىزكى، ئۇ (ئەلى) ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدا ئەرلەرنى ھۆكۈم قىلدۇردى. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا: ﴿بارچە ھۆكۈم ئاللاھقا خاس﴾ (6/«ئەنئام»: 57) دېگەن تۇرسا، ئەرلەرنىڭ ھۆكۈم بىلەن نېمە ئىشى؟! (يەنى ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزى بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارىسىدا ساھابەلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى).

ـ بۇ بىرسى.

ـ يەنە بىرى، ئۇ (ئەلى) ئۇرۇش قىلدىيۇ، ئەسىر ۋە غەنىيمەت ئالمىدى.

دېمەككى، ئۇ كافىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەسىرلىرى ۋە غەنىيمەتلىرى ھالال بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار (ئۇرۇش قىلىنغانلار) مۇئمىن بولسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھالال بولمايدۇ.

ـ بۇ ئىككى، ئۈچىنچىسى نېمە؟

ـ ئۇ (ئەلى) ئۆزىنى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرلىكىدىن ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۇنداقتا، ئۇ كافىرلارنىڭ ئەمىرىدۇر.

ـ سىلەرنىڭ يەنە باشقا سوئالىڭلار بارمۇ؟

ـ بىزگە مۇشۇلار كۇپايە.

مەن ئۇلارغا مۇنداق دېدىم:

ـ ئېيتىپ بېقىڭلار، مەن سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىن ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىدىن سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى رەت قىلىدىغان نەرسىنى ئوقۇپ بەرسەم، رازى بولامسىلەر؟

ـ شۇنداق (رازى بولىمىز) دېدى ئۇلار.

ـ سىلەرنىڭ: "ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدا كىشىلەرنى ھۆكۇم قىلدۇردى" دېگەن سۆزۈڭلارغا كەلسەك، مەن سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ھايۋانلىرىدىن توشقان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋانلاردا، بىر دىرھەمنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئەرلەرنىڭ ھۆكۇم قىلىشىغا قويغانلىقىنى ئوقۇپ بېرىمەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەئبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر﴾(5/«مائىدە»: 95). دېمەك، سىلەردىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم سورايمەنكى، ئەرلەرنىڭ چىقارغان ھۆكمى توشقان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئوۋ ھايۋانلىرىدا ئەۋزەلمۇ ياكى كىشىلەرنىڭ قانلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش بارىسىدا ئەۋزەلمۇ؟ بىلىشىڭلار كېرەككى، ئاللاھ تائالا ئەگەر خالىسا، (بۇ مەسىلىلەردە) ئەرلەرنىڭ ھۆكۇم چىقىرىشىغا تاشلاپ قويماي، ئۆزى ھۆكۇم چىقارغان بولاتتى. ئايال كىشى ۋە ئۇنىڭ ئېرى ھەققىدىمۇ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن ھۆكۇم قىلىپ قويىدىغان بىر كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن ھۆكۇم قىلىپ قويىدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتىڭلار، ئاللاھ ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ﴾(4/«نىسائ»: 35). دېمەك، ئاللاھ تائالا ئەرلەرنىڭ ھۆكمىنى ئىشەنچلىك يول قىلدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدىممۇ؟

ـ شۇنداق (ھەل قىلدىڭ).

ـ ئەمدى سىلەرنىڭ: "ئۇ (ئەلى) ئۇرۇش قىلدىيۇ، ئەسىر ۋە غەنىيمەت ئالمىدى"

**– بارچە هۆكۈم ئاللاهقا خاستۇر، – دەپ تووۋلاشتى. ئۇلار يەنە:**

**– سەن شىرك كەلتۈردۈڭ، كىشىلەرنى هۆكۈم قىلغۇچى قىلدىڭ، ئاللاهنىڭ كىتابى بويىچە هۆكۈم قىلمىدىڭ، – دېيىشتى. ئەلى ئۇلارغا:**

---

دېگەن سۆزۈڭلارغا كەلسەك، سىلەر ئاناڭلار ئائىشەنى ئەسىر ئالامسىلەر، ئاندىن ئۇنىڭ غەيرىگە هالال سانالغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا هالال سانامسىلەر؟ ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار كافىر بولىسىلەر، چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ ئاناڭلاردۇر. ئەگەر ئۇ (ئائىشە) بىزنىڭ ئانىمىز ئەمەس، دېسەڭلار يەنە كافىر بولىسىلەر. چۈنكى، ئاللاه تائالا: ﴿پەيغەمبەر مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىلىرىدىنمۇ چارىدۇر، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر﴾(33/«ئەهزاب»: 6) دېگەن. دېمەك، سىلەر ئىككى ئازغۇنلۇقنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، بۇ ئىككى ئازغۇنلۇقنىڭ قايسىبىرىنى تۇتساڭلار، ئازغۇنلۇققا پاتىسىلەر دېگىنىمدە، ئۇلار بىر - بىرىگە قاراشتى. مەن:
– بۇ مەسىلىنى هەل قىلدىممۇ؟ دېدىم. ئۇلار:
– شۇنداق (هەل قىلدىڭ)، دېيىشتى.
– ئەمدى سىلەرنىڭ: "ئۇ (ئەلى) ئۆزىنىڭ ئىسمىنى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرلىكىدىن ئۆچۈرۈۋەتتى" دېگەن سۆزۈڭلارغا كەلسەك، مەن سىلەرگە سىلەر رازى بولىدىغان زاتنىڭ ئىشىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈرىمەن. سىلەر ئاڭلىغان بىر ئىش، پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم هۇدەيبىيە كۈنى سۇهەيل ئىبنى ئەمر، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى هەربلەر بىلەن كېلىشىمنامە يېزىشقاندا، پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە: "ئى ئەلى: بۇ ئاللاه تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇهەممەدنىڭ تۈزگەن سۈلهىسىدۇر، دەپ يازغىن" دېدى. مۇشرىكلار: "ياق، ئاللاه بىلەن قەسەمكى، بىز سېنىڭ ئاللاهنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيمىز، ئەگەر سېنىڭ ئاللاهنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن بولساق سەن بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان بولاتتۇق" دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: "ئى ئاللاه! شەكسىزكى، سەن مېنىڭ ئاللاهنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن، ئى ئەلى! بۇ مۇهەممەد ئىبنى ئابدۇللاهنىڭ تۈزگەن سۈلهىسىدۇر" دەپ يازغىن.
دېمەك، ئاللاه بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ئاللاه تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئەلىدىن ياخشىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۆزىدىن پەيغەمبەرلىكنى (ئاللاهنىڭ پەيغەمبىرى دېگەن نامنى) ئېلىۋەتكەن چاغدا، ئۆزىنى پەيغەمبەرلىكتىن چىقىرىۋەتكەن بولمىدى› .
ئابدۇللاه ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇما مۇنداق دېدى: ‹ئۇ كىشىلەردىن ئىككى مىڭ كىشى قايتىپ كەتتى. قالغانلىرى ئازغۇن هالىتىدە ئۆلتۈرۈلدى› ».
بۇ ۋەقەلىكنى ئىمام ئابدۇرراززاق (18678)، هاكىم («ئەلمۇستەدرەك»، 2656) رىۋايەت قىلغان. هاكىم: «ئىمام مۇسلىم شەرتى بويىچە سەهىه» دېگەن.

– بىزنىڭ ئۈستىمىزدە سىلەرنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ھەققىڭلار بار: سىلەرنى مەسجىدلەردىن توسمايمىز، غەنىيمەتلەردىكى نېسىۋەڭلاردىن چەكلىمەيمىز، بۇزغۇنچىلىق قىلمىساڭلارلا، بىز سىلەرگە ئاۋۋال ئۇرۇش ئاچمايمىز، – دېدى[46].

كېيىن ئۇلار توپلىشىپ، يېنىدىن ئۆتكەنلىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈردى. ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى خەبباب ئىبنى ئەرەتنى ئۆلتۈرۈپ، ئايالىنىڭ قورسىقىنى يېرىۋەتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىشتىن خەبەر تېپىپ ئۇلاردىن:

– ئۇنى كىم ئۆلتۈردى؟ – دەپ سورىدى، ئۇلار:

– بىز ھەممىمىز ئۆلتۈردۇق، – دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ھازىرلاندى، ئۇلار بىلەن «نەھرەۋان» دېگەن جايدا ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى.

[46] بەيھەقىي: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا» ، 184/8.

## 11 -پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغۇچى يالغانچى دەججاللارنىڭ چىقىشى

پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ، يالغانچىلىقلىرى بىلەن فىتنە - پاساتلارنى قوزغايدىغان يالغانچى دەججاللارنىڭ چىقىشىمۇ قىيامەتنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئوتتۇزغا يېقىن ئىكەنلىكىدىن خەبەر بېرىپ: «ھەربىرى ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئاتىۋالىدىغان ئوتتۇزغا يېقىن يالغانچى دەججال چىقمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» دېگەن[47].

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇ ئالامەت يۈز بېرىپ بولغان بولۇپ، قەدىمكى ھەم يېقىنقى زامانلاردا پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغۇچىلار كۆپ كۆرۈلگەن. كاززاب، يەكچەشمە دەججال (ئاللاھقا سىغىنىپ ئۇنىڭ فىتنەسىدىن پاناھ تىلەيمىز) چىققانغا قەدەر باشقا كاززابلار چىقىپ تۇرۇشى مۇمكىن. رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېگەن: «ئوتتۇز نەپەر كاززاب چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى يەكچەشمە كاززاب (دەججال) بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[48].

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئۈممىتىمدىن بىرقانچە قەبىلە مۇشرىكلارغا ئەگەشمىگۈچە، بىرقانچە قەبىلە بۇتلارغا چوقۇنمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئۈممىتىمدىن ئوتتۇز كاززاب چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ دەۋا قىلىدۇ. ھالبۇكى مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇرمەن، مەندىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ»[49].

---

[47] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3609)؛ مۇسلىم (5205).

[48] ئەھمەد ، (20190). ھاكىم: «سەھىھ» دېگەن.

[49] ئەبۇ داۋۇد (4242)؛ تىرمىزىي (2219). تىرمىزىيمۇ: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغۇچى 27 نەپەر ئادەمنىڭ چىقىدىغانلىقى، ئۇلاردىن تۆتىنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكى ھەمدە ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ ئاتىۋالىدىغانلىقىنى خەبەر قىلغان.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن 27 نەپەر يالغانچى دەججال چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ تۆتى ئايال بولىدۇ. مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىمەن. مەندىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر بولمايدۇ»[50].

ئىلگىرى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان كۆپلىگەن ئادەملەر مەيدانغا كەلگەن:

**1.** پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلاردىن ئەسۋەدۇل ئەنسىي؛ ئۇ، يەمەندە مۇرتەد بولۇپ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان. ئۇنىڭ مۇرتەدلىكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا ئىسلامدىكى تۇنجى مۇرتەدلىك ئىدى. ئۇ ئەسكەرلىرى بىلەن قوزغىلىپ، 3 ~ 4 ئاي جەريانىدا يەمەننىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ يەمەندىكى مۇسۇلمانلارغا ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇپ خەت ئەۋەتتى. ئۇلار ئاۋاز قوشۇپ، ئەسۋەدەل ئەنسىينى ئۆز ئۆيىدە ئايالىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆلتۈردى. بۇ ئايال ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىشىنىدىغان مۆئمىن ئايال بولۇپ، ئۇ بۇ ئايالىنى ئېرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ زورلۇق بىلەن ئەمرىگە ئېلىۋالغان ئىدى. ئەسۋەدەل ئەنسىينىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن يەمەندە ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇزى قايتىدىن تىكلەندى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا بۇ خەبەرنى يېزىپ ئەۋەتتى. ھالبۇكى رەسۇلۇللاھقا شۇ كېچىدە ئاسماندىن خەبەر كەلگەن بولۇپ، ساھابىلىرىگە بۇنى خەبەر قىلغان ئىدى. بۇ كاززابنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بۇ كاززاب باش كۆتۈرۈپ چىققان ۋاقىتتىن تارتىپ ئۆلتۈرۈلگۈچە ئۈچ ئاي داۋاملاشقان ئىدى. بەزىلەر: «تۆت ئاي داۋاملاشقان

[50] ئەھمەد (23406). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

ئىدى» دېگەن.

2. تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد ئەلئەسەدىي؛ ئۇ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم جەڭ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ياخشى مۇسۇلمان بولدى. ئۇ مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، ئاللاھ يولىدا قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، نەھاۋەندى دېگەن جايدا شەھىد بولدى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

3. مۇسەيلەمەتۇل كاززاب (كاززاب مۇسەيلەمە)؛ ئۇ ئۆزىگە قاراڭغۇدا ۋەھيى كېلىدۇ دەپ دەۋا قىلاتتى. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قېشىغا خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھل ۋە شۇرەھبىل ئىبنى ھەسەنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتتى. مۇسەيلەمە ئۇلارنى 40 مىڭ ئادەملىك زور قوشۇن بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئارىسىدا شىددەتلىك جەڭلەر بولدى، جەڭدە مۇسەيلەمە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، كاززاب مۇسەيلەمە ۋەھشى ئىبنى ھەربىنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى. ھەقىقەت غەلىبە قىلىپ، تەۋھىد بايرىقى تىكلەندى.

4. سەجاھ بىنتى ھارىس؛ ئۇ تەغلىب قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئەرەب خرىستىيانلىرىدىن ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆز خەلقى ۋە ئۇلاردىن باشقا نۇرغۇن كىشىلەر قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. ئۇ بۇلارنىڭ ياردىمىدە قوشنا قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يۈرۈش قىلىپ يەمامەگە يېتىپ كەلگەندە، كاززاب مۇسەيلەمە بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنى تەستىقلاپ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولدى. مۇسەيلەمە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ، قەۋمى تەغلىب قەبىلىسى ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ياخشى مۇسۇلمان بولدى، كېيىن بەسرەگە قايتىپ، شۇ جايدا ۋاپات بولدى.

5. تابىئىنلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەر دەۋرىدە پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلاردىن مۇختار ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيد ئەسسەقەفىي؛ ئۇ دەسلەپتە شىئە مەزھىبىدىكى كىشىدەك مەيدانغا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن شىئە مەزھىبىدىكى نۇرغۇن جامائەت ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى، ئۇ «جىبرىل

ئەلەيھىسسالام ماڭا ۋەھيى ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ دەۋا قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن مۇسەيلىمە ئىبنى زۇبەير ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە جەڭلەر بولغان بولۇپ، ئۇ شۇ جەڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆلتۈرۈلدى.

**6**. كاززاب ھارىس ئىبنى سەئىد: ئۇ دەمەشقتە ئىبادەتكار قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كېيىن ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىۋالدى. ئۇ بۇ خەبەرنىڭ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا يېتىپ بارغانلىقىنى بىلىپ يوشۇرۇنۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بەسرەلىك بىر كىشى ئۇنىڭ (يوشۇرۇنغان) جايىنى بىلىۋېلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنگەن قىياپەتتە كۆرسەتتى، ھارىس بۇ كىشىنى ھەر ۋاقىت يېنىغا كىرىشتىن توسماسلىقنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى بۇ خەبەرنى ئابدۇلمەلىككە يەتكۈزدى. ئابدۇلمەلىك ئۇ كىشى بىلەن ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. ھارىس ئابدۇلمەلىكنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىنگەندە ئابدۇلمەلىك فىقھشۇناسلار ۋە ئەھلى ئۆلىمالاردىن بىرقانچە كىشىنى ئۇنىڭغا ۋەز - نەسىھەت قىلىپ، بۇ ئىشنىڭ شەيتاننىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئەمما، ئۇ ئۇلارنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمىدى، شۇنداقلا تەۋبە قىلىشقا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمەلىك ئۇنى ئۆلتۈردى.

**7**. يېقىنقى دەۋردە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ھىندىستاندا مىرزا غۇلام ئەھمەد قادىيانىي دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىپ مەيدانغا چىقتى. ئۇ «ماڭا ئاسماندىن ۋەھيى كېلىدۇ» دەپ بىلجىرلايتتى، شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە سەكسەن يىل ئۆمۈر بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلاتتى. بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆلىمالار بەس - بەستە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بەردى ۋە كىشىلەرگە ئۇنىڭ يالغانچى كاززاب ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدا بۈيۈك ئالىم سەنائۇللاھ ئامىر تۈسەرىيمۇ بار بولۇپ، ئۇ بۇ كاززابقا ئەڭ قاتتىق قارشى تۇرغان ئۆلىما ئىدى. ھ. **1326** / م. **1908** - يىلىغا كەلگەندە، قادىيانىي شەيخ سانائۇللاھقا: «ئىككىمىزدىن كىم يالغان توقۇغان، يالغانچى بولسا، شۇ پات يېقىندا ئۆلىدۇ» دەپ قارشىلاشتى. شەيخ سانائۇللاھ ئاللاھ تائالادىن بۇ ناھەق ئىش قىلغۇچىنى جىنىدىن جۇدا قىلىشىنى، ئۇنى ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ، شۇ

كېسەلدە ئۆلۈشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن شەيخنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولدى. قادىيانىينىڭ قېيىن ئاتىسى ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كېسەلنى ئىغىرلاپ مېنى ئويغاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ماڭا: ‹خولېرا كېسەلگە گىرىپتار بوپتىمەن› دېدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئېغىزمۇ ئۇچۇق سۆز قىلالماستىن ئۆلۈپ كەتتى».

يالغانچى - كاززابلار راستچىل، ئىشەنچلىك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر بەرگەن سانغا توشمىغۇچە، بىر - بىرلەپ توختىماستىن چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرى مەسىھ دەججالنىڭ زامان ئاخىرىدا چىقىشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ فىتنەسىنى بەربات قىلىدۇ[51].

بۇ مەسىلىدىكى مۈجمەللىك:

ئېھتىمال بەزىلەر: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغۇچىلار ئوتتۇز دەپ خەبەر بەرگەن ئىدى، بىراق تارىخ ۋە ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ سانىنىڭ بۇنىڭدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى» دېيىشى مۇمكىن.

جاۋاب: «(ھەدىستە كۆرسىتىلگەن) پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغۇچى بۇ ئوتتۇز نەپەر كىشىنىڭ شان - شۆھرىتى، پۇل - مېلى ۋە مۇئەييەن مىقداردا ئەگەشكۈچىلىرى بار بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا بۇنداق ھالەتكە يەتمىگەنلەر بۇلارنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ».

---

[51] دەججال ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى مەزمۇنلار «قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى» دېگەن بۆلەكتىكى (1) - ، (2) - نومۇرلۇق ئالامەتلەر دېگەن ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ.

## 12 -خاتىرجەملىك ۋە باياشاتلىقنىڭ ئومۇملىششى

مۇسۇلمانلار ئۇرۇش - جەڭلەرنى كۆتۈش، دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇش بىلەن مەككە ۋە مەدىنەدە بىر مەزگىل ياشىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىيامەتنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى، خاتىرجەملىك ۋە باياشاتلىقنىڭ كۆپىيىدىغانلىقىنى خەبەر قىلىپ:

– ئەرەب دىيارى باغۇ - بوستانلىق ۋە دەريالىق ھالىتىگە قايتمىغۇچە، ئىراق بىلەن مەككە ئارىسىدىكى يولۇچى يولدىن ئېزىپ قېلىشتىن باشقىسىدىن قورقماي ماڭمىغۇچە، ھەرج كۆپەيمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، – دېۋىدى، ساھابەلەر:

– ئى رەسۇلۇللاھ، ھەرج دېگەن نېمە؟! – دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– (ھەرج دېگەن) ئۆلتۈرۈش، – دەپ جاۋاب بەردى[52]. بۇ مەزمۇننى يەنە ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەتمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

– ئى ئەدىي! سەن ھىيرەنى[53] كۆرۈپ باققانمۇ؟ – دېۋىدى، مەن:

– ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما شۇنداق بىر شەھەر بار دەپ ئاڭلىغان، – دېسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئەگەر ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا، ئايال كىشىنىڭ ھىرەدىن يولغا چىقىپ، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماي (خاتىرجەم ھالدا) يول يۈرۈپ، كەئبەنى تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى چوقۇم كۆرىسەن، – دېگەن

[52] ئەھمەد (8819). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[53] كۇفەگە ئۈچ مىل كېلىدىغان ئىراقتىكى بىر شەھەر.

**ئىدى»[54].**

**ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ماللار كۆپىيىپ، تولۇپ تاشىدۇ، مەھدىي مەيدانغا كېلىپ ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەن ۋاقىتلاردا ئېزىلىش ۋە زۇلۇمنىڭ ئورنىنى ئادالەت ئالىدۇ. ۋەللاھۇ ئەئلەم[55].**

[54] بۇخارىي (3595).

[55] مەھدىي ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئائىت مەزمۇنلار كىچىك ئالامەتلەردىن 131 - نومۇرلۇق ئالامەت بىلەن چوڭ ئالامەتلەردىن 2 - نومۇرلۇق ئالامەت تېمىلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 13 - ھىجازدىن بىر ئوتنىڭ چىقىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر قىلغان قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئەتراپىدىكى ھىجاز زېمىنىدىن بىر ئوتنىڭ چىقىشىدۇر. بىر قىسىم ئالىملار ۋە تارىخچىلار بۇ ئالامەتنىڭ ھ. 654 / م. 1256 - يىلى بولغانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ.

ھافىز ئىبنى كەسىر بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھەدىستە كەلگەندەك ھىجاز زېمىنىدىن بىر ئوت چىقىپ، ئۇنىڭ يورۇقىدىن بۇسرادىكى[56] تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرى يورۇپ كەتكەن ئەھۋال بولغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ‹ھىجاز زېمىنىدىن بىر ئوت چىقىپ، بۇسرادىكى تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرىنى يورۇتمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ›[57]. بەزىلەر: ‹بۇ ئوت ئۈچ ئاي يانغان بولۇپ، شەھەر ئاياللىرى ئوتنىڭ يورۇقىدا غەزەل توقۇشاتتى› دېگەن»[58].

ئەبۇ شامە بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «ھىجرىيە 654 - يىلى جۇمادىيەل ئاخىرنىڭ ئۈچىنچى كۈنى چارشەنبە كېچىسى[59] مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە قاتتىق گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلىنىپ، يەر تەۋرەش يۈز بەردى. بۇ يەر تەۋرەش شۇ ئاينىڭ جۈمە كۈنىگىچە داۋاملاشقان بولۇپ، يەرلەر، كۆللەر، تام - تورۇسلار، ياغاچلار، ئىشىكلەر پات - پات تەۋرەپ تۇردى. كېيىن بەنى قۇرەيزەگە يېقىن ھەررە دېگەن ئورۇندا غايەت زور ئوت پەيدا بولدى. بىز بۇ ئوتنى مەدىنەدىكى ئۆيلىرىمىزدىن كۆردۇق، ئۇ ئوت گوياكى قەسىردەك يالقۇنلىرىنى چاچرىتىپ، شەزا ۋادىسىغا ئوت كەلكۈندەك ئاقماقتا ئىدى»[60].

---

[56] «بۇسرا» ھازىرقى سۇرىيەنىڭ «ھۇران» شەھىرى.

[57] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7118)؛ مۇسلىم (2902).

[58] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە» ، 199/13.

[59] مىلادىيە 1256 - يىلى، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

[60] قۇرتۇبىي: «ئەتتەزكىرە» ، 527 - بەت.

## 14 -تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشۇش

ئىلگىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلار بىلەن باشقىلار ئارىسىدا يۈز بېرىدىغانلىقىنى (ئالدىنئالا) خەبەر بەرگەن ئۇرۇش ۋە جەڭلەرنىڭ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق. شۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىرى مۇسۇلمانلار بىلەن تۈركلەر[61] ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتۇر. بۇ ئۇرۇش ساھابەلەر زامانىدا، ئۇمەييە خەلىفەلىكىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە بولغان بولۇپ، ئۇلار تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇلاردىن غەنىيمەتلەر ئالغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر كۆزلىرى كىچىك، قىزىل يۈزلۈك، بۇرۇنلىرى پاناق، يۈزلىرى خۇددى چەم بىلەن قاپلانغان قالقاندەك كەڭ تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ، سىلەر تاكى يۇڭ كەشلەرنى كىيىدىغان بىر قەۋم بىلەن ئۇرۇشمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[62].

ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان تۈركلەردىن موڭغۇللار مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ھ. 656 / م. 1258 - يىلى ئىسلام دۆلەتلىرىنى بېسىۋېلىپ قان تۆككەن، لېكىن ئۇلار ئاخىرىدا ئىسلامغا كىرگەن.

[61] تۈركلەر 22 قەبىلە بولۇپ، زۇلقەرنەيىن 21 قەبىلىگە توساق بىنا قىلىپ، بىر قەبىلىنى يەنى «تۈرك»لەرنى تاشلاپ قويغان. ئۇلار زۇلقەرنەيىننىڭ توسىقى سىرتىدا تەرك قىلىنىپ، باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرگە توسۇۋېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن «تۈرك (تاشلانغان، تەرك ئېتىلگەن)لەر» دەپ ئاتالغان. قاراڭ: «مىرقاتۇل مەفاتىھ»، 392/15.

[62] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2928)؛ مۇسلىم (5184).

## 15 ـ كىشىلەرنى قامچىلايدىغان زالىملارنىڭ مەيدانغا كېلىشى

ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىمىز خەبەر قىلغان قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بىرى بولسا كالا قۇيرۇقىغا ئوخشايدىغان، ھەر تۈرلۈك تېرە، تۆك، رېزىنكە، دەرەخ شاخلىرى ۋە باشقا نەرسىلەردىن بولغان قامچىلار بىلەن كىشىلەرنى ئۇرىدىغان زالىم ھاكىملارنىڭ قولچوماقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدۇر.

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاخىر زاماندا ئاللاھنىڭ نارازىلىقىدا تاڭ ئاتقۇزۇپ، غەزىپىدە كەچ قىلىدىغان، قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچىلارنى تۇتۇۋالىدىغان كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇ» دېگەن[63].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈممىتىمدىن (دوزاخ ئەھلى بولغان) ئىككى تۈرلۈك ئادەملەر بار بولۇپ، ئۇلار تېخى دۇنياغا كەلمىدى... (بىرى) قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچىلارنى تۇتۇۋېلىپ كىشىلەر-نى ئۇرىدىغان ئادەملەر...» دېگەن[64].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر ئۆمرۈڭ ياشىيالىساڭ، پات ئارىدا ئاللاھنىڭ نارازىلىقىدا تاڭ ئاتقۇزۇپ، لەنىتىدە كەچ قىلىدىغان، قوللىرىدا كالا قۇيرۇقىغا ئوخشايدىغان بىرنەرسىلەرنى تۇتۇۋالغان كىشىلەرنى كۆرىسەن» دېگەن[65].

بۇ ھەدىس ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئۇرىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نارازىلىق ۋە لەنەتكە قالىدىغانلىقى

[63] ئەھمەد (22204). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى ھەسەن» دېگەن.

[64] مۇسلىم (2128).

[65] مۇسلىم (2857).

ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە قىلغان تاجاۋۇزى ۋە زۇلۇمىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 16 - ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىيىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بايان قىلغان قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بىرى ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىيىشى بولۇپ، ھەتتا بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۆلتۈرگۈچى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلمەيدىغان كۈن كەلمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، – دېدى.

– ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ قانداق بولىدۇ؟ – دەپ سورىلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– فىتنە سەۋەبىدىن بولىدۇ، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلگۈچى دوزاختا چۈشىدۇ، – دەپ جاۋاب بەردى»[66].

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن فىتنە باشلاندى، سەۋەبسىز ئۇرۇشلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۈگۈنكى كۈندە دەھشەتلىك ئۇرۇشلارغا خىزمەت قىلىدىغان ۋەيران قىلغۇچى قوراللارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ مىڭلارچە ئىنسانلار بۇ ئۇرۇشنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندى.

### مانا بۇ بىر قىسىم ئۇرۇشلاردا ۋاپات بولغانلار ستاتىستىكىسى:

1. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا: 15 مىليون؛
2. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا: 55 مىليون؛

---

[66] مۇسلىم (2908).

**3.** ۋېيتنام ئۇرۇشىدا: ئۈچ مىليون؛

**4.** روسىيە ئىچكى ئۇرۇشىدا: ئون مىليون؛

**5.** ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىدا: 12 مىليون؛

**6.** ئىراق - ئىران ئۇرۇشى (بىرىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشى) دا: بىر مىليون؛

**7.** ئىراق ئۇرۇشىدا: بىر مىليوندىن كۆپرەك.

بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىر قىسمىلىرىغا «ئۆلتۈرگۈچى نىمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەيدۇ» دېگەن ھەدىسنى ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ تارقىلىشى ۋە كۆپىيىشىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈپ قويدۇم.

## 17 -ئامانەتنىڭ زايە بولۇپ، قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى

كىشىلەرنى مۇناسىپ ئورۇنغا قويۇش ئۇممەتنىڭ دەۋر سۈرۈشى، يۇرت ۋە خەلقنىڭ گۈللىنىشى ۋە مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئامانەت زايە بولغاندا تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ، كىشىلەرنىڭ راھىتى يوقايدۇ، قابىلىيەتسىزلەر باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ - دە، قالايمىقانچىلىق باشلىنىدۇ. مانا بۇلارنىڭ يۈز بېرىشىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر قىلغان.

ئامانەتنىڭ زايە بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا كىشىلەرنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلىشىدۇر.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: ‹ئامانەت بولسا كىشىلەرنىڭ قەلب يىلتىزىغا (ئاللاھ تەرىپىدىن قۇرئان چۈشمەي تۇرۇپلا) ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئاندىن قۇرئان نازىل بولغان بولۇپ، كىشىلەر قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئامانەتنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى› دەپ سۆزلەپ بەردى. ئاندىن بىزگە ئامانەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى توغرىسىدا سۆزلەپ: ‹كىشى ئۇخلاپ قالغاندا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ سەل - پەل ئىزى قالىدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە ئۇخلايدۇ - دە، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى پۇتىنىڭ ئۈستىدىكى دۈگىلەپ چۈشكەن چوغ پەيدا قىلغان قاپارتمىنىڭ ئىزىغا ئوخشاش ئىزى قالىدۇ. قاراپ باقساڭ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچنېمە يوق بولۇپ چىقىدۇ› دېدى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تال كىچىك تاشنى ئېلىپ، پۇتىنىڭ ئۈستىدە يۇمىلىتىپ كۆرسىتىپ قويدى. ‹ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن كىشىلەر سودا - سېتىق قىلىشسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر ئىشەنچلىك ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ. ھەتتاكى شۇ ھالەتتە كىشىلەرگە "پالانى ئەۋلادتا بىر ئىشەنچلىك ئادەم بار ئىكەن" دېيىلسە، كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىتا:

”نېمىدېگەن باتۇر! نېمىدېگەن قالتىس! نېمىدېگەن ئەقىللىق!“ دەپ ئاپىرىن ئوقۇپ كېتىشىدۇ. ھەقىقەتتە ئاشۇ ماختىلىۋاتقان كىشىنىڭ قەلبىدە قىچا چاغلىق ئىمان يوق› دېگەنىدى.

مېنىڭ بېشىمدىن شۇنداق كۈنلەر ئۆتكەن ئىدىكى، ئۇ چاغدا قايسىبىرىڭلار بىلەن سودا - سېتىق قىلسام پەرۋا قىلمايتتىم. مەن مۇئامىلە قىلىشقان كىشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ دىيانىتى ماڭا ئۇنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن توساتتى. ئەگەر خرىستىيان ياكى يەھۇدىي بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ باشلىقى ئۇنى ماڭا خىيانەت قىلىشتىن توساتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كېلىدىغان بولساق، مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلار-دىكى پەقەت پالانى ۋە پالانىلار بىلەنلا ئېلىش - بېرىش قىلالايمەن»[67].

كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، نائەھلىلەر ئىشقا قويۇلىدىغان بولۇپ كېتىپ ئامانەت زايە بولسا قىيامەت يېقىنلىشىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئولتۇرۇشتا خەلققە سۆز قىلىۋاتاتتى. بىر ئەئرابىي كېلىپ:

- قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي سۆزلەۋەردى. بەزىلەر ‹پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەئرابىينىڭ سوئالىنى ئاڭلىدىيۇ، ئۇنى ياقتۇرمىدى› دېسە، بەزىلەر ‹ئۇنى ئاڭلىمىدى› دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن:

- قىيامەت توغرۇلۇق سورىغۇچى قېنى؟ - دېدى. ئەئرابىي:

- مانا مەن، ئى رەسۇلۇللاھ! - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئىش شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەملەرگە تاپشۇرۇلىدىغان چاغلاردا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ، - دېدى»[68].

---

[67] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6497)؛ مۇسلىم (206).

[68] بۇخارىي (59).

بۇ ئالامەت بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزغا تامامەن ئۇيغۇن بولۇپ، ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار بولغان مەنسەپلەردە، ئۇنىۋېرسىتېت، مىنىستىرلىقلاردا كۆپلىگەن ئورۇنلارغا لاياقەتلىك، ئىشەنچلىك، ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان قابىلىيەتلىك كىشىلەر باشلىق قىلىپ تەيىنلەنمەي، بەلكى چوڭ باشلىقلارنىڭ تونۇشلىرى، ياكى ئۆزئارا پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغانلار ۋەياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان كىشىلەر تەيىنلەنمەكتە.

شۇنداق... «ئىش شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەملەرگە تاپشۇرۇلىدىغان بولۇپ كەتكەن چاغدا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ».

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 18 - ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش

مۇسۇلمانلار مۇپتىلا بولغان ئەڭ چوڭ فىتنەلەرنىڭ بىرى بولسا يەھۇدىي، خىرىستىيان ۋە باشقا كافىرلارغا ئۇلارنىڭ ئادەتلىرى ۋە ئەخلاقلىرىدا ئوخشاش بولۇۋېلىش ۋە قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش فىتنەسىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز ئۈممىتىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ ھاياتى، تەبىئىتى ۋە ئادەتلىرىدە يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئازغۇنلارنى تەقلىد قىلىدىغانلىقىنى خەبەر قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئۈممىتىم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىلەرگە بىر غېرىچ - بىر غېرىچ، بىر غۇلاچ - بىر غۇلاچ ئەگەشمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، – دېدى. شۇنىڭ بىلەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار پارسلار ۋە رۇملۇقلارمۇ؟ – دېيىلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئۇلاردىن باشقا كىم بولسۇن، – دەپ جاۋاب بەردى»[69].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاگاھلاندۇرغان ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى يۈز بېرىپ بولدى. قالغانلىرى ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك پات يېقىندا يۈز بېرىدۇ.

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[69] بۇخارىي (7319).

– سىلەر چوقۇم ئىلگىرىكىلەرنىڭ يوللىرىغا بىر غېرىچ - بىر غېرىچ، بىر غۇلاچ - بىر غۇلاچ ئەگىشىسىلەر، ھەتتا ئۇلار كېلەرنىڭ تۆشۈكىگە كىرسىمۇ، ئۇلارغا چوقۇم ئەگىشىسىلەر، – دېدى. بىز:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار (يەنى بىزدىن ئىلگىرىكىلەر) يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارمۇ؟ – دەپ سورىساق، رەسۇلۇللاھ:

– (ئۇلاردىن باشقا) كىم بولاتتى؟! – دېگەن ئىدى»[70].

قازى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان غېرىچ، غۇلاچ ۋە تۆشۈككە كىرىشلەر ئۇلارغا تەقلىد قىلىش ۋە ئەگىشىشكە مىسال قىلىنغان»[71].

يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارغا (دىنىمىزدا) يامان كۆرۈلىدىغان ھالدا تەقلىد قىلىش دېگەنلىكتىن ئۇلار بىلەن ئۆزئارا ئىلمىي تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش، دىنىمىزغا مۇخالىپ كەلمەيدىغان كەشپىياتلىرى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق ئىشلار مەقسەت قىلىنمايدۇ.

يامان كۆرۈلىدىغان تەقلىدچىلىك بولسا ئۇلارنىڭ دىنىمىزغا مۇخالىپ بولغان كىيىم - كېچەك، ئۆرپ - ئادەت، چەكلىمىسىز ئارىلىشىش ۋە قىز-ئاياللارنىڭ ھىجاپلانماسلىقىغا ئوخشاش ئىجتىمائىي مۇئامىلىلىرى، جازانە ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىنى تەقلىد قىلىشىمىزدۇر.

[70] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3456)؛ مۇسلىم (2669).

[71] «فەتھۇلبارىي» ، 387/20.

# 19 ـ دېدەكنىڭ خوجايىننى تۇغۇشى

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە بىرى دېدەك ئايالنىڭ ئۆزىگە خوجايىنلىق قىلىدىغان بالىنى تۇغۇشىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا ھەر كىشى ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى دېدەك ئايال بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدۇ. ئاندىن دېدەك ھامىلىدار بولۇپ بالا تۇغىدۇ؛ بۇ بالا دادىسى تىرىك ۋاقتىدىلا ھۆر بولۇپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى يەنىلا دادىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى دېدەك ھالىتىدە تۇرۇۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا ئانىسىغا نىسبەتەن خوجايىن ئورنىدا بولغان بولىدۇ.

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «جىبرىل پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىيامەت ھەققىدە سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ‹ساڭا قىيامەتنىڭ ئالدىن بولىدىغان ئالامەتلىرىنى ئېيتىپ بېرەي: دېدەكنىڭ خوجايىننى تۇغۇشى (بۇ ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر)› دېگەن»[72].

بەزىلەر: «بۇنىڭ مەنىسى بولسا دېدەكلەرنىڭ پادىشاھلارنى تۇغۇشى، شۇنىڭ بىلەن ئانىلارنىڭ پادىشاھلارنىڭ پۇقرالىرىدىن بولۇپ، پادىشاھلارنىڭ بولسا پۇقرالارنىڭ خوجايىنى بولۇشىدۇر» دېگەن.

---

[72] مۇسلىم (8).

# 20 -كىيىم كىيگەن يالىڭاچ ئاياللارنىڭ پەيدا بولۇشى

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە بىرسى، ياسىنىش ۋە ئۇچۇق كىيىملەرنى كىيىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى بولۇپ، بەزى ئاياللار تارلىقىدىن بەدىنىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ قويىدىغان ياكى نېپىزلىكىدىن ماڭغان ۋە ئولتۇرغان چاغلاردا ئەۋرەتلىرى كۆرۈنۈپ قالىدىغان كىيىملەر بىلەن سىرتلارغا چىقىدۇ. بۇنداقلار كۆرۈنۈشتە كىيىم كىيگەن بولسىمۇ، ئەمما كىيىملىرىنىڭ تارلىقى، ئەۋرەت جايلىرى ۋە زىننەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈپ قالغانلىقى سەۋەبلىك يالىڭاچ ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن (تېخى دۇنيادا) كۆرۈپ باقمىغان ئىككى تۈرلۈك دوزاخ ئەھلى بار: بىرى، قوللىرىدا كالا قۇيرۇقىغا ئوخشاش قامچىلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ كىشىلەرنى ئۇرىدىغان ئادەملەر؛ يەنە بىرى، كىيىنگەن ئەمما يالىڭاچ، (كىشىلەرنى) يولدىن چىقارغۇچى ۋە يولدىن چىققۇچى، چاچلىرى تۆگىنىڭ لوككىسىدەك تۇرىدىغان ئاياللار بولۇپ، ئۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى، جەننەتنىڭ پۇرىقى يىراق جايلاردىنمۇ پۇراپ تۇرىدۇ»[73].

---

[73] مۇسلىم (2128).

## 21 -قوي باقىدىغان يالاڭ ئاياغ كەمبەغەللەرنىڭ بىنا سېلىشتا بەسلىشىدىغان بولۇپ كېتىشى

قىيامەتنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر بەرگەن ۋە هازىر كۆرۈلگەن بىر ئالامىتى بولسا بۇرۇنقى قوي باقىدىغان يالاڭ ئاياغ كەمبەغەل كىشىلەرنىڭ بىنا سېلىش ۋە ئۆيلەرنى بېزەشتە بەسلىشىدىغان بولۇپ كېتىشىدۇر. بۇ ئىشلار مۇسۇلمانلار نۇرغۇن غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، پۇل - ماللىرى كۆپىيىپ، دۇنيا ئىشلىرىدا بەسلىشىدىغان بولۇپ كېتىشى ئەۋج ئالغاندىن كېيىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان، جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىسلام، ئىمان، ئېھسان ۋە ئاخىرەت توغرىسىدا سورىغان هەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاخىرەتنىڭ ئالدىن بولىدىغان ئالامەتلىرىدىن خەبەر بېرىپ: «دېدەكنىڭ ئۆز خوجايىنىنى تۇغۇشى، قوي باقىدىغان يالاڭ ئاياغ نامرات كىشىلەرنىڭ بىنا سېلىشتا بەسلىشىدىغان بولۇپ كېتىشىنى كۆرۈشۈڭدۇر»[74] دېگەنلەرنى تىلغا ئالغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– يالاڭ ئاياغ، ئاچ قورساق، كەمبەغەل كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا باش بولغانلىقىنى كۆرسەڭ، بۇ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ۋە بەلگىلىرىدىندۇر، – دېگەندە:

– ئى رەسۇلۇللاھ! قوي ئىگىلىرى ۋە يالاڭ ئاياغ، ئاچ قورساق، نامرات

[74] «مۇسلىم» (8).

كىشىلەر كىم؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەرەبلەر، ـ دەپ جاۋاب بەردى»[75].

ئۆي ۋە بىنا سېلىش ۋە ئۇلارنى ئېگىز قىلىش ئەگەر كۆز - كۆز قىلىش، ھاكاۋۇرلۇق ۋە كىبىر ئۈچۈن بولماستىن پايدىلىق ئىش ئۈچۈن بولسا ئۇنىڭ ھارام ئەمەسلىكىدە شەك يوق.

بىنا سېلىشتا كۆز - كۆز قىلىش دېگەن ئۆيلەرنىڭ قەۋەتلىرىنى كۆپەيتىپ ئۇنى ئېگىزلىتىشتە، بىنا بېزەپ، ياساپ، زورايتىپ، ئۆيلەرنى كەڭرىتىپ، ئورۇندۇق - كىرىسلولارنى كۆپەيتىشتە بولىدۇ. ماللار كۆپىيىپ، دۇنيا ئادەملەرگە ئالدىنى قىلىۋاتقان مۇشۇ زامانىمىزدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىۋاتىدۇ[76].

بۇنىڭدىن سەھرا - دالىلاردا ياشايدىغان چارۋىچىلار ئۆز ئىشلىرىنى تاشلاپ، بىنا سېلىشقا يۈزلىنىدىغانلىقى، ئۆي ۋە بىنا - سارايلارنى سېلىشتا بىر - بىرى بىلەن كىبىر - تەمەننا، ماختىنىش يۈزىسىدىن بەسلىشىشكە باشلايدىغانلىقى، ھەممىسى ئۆزىنىڭ سالغان بىناسىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن ئېگىز بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشىدىغانلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ.

قۇرۇلۇشلار بىلەن پەخىرلىنىش بۈگۈنكى كۈندە ئەرەبلەردىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلار ئارىسىدىمۇ ئومۇملىشىپ كەتتى، شۇڭا نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ئېگىز بىنا - سارايلارنى سېلىشتا بەسلىشىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق پەخىرلىنىپ، ماختىنىدىغان بولۇپ كەتتى.

---

[75] ئەھمەد (2926). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 332/3) «سەھىھ» دېگەن.

[76] شەيخ ئەتتۇۋەيجىرىي: «إتحاف الجماعة بما جاء في الفتن والملاحم وأشراط الساعة» ، 162/2.

## 22 - مەلۇم كىشىلەرگىلا سالام قىلىنىدىغان بولۇپ قېلىشى

ئاللاھ تائالا سالامنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت ۋە رىشتىگە بەلگە بولسۇن دەپ يولغا قويدى. شۇڭا، كىچىكلەر چوڭلارغا، بايلار كەمبەغەللەرگە سالام بېرىدۇ، ئەرەب بولسۇن، ئەجەم بولسۇن، ئاق تەنلىك بولسۇن يا قارا تەنلىك بولسۇن... تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن ھەممىسىگە سالام بېرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرمەيسىلەر، بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر. سىلەرگە بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان نەرسىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئاراڭلاردا سالام - سەھەتنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار!»[77]

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە بىرى بولسا مەلۇم كىشىلەرگىلا سالام قىلىنىدىغان بولۇپ قېلىشىدۇر. مەلۇم كىشىلەرگىلا سالام قىلىنىدىغان بولۇپ قېلىش - تونۇشلارغىلا سالام قىلىنىپ، تونۇمايدىغانلارغا سالام قىلىنمايدىغان بولۇپ قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان ھەممە ئادەمگە سالامنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قىلىنىشى سۈننەتتۇر.

ئەبۇلجەئىد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ ئادەم:

- سالام ساڭا، ئى ئىبنى مەسئۇد! - دېدى. ئابدۇللاھ:

- ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى راستچىلدۇر. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹كىشىنىڭ مەسجىدتىن ئۇنىڭدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماي ئۆتۈپ كېتىشى ۋە ئۆزى تونۇيدىغان كىشىلەرگىلا سالام

---

[77] مۇسلىم (203).

قىلىدىغان بولۇپ قېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى»[78].

«سەھىھەين»دە كەلگەن يەنە بىر رىۋايەتتە: «بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى قايسىلار؟ دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «كىشىلەرگە ئاش - نان بېرىشىڭ، تونۇيدىغان ئادەمگىمۇ، تونۇمايدىغان ئادەمگىمۇ سالام قىلىشىڭ» دەپ جاۋاب بەردى[79].

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

[78] سەھىھۇ ئىبنى خۇزەيمە (1326). سەنەدى زەئىف، لېكىن ئالبانىي باشقا يوللىرىنى كۆزدە تۇتۇپ («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 647 649 - لەردە توختالغىنىدا): «سەھىھ» دېگەن.

[79] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (12)؛ مۇسلىم (169).

## 23، 24، 25 -تىجارەتنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ئايال كىشىنىڭ تىجارەتتە ئېرىگە ھەمكارلىشىدىغان بولۇپ كېتىشى، بەزى سودىگەرلەرنىڭ بازارنى مونوپول قىلىشى

بۇ دېگەنلىك تىجارەت قىلىش ئاسان بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تىجارەتنىڭ كەڭ تارقىلىپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كۆپىيىپ، ھەتتا ئايال كىشىنىڭمۇ ئېرىگە ھەمكارلىشىپ تىجارەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولۇپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى ئالامەت بىر ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەتنىڭ ئالدىدا مۇنۇلار يۈز بېرىدۇ: تونۇش كىشىلەرگىلا سالام قىلىنىدىغان بولىدۇ؛ تىجارەتنىڭ كەڭ تارقىلىپ ئايال كىشى تىجارەتتە ئېرىگە ياردەملىشىدىغان بولىدۇ؛ سىلە - رەھىم ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىلىدىغان، راست گۇۋاھلىق بېرىلمەيدىغان بولىدۇ ۋە قەلەم ئىشلىتىش (ساۋاتلىق بولۇش) ئومۇملىشىپ كېتىدۇ»[80].

ئەمر ئىبنى تەغلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تۆۋەندىكىلەر قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر: پۇل - مالنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە كۆپىيىشى، تىجارەتنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ئىلىمسىزلىكنىڭ ئاشكارا بولۇپ كېتىشى، كىشىلەرنىڭ سودا قىلماقچى بولسا: ‹پالانچى جەمەتتىكى سودىگەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالمىغۇچە سودا قىلالمايمەن› دەيدىغان بولۇپ كېتىشى، چوڭ بىر رايونددىن خەت يازالايدىغان بىرەر كىشىنىڭ ئىزدىلىپمۇ تېپىلمايدىغان بولۇپ قېلىشى»[81].

---

[80] ئەھمەد (3870). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[81] نەسائىي (4456). ئالبانىي: «ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»دە: «سەھىھ» دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىشىلەرنىڭ سودا قىلماقچى بولسا: ‹پالانچى جەمەتتىكى سودىگەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالمىغۇچە سودا قىلالمايمەن› دەيدىغان بولۇپ كېتىشى» دېگىنىدىن چوڭ تىجارەتچىلەر – كاپىتال ئىگىلىرى ياكى ئىمپورت - ئېكسپورت ۋاكالەتچىلىرى بولۇشى مۇمكىن – بازارنى كونترول قىلىپ، مال باھاسىنى مونوپول قىلىۋالغاچقا، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز تىجارەتلىرىنى يۈرۈشتۈرەلمەيدىغان ياكى سودىدا باشقا بىر تىجارەتچىنىڭ ئىختىيارلىقى شەرت قىلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى دېگەن مەزمۇننى چۈشىنىشىمىز مۇمكىن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «چوڭ بىر رايوندىن خەت يازالايدىغان بىرەر كىشى ئىزدىلىپمۇ تېپىلمايدىغان بولۇپ قېلىشى» دېگەن سۆزى بىلەن باشقا ھەدىسلەردىكى خەت يېزىشنىڭ كەڭ تارقىلىشى ھەققىدىكى بايانلاردىن «كومپيۇتېر، يانفون، ئاۋازنى يېزىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان يۇمشاق دېتاللار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يېڭىچە خەت يېزىش قوراللىرى كەڭ تارقىلىپ، قوللىرى بىلەن خەت يازالمايدىغان ياكى يېزىشنى ياخشى بىلمەيدىغان بىر ئەۋلاد كىشىلەر پەيدا بولىدۇ» دېگەن مەزمۇننى چۈشىنىشىمىز مۇمكىن.

ياكى بۇ ھەدىستىكى «خەت يازالايدىغان كىشى» دېگەنىدىن سودا - سېتىق ئەھكاملىرىنى پىششىق بىلىدىغان، تىجارەت توختاملىرىنى يېزىپ بېرىدىغان ۋە بۇ قىلغانلىرىغا مۇكاپات تەمە قىلماستىن، ساۋابلا كۆزلەيدىغان كىشىلەر مەقسەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن[82].

---

[82] ئەڭ ئاخىرقى قاراشنى سىندىي «نەسائىي»گە يازغان ھاشىيەسىدە تىلغا ئالغان.

## 26 -يالغان گۇۋاھلىقلارنىڭ بېرىلىدىغان بولۇپ كېتىشى

يالغان گۇۋاھلىق - بىر كىشىنىڭ باشقىلار ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بەرگەندە يالغان سۆزلەپ: «پالانىدا پالانچىنىڭ ھەققى بار» دەپ ئويدۇرما، بوھتان چاپلىشى بولۇپ، بۇ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابەلەرگە قايتا - قايتا ئۈچ قېتىم:

- مەن سىلەرگە چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن خەبەر بەرمەيمۇ؟
- دېگەن ئىدى، ساھابەلەر:

- ماقۇل، خەبەر بەرسىلە، يا رەسۇلۇللاھ! - دېدى. رەسۇلۇللاھ:

- ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش، - دەپ تىك ئولتۇردى. ئەسلىدە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى، ئاندىن:

- ئاگاھ بولۇڭلار! ساختا سۆز ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش. ئاگاھ بولۇڭلار! ساختا سۆز قىلىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، - دېدى. رەسۇلۇللاھ ئاشۇ سۆزنى ئەمدى توختاپ قالسىچۇ دەپ قالغۇدەك دەرىجىدە قايتا - قايتا تەكرارلاۋەردى[83].

بۇ ئىشنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئادەتتىكى ئىشتەك چاغلايدىغان بولۇپ كېتىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. ئىلگىرى ئۆتۈپ بولغان بىر ھەدىستىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ: «قىيامەتنىڭ ئالدىدا مۇنۇلار بولىدۇ...» دەپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «يالغان گۇۋاھلىقلارنىڭ بېرىلىدىغان بولۇپ كېتىشى»[84]نى تىلغا ئالغان ئىدى.

---

[83] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي، (5976)؛ مۇسلىم، (87). بۇ ھەدىسنى ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان.

[84] ئەھمەد: (3870). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش پەقەت سوتچى ياكى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالدىدا بېرىلىدىغان شاھىدلىقنىلا كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ بارلىق گۇۋاھلىقلارغا ئورتاقتۇر. شىركەت - ئورگانلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ باشلىقى ئالدىدىكى گۇۋاھلىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپلەردىكى گۇۋاھلىقى، بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئالدىدىكى گۇۋاھلىقى قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يالغان گۇۋاھلىق ياكى يالغان قەسەم ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يېۋېلىشتىن توسۇپ: «كىمكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى يالغان قەسەم بىلەن ئېلىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا دەرغەزەپ بولغان ھالدا مۇلاقات بولىدۇ» دېگەندىن كېيىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ﴾3/«ئال ئىمران»، 77[85].

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دېدىكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– كىمكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى يالغان قەسەم بىلەن ئېلىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخنى تېگىشلىك قىلىپ، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، – دېدى. بىر كىشى رەسۇلۇللاھقا:

– ئازغىنە نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ ئى رەسۇلۇللاھ! – دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– بىر تال مىسۋاك شېخچىلىك نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ – دېدى»[86].

---

[85] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي، (7445)؛ مۇسلىم، (138).

[86] مۇسلىم (137).

## 27 - راست گۇۋاھلىقنىڭ يوشۇرۇلىدىغان بولۇپ كېتىشى

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان كىشىنى قېرىندىشىغا، مەيلى ئۇ زالىم بولسۇن ياكى مەزلۇم بولسۇن، ياردەم قىلىشقا بۇيرۇغان بولۇپ، زالىم بولسا ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توسۇشى، مەزلۇم بولسا ئەگەر كۈچى يەتسە ھەققىنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا يەنە راست گۇۋاھلىقنىڭ يوشۇرۇلۇشىدىن توسۇپ: ﴿گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ﴾«بەقەرە»: 283/2 دېگەن.

زامان ئاخىرىدا كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ ھەقلىرىنى يەۋالىدۇ، ھەقىقەتنى بىلىدىغان كىشىلەر ئۇنى ئاشكارا قىلماي جىم تۇرۇۋالىدۇ. ھەقنى سۆزلەشكە كۈچى يەتسىمۇ، ئۇز مەنپەئەتلىرىنى گۇۋاھچىلىقنى ئادا قىلىشتىن ئۈستۈن بىلگەچكە، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ھەقنى سۆزلىمەيدۇ. خۇددى ئىلگىرى ئۆتكەن بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قىيامەتنىڭ ئالدىدا مۇنۇلار بولىدۇ...» دېگەن سۆزىدە «راست گۇۋاھلىقلارنىڭ يوشۇرۇلىدىغان بولۇپ كېتىشى»[87] دەپ تىلغا ئالغىنىدەك، بۇمۇ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

---

[87] ئەھمەد (3870). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

# 28 - دىنىي جەھەتتە ئىلمسىزلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇپ: ﴿«ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» دېگىن﴾«تاھا»/20: 114 دېگەن. شۇڭا، پەيغەمبىرىمىز ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (دىنىي جەھەتتە) ئىلمسىزلىكنى ئەيىبلەپ: «قوپال، ئاچكۆز، (تولا جېدەل قىلىپ) بازارلاردا سۈرەن سالىدىغان، كېچىسى (نامازلارغا قوپماي پۈتۈن كېچە) ئۆلۈكتەك ئۇخلايدىغان، كۈندۈزى ئېشەكتەك ئىشلەيدىغان، دۇنيا ئىشلىرىنى بىلىدىغان، ئاخىرەت ئىشلىرىنى بىلمەيدىغان كىشىنى ئاللاھ يامان كۆرىدۇ»[88] دېگەن.

يەنە (دىنىي جەھەتتە) ئىلمسىزلىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ: «قىيامەتنىڭ ئالدىدا ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئىلمسىزلىك ئورۇن ئالىدىغان كۈنلەر بولىدۇ»[89] دېگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «قىيامەتنىڭ ئالدىدا ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، (دىنىي جەھەتتە) ئىلمسىزلىك ئەۋج ئېلىپ كېتىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ» دەپ كەلگەن[90].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «كىيىمنىڭ كەشتىسى ئۆچكەندەك ئىسلامنىڭمۇ ئىزى ئۆچىدۇ. ھەتتا روزا، ناماز، قۇربانلىق، زاكاتنىڭ نېمىلىكى بىلىنمەي قالىدۇ»[91] دېگەن.

---

[88] ئىبنى ھىببان (72). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[89] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7063)؛ مۇسلىم (6959).

[90] بۇخارىي (7066).

[91] ئىبنى ماجە (4049). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

دەۋرىمىزدە كۆپلىگەن ئىسلام دىيارلىرىدا كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىگەن كىشى شۇنى بايقايدۇكى، ئادەملەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەنپەئەتىگە چېتىشلىق ئىشلارنى ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كومپيۇتېر، يانفون، ماشىنا ۋەھاكازالارنى بىمالال ئىشلىتەلەيدىغان بىرىدىن: «‹اللە الصمد / ئەللاھۇسسامەد›، ‹غاسق إذا وقب / غاسىقىن ئىزا ۋەقاب› دېگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟ قايسى ۋاقىتتا سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىسەن؟ سالامدىن بۇرۇنمۇ يا كېيىنمۇ؟» دەپ سورىسىڭىز، كاللىسىنىڭ قۇپقۇرۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

شۇنداق، دىنىي (جەھەتتىكى) ئىلىمسىزلىك ئەۋج ئالدى!!!

بىرەيلەن ھەتتا مەندىن: «نەفلە نامازدىن بۇرۇنمۇ تاھارەت ئېلىش ۋاجىبمۇ ياكى تاھارەت پەقەت پەرز نامازلاردىلا شەرت قىلىنامدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭ سوئالىدىن ئەجەبلىنىپ قالدىم، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ 3 - يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە بولسا، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم.

ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچە كىشىلەر نىكاھ - تالاق، ئېلىم - سېتىم، ئىبادەت ئەھكاملىرىغا قاتتىق ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشمەيدۇ. مېنىڭچە بۇنداق بولۇشى ئويۇن - تاماشالارنىڭ كۆپىيىشى، كىشىلەرنىڭ دۇنيالىق ھايات بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، دىنىي ئىلىم سورۇنلىرى ۋە ئالىملارنىڭ سۆھبەتلىرى ۋە دىنىي كىتابلارنى تاشلاپ قويغانلىقىدىن بولغان.

ئاللاھ مەدەتكاردۇر!!!

## 29، 30، 31 - پىخسقلىق ۋە بېخىللىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى، سىلە - رەھىمنىڭ ئۈزۈلدىغان بولۇپ كېتىشى، قوشنىدارچىلىقنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشى

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە بىرى بولسا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى تۇيدۇرماي ھالاك قىلىۋاتقان روھىي كېسەللىكلەر بولۇپ، بۇ كېسەللىكلەرنىڭ بىرى پىخسىقلىقتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پىخسىقلىقنىڭ (كىشىلەر ئارىسىدا) ئەۋج ئېلىپ كېتىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[92].

يەنە مۇنداق دېگەن: «(ئاخىر زاماندا) ۋاقىت قىسقىراپ كېتىدۇ (يەنى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ)، ئەمەل قىلىش[93] ئازلاپ كېتىدۇ، بېخىللىق (كىشىلەر قەلبىگە) تاشلىنىدۇ، فىتنىلەر كەڭ تارقىلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈش كۆپىيىپ كېتىدۇ»[94].

پىخسىقلىق دېگىنىمىز بېخىللىق بىلەن بىر ۋاقىتتا مال - دۇنياغا ھېرىس بولۇشنى ۋە پۇل - مال سەرپ قىلىش، ياخشى ئەمەل ۋە تائەتتىن توسقۇچى بارلىق ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «ناشايان ۋە يامان سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ قىلىنىشى، سىلە - رەھىمنىڭ ئۈزۈلۈشى، قوشنىدارچىلىقنىڭ ناچارلىششى ئېغىرلاشماي قىيامەت قايىم بولمايدۇ» دېگەن[95].

---

[92] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (748).

[93] «مۇسلىم» رىۋايىتىدە: «ئىلىم ئازلاپ كېتىدۇ» دەپ كەلگەن.

[94] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6037)؛ مۇسلىم (157).

[95] «ئەھمەد»، (6514). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇھەممەدنىڭ جېنى (يەنى مېنىڭ جېنىم) ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ناشايان ئىشلار ۋە بېخىللىقلار ئەۋج ئالمىغۇچە، ئىشەنچلىك كىشى خىيانەتچى دەپ قارىلىپ، خىيانەتچى كىشى ئىشەنچلىك دەپ قارالمىغۇچە، ئېسىل كىشىلەر ھالاك بولۇپ پەسكەش كىشىلەر مەشھۇر بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[96] دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر بەرگەن ئىشلار ھەقىقەتەن يۈز بەردى، كىشىلەر ئارىسىدا پاساتچىلىقلارنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنى كۆرگىنىمىزدەك، سىلە - رەھىمنىڭ ئۈزۈلىدىغان بولۇپ كېتىشى ۋە قوشنىدارچىلىقنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشىنىمۇ ھەم كۆرۈۋاتىمىز. ھازىر كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇھەببەت، دوستلۇق، سىلە - رەھىمنىڭ ئورنىنى ئىناقسىزلىق، پەرۋاسىزلىق ئىگىلىگەن بولۇپ، ھەتتا قوشنا قوشنىنى تونۇمايدىغان، كىشىلەر ئۆزىنىڭ بەزى تۇغقانلىرىنىڭ ھايات - ماماتىدىنمۇ خەبەرسىز يۈرۈيدىغان ھالەت شەكىللەندى.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

---

«ئەلمۇستەدرەك»، (8566). ھاكىم ۋە زەھەبىيلەر: «سەھىھ» دېگەن.

[96] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (3767)؛ «ئەلمۇستەدرەك» (8644). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 3211) «سەھىھ» دېگەن.

## 32 - ناشايان سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى

ناشايان سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى - يېرىم يالىڭاچ كىيىملەرنى كىيىش، ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپ، ھاقارەتلەرنىڭ ئادەتتىكى ئىشتەك تۈيۈلۈپ قېلىشى بولۇپ، بىزنىڭ ئۆلگىمىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچقاندىق بىر ناشايان سۆز ياكى ناشايان ھەرىكەت قىلغان ئەمەس.

ناشايان سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىمۇ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ناشايان سۆز - ھەرىكەتلەر... ئەۋج ئېلىپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[97] دېگەن.

---

[97] يۇقىرىقى ئالامەتتە ئۆتتى.

## 33 - ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ خىيانەتچى، خىيانەتچى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدىغان بولۇپ كېتىشى

بىز يۇقىرىقى بابلاردا «ئامانەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنىڭ لاياقەتسىز كىشىلەرگە تاپشۇرۇلىدىغان بولۇپ كېتىشى قاتارلىقلارنى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن» دەپ ئۆتكەن ئىدۇق. قىيامەتنىڭ يەنە بىر ئالامىتى بولسا ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ خىيانەتچى، خىيانەتچى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدىغان بولۇپ كېتىشىدۇر. يەنى ئامانەتدار، ئىشەنچلىك كىشىلەرگە گۇمان نەزەرى بىلەن قارىلىپ، ئۇلارنىڭ راستچىللىقى ۋە ئامانەتدارلىقىغا ئىشەنچ قىلىنمايدىغان، ئەكسىچە يالغانچى، تەخسىكەش مۇناپىقلارغا ۋە يەسكەش خىيانەتچىلەرگە ئىشەنچ قىلىنىدىغان بولۇپ كېتىشىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە: «مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مۇنداق، مۇنداق ئىشلار بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» دەپ كېلىپ، بۇ ئىشلار قاتارىدا «ئىشەنچلىك كىشى خىيانەتچى، خىيانەتچى كىشى ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدىغان بولۇپ كەتمىگۈچە»[98] دېگەننى تىلغا ئالغان.

[98] يۇقىرىدا ئۆتتى. تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت» ، (3767)؛ «ئەلمۇستەدرەك» (8644). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 3211) «سەھىھ» دېگەن.

# 34 - ئىسىل كىشىلەر تۈگەپ كېتىپ، پەسكەش كىشىلەرنىڭ دەۋر سۈرۈشى

بۇمۇ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. يەنى ئىسىل كىشىلەر، دانىشمەنلەر، ئاقىللار ۋە ئالىملار تۈگەپ كېتىپ، بىر تۈركۈم پەسكەش كىشىلەر دەۋر سۈرىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئەڭ نادان، ئەڭ پەسكەشلىرى بولۇشىغا قارىماي جەمئىيەت شۇلارغا قالىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە: «مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مۇنداق، مۇنداق ئىشلار بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» دەپ كېلىپ، «ئىسىل كىشىلەر تۈگەپ كېتىپ پەسكەش كىشىلەر دەۋر سۈرمىگۈچە»[99] دېگەننى تىلغا ئالغان.

پەسكەش كىشىلەرنىڭ دەۋر سۈرۈشى دېگەنلىك ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئەمەل - مەنسەپلەرگە ئىگە بولۇشى، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ كېچە - كۈندۈز ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا دۇمباقچىلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى دېگەنلىكنى، ئىسىل كىشىلەرنىڭ تۈگەپ كېتىشى دېگەنلىك ئۇلارنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ، كىشىلەردىن ئايرىۋېتىلىشى دېگەنلىكنى كۆرسەتسە كېرەك. شۇڭا جەمئىيەتتە ناخشا - ئۇسسۇل ۋە شۇنىڭدەك بۇزۇقچىلىقلارنى كەسىپ قىلغانلار مەشھۇر بولۇپ كېتىپ، تىبابەت، ئىنژېنېرلىققا ئوخشاش ئىلمىي ساھەلەردىكى كەسپىياتچى، ئالىملار بولسا بىر چەتتە قالماقتا.

گەرچە ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر دىنىي سورۇنلارغا يۈزلىنىۋاتقان، كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىدە ئۆلىمالار، دەۋەتچىلەر ئىززەتلىنىپ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىغا ھېرىسمەن بولۇۋاتقان، ئاخبارات ۋاستىلىرىدا

[99] يۇقىرىدا ئۆتتى. تەبەرانىي «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت» ، (3767). «ئەلمۇستەدرەك» ، (8644). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 3211) «سەھىھ» دېگەن.

دىنىي قانال ۋە پروگراممىلار كۇنسېرى كۆپىيىپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرمۇ بۇ تۇردىكى پروگراممىلارغا قىزىقىۋاتقان، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە نۇرغۇنلىغان مەنپەئەتلەر ھاسىل بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن يۇقىرىقى تەتۇر يۇزلىنىش يەنىلا كۆرۈنەرلىكتۇر.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 35 -كىشىلەرنىڭ پۇل - مال تېپىشتا ھالال - ھارامغا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ كېتىشى

مۇسۇلمان كىشى تەقۋادارلىقى ئاجىزلاپ ئىمانى سۇسلاپ كەتكەندە ئاسانلا شۇبھىلىك ئىشلارغا چۈشۈپ قالىدۇ - دە، ئاستا - ئاستا ھارامغا يۈزلىنىپ، پۇل - مېلىنى ھالالدىن تاپتىمۇ ياكى ھارامدىن تاپتىمۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇخىل ئىللەت زامانىمىز كىشىلىرى ئارىسىدا خېلىلا ئومۇملىشىپ قالدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مال - دۇنياسىنى ھالالدىن تاپتىمۇ ياكى ھارامدىنمۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ»[100].

ھازىر ئەتراپىمىزنى كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ «ھالال – ھارام» دەپ ئايرىپ ئولتۇرماستىن، ھەرقانداق يول بىلەن مال - دۇنيا تېپىشقا ئۆزلىرىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

مانا مۇشۇ يامان ئىللەت تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بۇزۇلۇپ، كىشىلەر ھاراق - تاماكا ۋە ئاياللارنى يېرىم - يالىڭاچ قىلىپ قويىدىغان غەربچە كىيىم - كېچەك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش، جازانە قىلىش، دۇكان - رەستىلىرىنى ھارام سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق ھارام ئىشلارنى ئېغىر ئالمايدىغان بولۇپ قالدى. ھالبۇكى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا: ﴿ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار﴾[«مۇئمىنۇن»: 50/23] دېگەن ئىدى.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا پاكتۇر، پەقەت ۋە پەقەت پاك نەرسىلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ، ھارامدىن ئۆسكەن ھەربىر پارچە گۆش دوزاختا ئەڭ

---

[100] بۇخارىي (2083).

لايىقتۇر.

زامانىمىزدا شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ئېھتىيات قىلىدىغان كىشىلەر باشقىلارنىڭ نەزەرىدە بىنورمال كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالدى، پارا قوبۇل قىلمايدىغان كىشىلەر بولسا ئۆزىنىڭ ئەمەل - مەنسەپلىرىنىمۇ تۇتۇپ تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «شۈبھىلىك ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلىگەن ئادەم دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلىغان بولىدۇ، شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلغان ئادەم (ئاسانلا) ھارامغا چۈشۈپ قالىدۇ»[101] دېگەنىدى.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالادىن بىزنى ھىدايەت قىلىپ دىندا مۇستەھكەم قىلىشىنى سورايمىز.

[101] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (52)؛ مۇسلىم (1599).

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 36 ـ غەنىيمەتلەرنىڭ بايلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدىغان بولۇپ قېلىشى

غەنىيمەتلەر ـ دۈشمەنلەرنىڭ مۇسۇلمان قوشۇنلىرىدىن قورقۇپ تاشلاپ قېچىپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكلىرى ۋەياكى ئۇلارنىڭ جەڭگە كىرىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولۇشى ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان ئولجىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈردىكى غەنىيمەتلەر ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا تۆۋەندىكى ئايەتتە بۇيرۇغىنى بويىچە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئادىل تەقسىم قىلىنىدۇ: ﴿ئاللاھ پەيغەمبىرىگە غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى بەنى قۇرەيزە، بەنى نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى. پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾[59/«ھەشر»: 6، 7].

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا كەمبەغەللەرنىڭ بىر چەتتە قېلىپ، غەنىيمەتلەرنى بايلارنىڭ ئىگىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزى بەلگىلىگەن بويىچە تەقسىم قىلىشقا بۇيرۇدى.

زامان ئاخىرىدا كىشىلەر ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ تەقسىماتىغا خىلاپلىق قىلىپ، غەنىيمەتلەرنى بايلار ۋە ھوقۇقدارلارلا ئۆزئارا تەقسىملىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئەگەر غەنىيمەتلەر بايلار ئارىسىدا ئۆزئارا تەقسىم قىلىنىدىغان بولۇپ قالسا، ئامانەت ئولجىغا ئايلىنىپ قالسا...»[102]

[102] تىرمىزىي (2211). تىرمىزىي: «غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

## 37 - ئامانەتنىڭ ئۆلچىغا ئايلىنىپ قېلىشى

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئامانەتنى ياخشى ئاسراپ ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ﴾ 4/«نىسائ»: 58.

زامان ئاخىرىدا ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بىر كىشىگە مال - مۈلۈك ئامانەت قويۇلسا، ئامانەت ئالغۇچى ئامانەت ئىگىسىنى تونۇماس بولۇۋېلىپ، ئامانەتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 38 ـكىشلەرنىڭ زاكاتنى چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ بەرمەيدىغان بولۇپ كېتىشى

ئەسلىدە كىشلەر مال - دۇنيالىرىنىڭ زاكىتىنى چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، زاكات مال - دۇنيالارنى هارامدىن پاكلايدىغان، بەندىنى پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان بىر تۈرلۈك ئىبادەت بولۇپ، هەرگىزمۇ باج ياكى جەرىمانىگە ئوخشمايدۇ.

زامان ئاخىرىدا كىشلەر ئارىسىدا ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق ئىللەتلىرى يامراپ، بايلار ماللىرىنىڭ زاكىتىنى رازىمەنلىك بىلەن ئايرىماستىن، خۇددى مەجبۇرىي ئېلىنىدىغان جەرىمانىدەك هېس قىلىپ، بىئاراملىق ئىچىدە ئادا قىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ زاكات بېرىشتىكى نىيىتى ساپ بولمىغاچقا، ئاللاهنىڭ نەزەرىدىكى زاكاتنىڭ ئەجرىدىن قۇرۇق قالىدۇ.

# 39 - شەرئىي ئىلىملەرنىڭ ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن ئۆگىنىلىدىغان بولۇپ كېتىشى

ئىنسان ئەسلىدە شەرئىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئارقىلىق ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالاغا قۇلچىلىق قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا، ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى، ئاسمان - زېمىن ئەھلى، ھەتتا ئۆز ئۇۋىسىدىكى چۈمۈلە ۋە دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگەتكۈچىلەرگە خەيرلىك دۇئا قىلىدۇ»[103].

زامان ئاخىرىدا بىر بۆلۈك كىشىلەر شەرئىي ئىلىمنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس ئۆگەنمەستىن، بەلكى كىشىلەر ئارىسىدا ئىززەت - ئابرۇيغا، شان - شەرەپكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆگىنىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «غەنىيمەتلەر بايلار ئارىسىدا ئۆزئارا تەقسىم قىلىنىدىغان، ... شەرئىي ئىلىملەر ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن ئۆگىنىلىدىغان بولۇپ كەتسە... »[104] بۇ ھەدىس كېيىن تولۇق كەلتۈرۈلىدۇ[105].

---

[103] تىرمىزىي (2685). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[104] تىرمىزىي (2211). تىرمىزىي: «غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

[105] بۇ ھەدىس كىچىك ئالامەتلەردىن 45 - نومۇرلۇق ئالامەت ھەققىدە توختالغىنىمىزدا تولۇق ھالەتتە كەلتۈرۈلىدۇ.

## 40 - ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا مايىل بولۇپ ئانىلىرىنى قاقشىتىدىغان بولۇپ كېتىشى

بۇمۇ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، ئەرلەر ئانىلىرىنى قاقشىتىش بەدىلىگە ئاياللىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل ھادىسە جەمئىيىتىمىزدە كۆپ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىز نۇرغۇنلىغان بىچارە ئانىلارنىڭ ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، بالىلىرىنىڭ ئۇلارنى ئاندا - ساندا يوقلاپ قويىدىغانلىقىنى، خوتۇن - بالىلىرىنىڭ بولسا كەڭ - كۇشادە، راھەت - پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئاتا - ئانىلار بالىلىرى بىلەن بىرگە ياشىغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ كېلىنلىرى ۋە نەۋرىلىرى بەھرىمەن بولغان غەمخورلۇقتىن مەھرۇم بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىۋاتىمىز.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ خىل ئەھۋالدىن بېشارەت بەرگەن بولۇپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئەگەر غەنىيمەتلەر بايلار ئارىسىدا ئۆزئارا تەقسىم قىلىنىدىغان، ئەرلەر ئاياللىرىغا مايىل بولۇپ ئانىلىرىنى قاقشىتىدىغان، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن يېقىنلىشىپ ئاتىلىرىغا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ كەتسە ...»[106]. بۇ ھەدىس كېيىن تولۇق كەلتۈرۈلىدۇ[107].

[106] تىرمىزىي (2211). تىرمىزىي: «غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

[107] بۇ ھەدىس كىچىك ئالامەتلەردىن 45 - نومۇرلۇق ئالامەت ھەققىدە توختالغىنىمىزدا تولۇق ھالەتتە كەلتۈرۈلىدۇ.

## 41 -كىشىلەرنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن يېقىنلىشىپ ئاتىلىرىغا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ كېتىشى

بۇمۇ ئاتىلارنى قاقشىتىشنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىر قىسىم ياشلار، بولۇپمۇ ئاتىلىرى ياشىنىپ كۆپ تاپا - تەنە ۋە مالامەت قىلىدىغان، كۆپ ئاغرىنىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇلاردىن بەكرەك دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن يېقىنلىشىپ ھەمسۆھبەت بولۇشى مۇمكىن. پەرزەنتلەر بۇ خىل ئەھۋالدىن چوقۇم ساقلىنىشى، دادىسىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى ياخشى تونۇپ، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشى كېرەك. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاتا- ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار﴾[«نىساء»: 4/ 36].

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 42 - مەسجىدلەردە چۇقان - سۈرەنلەر سېلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى

ئەسلىدە مەسجىدلەر كىشىگە بىر خىل تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئەمىنلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، زامان ئاخىرىدا مەسجىدلەردە چۇقان-سۈرەنلەر سېلىنىپ جېدەل-ماجىرالار قىلىنىدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

## 43 -كىشىلەرگە پاسىق كىشىلەرنىڭ باش بولىدىغان بولۇپ كېتىشى

ئەسلىدە كىشىلەرگە ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئالىم، ئەڭ دانىشمەن بولغانلىرى باش بولۇشى كېرەك. شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، كىشىلەرگە پاسىق كىشىلەر باش بولۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق پاسىق كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىشى، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا مال - دۇنياسىنىڭ كۆپ، ئالاقە دائىرىسىنىڭ كەڭ، نەسەب - مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى ياكى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان كىشىلەردىن بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 44 -كىشىلەرگە ئەڭ پەسكەش كىشىلەرنىڭ باش بولىدىغان بولۇپ كېتىشى

بۇ ئالامەت يۈز بېرىدىغان ئالامەتكە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. زامان ئاخىرىدا كىشىلەر ئىچىدىكى پەسكەش ئىنسانلار مەيلى سەپەرلەردە بولسۇن، مەيلى بىر يەردە ئىش ئۇچۇن توپلانغاندا بولسۇن، ئۇلارغا باش بولىدىغان، ئەكسىچە ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ دانىشمەن بولغانلىرى بىر چەتتە قالىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال زاماننىڭ تۈپتىن بۇزۇلۇشى ۋەياكى پەسكەش كىشىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى سەۋەبلىك كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 45 -كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ ھۆرمەتلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى

بۇ خىل ئەھۋال جەمئىيەتتە ناچار كىشىلەرنىڭ باش بولۇشى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان بولۇپ، كىشىلەر ھەددىدىن زىيادە زالىم بولغان بىر كىشىنىڭ ئەزىيىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنى تۆرگە چىقىرىپ ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ خىل ئەھۋالدىن ئالدىن بېشارەت بەرگەن بولۇپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەگەر غەنىيمەت بايلار ئارىسىدا ئۆزئارا تەقسىم قىلىنىدىغان، ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلىنىدىغان، زاكات جەرىمانىدەك بولۇپ قالىدىغان، ئىلىم ئاللاھتىن غەيرىنى كۆزلەپ ئۆگىنىلىدىغان، ئەرلەر ئاياللىرىغا مايىل بولۇپ ئانىلىرىنى قاقشىتىدىغان، مەسجىدلەردە چۇقان - سۈرەن سېلىنىدىغان، كىشىلەرگە ئەرزىمەس كىشىلىرى باش بولىدىغان، پاسىق كىشىلەر يېتەكچى بولىدىغان، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن يېقىنلىشىپ دادىلىرىغا پەرۋا قىلمايدىغان، كىشىلەر يامانلىقىدىن قورقۇپ ھۆرمەتلىنىدىغان، ناخشىچى ئاياللار، چالغۇ - ئەسۋابلار كەڭ تارقىلىدىغان، ھاراق - شارابلار ئىچىلىدىغان، بۇ ئۈممەتنىڭ كېيىنكى كىشىلىرى ئىلگىرىكى كىشىلىرىگە لەنەت ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتسە، سىلەر مۇشۇ ۋاقىتتا قىزىل بوران، يەر تەۋرەش، كۆن تۇتۇلۇش، ئاسماندىن تاش يېغىش، سۈرىتى ئۆزگەرتىۋېتىلىش قاتارلىق ئالامەتلەرنىڭ خۇددى كونىراپ يىپى ئۈزۈلگەن مارجان چېچىلغاندەك ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىشىنى كۈتۈڭلار»[108].

[108] تىرمىزىي (2211). تىرمىزىي: «غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: «زەئىپ» دېگەن.

## 46، 47، 48، 49 -زىنا، يىپەك، ھاراق ۋە چالغۇ - ئەسۋابلارنىڭ ھالال سانىلىدىغان بولۇپ كېتىشى

زىنا قىلىش، ئەرلەرنىڭ يىپەك كىيىملەرنى كىيىشى، ھاراق ۋە چالغۇ - ئەسۋابلارنىڭ ھاراملىقىنى بىلمەيدىغان مۇسۇلمان بولمىسا كېرەك. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ زامان ئاخىرىدا بۇ ھارام ئىشلارنى ھالال سانايدىغان بولۇپ كېتىشىدىن بېشارەت بەرگەن بولۇپ، بۇ ئەھۋالنىڭ قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

كىشىلەرنىڭ بۇ ھارام ئىشلارنى ھالال سانايدىغان بولۇپ كېتىشى دېگەنلىك تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچى، بۇ ئىشلارنى ھارام ئەمەس، ھالال دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ كېتىشى؛

ئىككىنچى، بۇ ئىشلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىپ ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىشى سەۋەبلىك، بۇ ئىشلارنى ئىنكار قىلمايدىغان، بۇ ئىشلارنى قىلغاندا ھاراملىقىنى ھېس قىلمايدىغان بولۇپ كېتىشى.

ئەبۇ ئامىر ياكى ئەبۇ مالىك ئەلئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن شۇنداق بىر گۇرۇھ كىشىلەر پەيدا بولىدۇكى، ئۇلار زىنانى، يىپەكنى، ھاراقنى ۋە چالغۇ - ئەسۋابلارنى ھالال قىلىۋالىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بىر تاغنىڭ باغرىغا يەرلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ قويچىسى ئۇلارنىڭ قويلىرىنى شۇ ئەتراپتا باقىدۇ، ئۇلارنىڭ قېشىغا بىر كەمبەغەل كىشى كېلىپ ھاجىتىنى سورىغاندا، ئۇلار: ‹قېشىمىزغا ئەتە كەلگىن› دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ كېچىدە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاغنى باستۇرۇپ ھالاك قىلىدۇ، قالغانلىرىنى چوشقا، مايمۇنلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنىگىچە شۇ

ھالـىتـىدە (چوشقا، مـايمۇن ھالـىتـىدە) تۇرىـدۇ»[109].

دەۋرىمـىـزدە كـۆپ قـىسـىم مۇسـۇلمان ئەللـىرى زىـنـا - پاھىشـىگە، ھـاراق - شـارابقا سـەل قـاراپ پاھىشـىخانـىلار قانۇنـىي جەھەتتـىن قوغدىلىدىغان، زىنانـى كەسـىپ قىلغان پاھىشـىلەرگە تـىجـارەت كـىنشكـىسى تارقـىتىلىـدىغان ئەھۋالغـا چۈشـۈپ قالـدى. ھـاراق بولسـا بـەزى ئـەرەب - ئـىسلام دۆلەتلـىرىـدە بازارلاردا ئاشكارا ھالدا سېتىلىـدىغان دەرىجـىگە بېرىـپ يەتتى.

ئەبـۇ مالـىك ئەلئەشـئەرىي رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكـىنـى رىۋايـەت قىلـىدۇ: «ئۈممـىتـىمدىـن بـىر بۆلـۈك كـىشـىلەر مۇزىكـىلار بـىلـەن ئـايـال ناخشـىچىلار ئويـۇن كۆرسـىتـىۋاتقان يەرلـەردە ئولتـۇرۇپ، ھاراقنـى باشـقا نـاملار بـىلـەن ئاتـاپ ئـىچىشـىدۇ، ئـاللاھ ئۇلارنـى يەرگـە يۇتقۇزۇۋېتـىدۇ، ئۇلارنـىڭ بـىر قـىسمىـنى چوشقا ۋە مـايمۇنلارغا ئايلاندۇرۇۋېتـىدۇ»[110].

ناخشـا - مۇزىـكا ئـاڭلاش زامانـىمـىزدا نۇرغۇنلىغـان كـىشـىلەر مۇپتـىلا بولۇۋاتقـان ئـەڭ خەتەرلـىك گۇناھلارنـىڭ بـىرى بولـۇپ، بـۇ كـىشـىلەرنى ئاللاھنـىڭ زىكرىدىـن، نامازدىـن، قۇرئـان ئـاڭلاپ مەنپەئەتلىنىشـتىن توسـۇپ قويۇۋاتقـان قەلـب كېسـەللىكلىرىنىڭ بىرىـدۇر. ئـاللاھ سـۇبھانەھۇ ۋەتەئـالا بـۇ ھەقتـە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿بـەزى كـىشـىلەر بىلـىمسـىزلىكتىن، ئاللاھنـىڭ يولىـدىـن ئـازدۇرۇش ئۈچـۈن بـىھـۇدە گـەپ - سـۆزلەرنى سېتـىۋالـىدۇ ۋە ئاللاھنـىڭ يولىـنـى مەسخىرە قىلىـدۇ. ئەنـە شـۇلار خـور قىلغۇچـى ئازابقـا دۇچار بولىدۇ﴾[«لۇقمان»: 31/ 6].

ئـالىمـىلار «بىھـۇدە گـەپ - سـۆزلەر» دېگەننى ناخشـا ۋە چالغۇ - ئەسـۋابلار، دەپ چۈشەندۈرگەن.

پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ناخشـا - مۇزىـكا ئـاڭلاش ۋە زىـنـا قىلىشـنـى ھـاراق ئـىچـىش بـىلـەن بىللـە كەلتـۈرۈپ: «مېنىـڭ ئۈممـىتـىمدىـن شـۇنداق بـىر بۆلـۈك كـىشـىلەر پەيـدا بولىدۇكـى، ئـۇلار زىنانـى،

[109] بۇخارىي (5590).

[110] ئىبنى ماجە (4020). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

يىپەكنى، هاراقنى ۋە ناخشا - مۇزىكىنى هالال قىلىۋالىدۇ»[111] دېگەن.

دەۋرىمىزدە ناخشا - مۇزىكا شۇ دەرىجىدە كەڭ تارقالدىكى، مەخسۇس ناخشا - مۇزىكا قويىلىدىغان رادىئو - تېلېۋىزىيە قاناللىرى تەسىس قىلىنىپ، كېچە - كۈندۈز تۇرلۇك ناخشا - مۇزىكىلارنى ئاڭلىتىدۇ. بۇ قاناللار نە خەبەر ئاڭلىتىش ئۈچۈن، نە قۇرئان ئاڭلىتىش ئۈچۈن بىرەر دەقىقىمۇ توختاپ قالمايدۇ. ئېنىقكى، بۇ قىيامەتنىڭ، شۇنداقلا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ بېشارەتلىرىنىڭ راستلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، هەربىر مۇسۇلمان بۇنىڭغا ئالاهىدە دىققەت قىلىشى لازىم. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ: «سۇ زىرائەتنى ئۈندۈرگەندەك، ناخشا - مۇزىكا قەلبلەردە نىپاقنى ئۈندۈرىدۇ»[112] دېگەن.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

---

[111] بۇخارىي (5590).

[112] بەيهەقىي: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا» ، (20797 - نومۇر). سەنەدى زەئىف. بەزى مۇهەددىسلەر: «بۇنىڭ تابىئىنلاردىن ئىبراهىم نەخەئىينىڭ سۆزى بولۇشى سەنەد جەهەتتىن سەهىهرەك» دەپ قارىغان. قاراڭ: «ئەتتەلخىسۇل هەبىر» ، (2113).

## 50 -كىشلەرنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قېلىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاخىرقى زاماندا زۇلۇم ۋە فىتنە - پاساتلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىدىغانلىقى، ھەتتا كىشىلەرنىڭ قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆزلىرىگە ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر كەلگەن بالايى - ئاپەت ۋە جاپا - مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ ئورنىدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە خەبەر بەرگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشى قەبرە يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كاشكى بۇ قەبرىدىكى كىشىنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ قالسامچۇ؟! دەيدىغان بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[113] دېگەن.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، سىلەرنىڭ ھەرقانداق بىرىڭلار ئۆلۈمنىڭ سېتىلىدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنى سېتىۋالغان بولاتتى»[114] دېگەن.

بۇ ھەدىس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەردىن ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزىگە يەتكەن بەختسىزلىك سەۋەبىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن»[115] دېگەن ھەدىسىگە ئوخشاش ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشتىن چەكلەيدىغان ھەدىسلەر بىلەن زىت ئەمەس، چۈنكى بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاخىر زاماندا بولىدۇ دېمەكچى. ئاخىر زاماندا ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قېلىش دېگەنلىك ئۆلۈمنىڭ تېزرەك كېلىشىگە دۇئا قىلىدىغان بولۇپ قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى كىشىنىڭ ئۆزى دۇچار بولغان بالالاردىن ئۆلۈم

---

[113] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7115)؛ مۇسلىم (5175).

[114] ئەددانىي: «السنن الواردة فى الفتن وغوائلها والساعة وأشراطها» ، 231 - نومۇر.

[115] مۇسلىم (4840).

بىلەن بولسىمۇ قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قېلىشى دېگەنلىكتۇر.

كىشىلەرنىڭ ئىمانىنىڭ بالايى ئاپەتلەرنى كۆتۈرۈشچانلىقى ۋە سەبر قىلىش كۈچى ھەر خىل بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئاخىر زاماندىكى ھەربىر مۇسۇلماندا بولۇشى شەرت ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر يۇرتتا، مەلۇم بىر شارائىتتا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 51 -كىشىلەرنىڭ مۆئمىن ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزۇپ كافىر ھالەتتە كەچ قىلىدىغان زامانلارنىڭ كېلىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاخىرقى زاماندا پىتنە - پاساتنىڭ كۆپ بولۇشى، شەھۋانىي ئىشلارنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ ئاز بولۇشى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقى، ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىدىغانلىقى، شۇ ۋەجىدىن كىشىلەرنىڭ مۆئمىن ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزۇپ كافىر ھالەتتە كەچ قىلىدىغانلىقى، بىر ھالەتتە مۇقىم تۇرمايدىغانلىقى ھەققىدىمۇ خەبەر بەرگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىلىرىغا ئوخشاش پىتنە - پاساتلار مەيدانغا كېلىدۇ. بىر كىشى مۆئمىن ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزۇپ، كافىر ھالىتىدە كەچ قىلىدۇ. مۆئمىن ھالىتىدە كەچ قىلىپ، كافىر ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئۆزىنىڭ دىنىنى دۇنيانىڭ ئازغىنە نەرسىسىگە سېتىۋېتىدۇ»[116].

بۇ ھەدىستىن مەقسەت، ئايمۇ يوق قاپقاراڭغۇ، زۇلمەتلىك كېچىگە ئوخشاش ھەقىقەتكە توسالغۇ بولىدىغان پىتنە - پاساتلار كۆپلەپ يۈز بېرىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىش تەس بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراشقا قىزىقتۇرۇشتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇ پىتنەلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان بىرىنى سۆيەتلەپ: «كىشىلەر مۆئمىن ھالەتتە كەچ قىلىپ، كافىر ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزىدىغان بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن. دېمەك، پىتنىنىڭ يامانلىقىدىن كىشىلەر بىر كۈن ئىچىدىلا مۇشۇنداق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ

[116] مۇسلىم (118).

كېتىدۇ[117].

مانا بۇ كىشىلەرنىڭ دىنىنى بىلمىگەنلىكتىن ئىمانى ئاجىزلىشىپ دىنىدا شۈبھىلىرى كۆپىيىدىغان، شۇنىڭ بىلەن دۇنياۋىي ۋە شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ دىنىنى تەرك ئېتىدىغان ياكى دىنىدا تەۋرىنىپ قالىدىغان بىر زامانىنىڭ سۈپىتىدۇر، مانا بۇنىڭغا بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىز بەك ئۇيغۇن كېلىدۇ.

[117] نەۋەۋي: «شەرھۇ سەھىھى مۇسلىم» ، 232/1.

## 52 ـ كىشلەرنىڭ مەسجىدلەرنى بېزەيدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى

مەسجىدلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنىدىغان جاي بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئەجىر - ساۋاب كۆزلەپ سالىدۇ. لېكىن، ئاخىر زاماندا نۇرغۇن كىشىلەر مەسجىد سېلىپ، ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى چاچىدىغان دەرىجىدە بېزەيدىغان، ئاندىن ھەربىرى ئۆزى سالغان مەسجىدنىڭ كۆركەملىكى ۋە بېزەكلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىمۇ بۇ ئىشلىرىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەر مەسجىد (سېلىش ۋە بېزەش) بىلەن ئۆزئارا ماختىنىدىغان بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[118] دېگەن.

ئىرقانچىلىغان ساھابەلەر كىشىلەرنى مەسجىد ۋە ئۇنىڭ ئىمارەتلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، زىكىر ۋە ئىبادەتلەرگە دەخلى يەتكۈزۈشتىن ئاگاھلاندۇرغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر مەسجىدلەرنى خۇددى يەھۇدىي - خرىستىيانلار بېزىگەندەك بېزەۋاتىسىلەر»[119].

بەغەۋىي مۇنداق دەيدۇ: «يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلار ھەق يولدىن بۇرۇلۇپ كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكەن چاغدا ئىبادەتخانىلىرىنى بېزىگەن ئىدى»[120].

خەتتابىي مۇنداق دەيدۇ: «يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلار كىتابلىرىنى

---

[118] ئەبۇ داۋۇد (449). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[119] ئەبۇ داۋۇد (448). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[120] ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇلبارىي» ، 175/2.

ئۆزگەرتىپ، دىنىنى زايە قىلغان چاغدا، ئىبادەتخانا ۋە چېركاۋلىرىنى ئالاھىدە بېزەپ زىننەتلىگەندى»[121].

بۈگۈنكى كۈندە مەسجىدلەرنى بېزەش شەكىللىرىدىن: تاملارنى ھەر خىل رەڭلەر بىلەن نەقىشلەش، ئويما سۈرەتلەر، ھەر خىل گىلەم ۋە ھەددىدىن زىيادە ئېسىل چىراغلارنى ئېسىش قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇنداق زىننەتلەش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە قىممەت باھالىق ئاسما چىراغلارغا كەتكەن چىقىم بىلەن يەنە بىرقانچە مەسجىد سالغىلى بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ مەسجىدلەرنى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمەسلىك ۋەياكى مەسجىد قۇرۇلۇشلىرىنى سۈپەتسىز سېلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى زىننەتلەشتىكى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە ئىسراپچىلىقنى چەكلەشتۇر.

ئەبۇدداۋۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەسجىدلىرىڭلارنى (ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن) زىننەتلەيدىغان، قۇرئاننى (ئالتۇندىن) ھەل بېرىدىغان بولۇپ كەتكەن چېغىڭلاردا ھالاكەت سىلەرگە يۈزلىنىدۇ»[122] دېگەن.

---

[121] ئەينىي: «ئۇمدەتۇلقارىي» ، 41/7.

[122] ئىبنى ئەبى داۋۇد: «ئەلمەساھىف» ، (475). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ» ، 585) «ھەسەن» دېگەن.

## 53 ـ كىشىلەرنىڭ ئۆيلەرنى بېزەيدىغان ۋە زىننەتلەيدىغان بولۇپ كېتىشى

ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق، ماختانچاقلىق ۋە گۇناھ ئىشلاردا ئەزۋەيلەيدىغان بولۇپ كېتىش قاتارلىقلارنىڭ كۆپىيىشى ئاخىر زاماننىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴾«ئەنئام»: 141/6.

كىشىلەر ئاخىر زاماندا ئۆيلىرىگە ئاسقان، چىرايلىق كەشتىلەنگەن، قىممەت باھالىق پەردىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەر ئۆيلىرىنى خۇددى بەقەسەم تونلىرىنى زىننەتلىگەندەك زىننەتلەپ سالىدىغان بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[123] دېگەن.

بۇ ھەدىستىن مەقسەت شۇكى، كىشىلەر ئۆيلىرىنى ياساشتا ۋە بېزەشتە خۇددى كىيىملەرنى چىرايلىق قىلىپ لايىھەلىگەندەك لايىھەلەيدۇ. بۇ دېگەنلىك پەردە ئېسىش ۋە ئۆي بېزەش چەكلەنگەن دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بېزەشتىكى ئىسراپچىلىق، پۇل - ماللارنى ئورۇنسىز بۇزۇپ - چېچىش، ھاكاۋۇرلۇق ۋە ئۆزىدىن پەخىرلىنىش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر چەكلەنگەن دېگەنلىكتۇر.

---

[123] ئىمام بۇخارىي: «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» ، (777). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

# 54 - چاقماق چېقىشنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى

چاقماق چېقىش كۆپىيىپ، چاقماق سوقۇپ ئۆلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشمۇ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت يېقىنلاشقاندا چاقماق چېقىش كۆپىيىپ، شۇنداق بىر ھالەتكە يېتىدۇكى، كىشى بىر قەۋمنىڭ يېنىغا ئەتىگەندە بېرىپ:

- بۈگۈن سىلەردىن كىملەرنى چاقماق سوقۇپ ئۆلتۈردى؟ - دەپ سورىسا، ئۇلار:

- پالان، پالان، پالانچىلارنى ئۆلتۈردى، - دەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ»[124].

چاقماق بولسا ئاسماندىكى ئېلېكترونلۇق زەررىچىلەرنىڭ ئۆزئارا زەرەتلىنىشىدىن ھاسىل بولغان كۈچلۈك نۇردۇر.

ئاللاھ تائالا سەمۇد قەۋمىنى گۈلدۈرمامىلىق چاقماق بىلەن ھالاك قىلدى، ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق)نى ئارتۇق بىلدى، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى﴾«فۇسسىلەت»: 41/ 17. ﴿ئەگەر ئۇلار (بۇ بايانلاردىن كېيىن ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن﴾«فۇسسىلەت»: 41/ 13.

بۇ گۈلدۈرمامىلىق چاقماقنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنى ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ئاۋاز دەپ ئاتىدى، ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿سەمۇد بولسا ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىندى﴾«ھاققە»: 69/ 5.

---

[124] ئەھمەد (11638). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

## 55 - يېزىقچىلىقنىڭ كۆپىيىپ، ئومۇملىشىپ كېتىشى

ئىلگىرى يېزىقچىلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلمىغان، كىتابلار كەڭ تارقالمىغان، شۇنداقلا كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشمىغان ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قەلەم ۋە كىتابلارنىڭ كەڭ تارقىلىپ يېزىقچىلىقنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشى قىيامەتنىڭ ئالا-مەتلىرىدىن» دەپ خەبەر بەرگەن.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەتنىڭ ئالدىدا مۇنۇلار يۈز بېرىدۇ: تونۇش كىشىلەرگىلا سالام قىلىنىدىغان بولىدۇ، تىجارەت كەڭ تارقىلىپ ئايال كىشى تىجارەتتە ئېرىگە ياردەملىشىدىغان بولىدۇ، سىلە - رەھىم ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىلىدىغان، راست گۇۋاھلىق بېرىلمەيدىغان بولىدۇ ۋە قەلەم ئىشلىتىش (ساۋاتلىق بولۇش) ئومۇملىشىپ كېتىدۇ»[125].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىدىكى «قەلەم ئىشلىتىش ئومۇملىشىپ كېتىدۇ» دېگەن سۆز «يېزىقچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىپ، كىتابلارنىڭ كۆپىلەپ بېسىلىپ كەڭ تارقىلىدىغان بولۇپ كېتىشى» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. ھازىرقى زامان مەتبەچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى، كۆپەيتىش تېخنىكىسىنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە نەشر قىلىشنىڭ ئوڭايلىقىدىن كىشىلەر ھازىر كىتابلارغا ئاسانلا ئېرىشەلەيدۇ، ئەمما شۇنداق بولسىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز دىنىنى ۋە شەرىئىتىنى بىلمەسلىك ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغان.

بۇ ھەدىسنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[125] ئەھمەد (3870). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ھەسەن» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

«مۇنۇ ئىشلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر: ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ نادانلىق ۋە جاھىللىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى، زىنا ئاشكارا قىلىنىدىغان، ھاراق - شارابلار (ئاشكارا) ئىچىلىدىغان، ئەرلەر ئازلاپ، ئاياللار كۆپىيىپ كېتىپ، ھەتتا 50 ئايالنىڭ تۇرمۇشىغا بىر ئەر كىشى ئىگە بولىدىغان بولۇپ كېتىشى»[126].

كىشىلەرنىڭ دىنىي ئىشلارنى بىلىش ئەھۋالى ھەققىدە ئويلانغان ھەربىر كىشى ئۈچۈن بۇ ئالامەت ناھايىتى ئوچۇقتۇر.

[126] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (81)؛ مۇسلىم (4825).

# 56 -كىشىلەرنىڭ تىللىرى ئارقىلىق پۇل تاپىدىغان ۋە گەپ سۆزلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى

بىر كىشىنىڭ قانۇنلۇق يول بىلەن پۇل تېپىشى ئەيىب ئەمەس، شۇنىڭدەك ئوقۇتقۇچى، ئادۋوكات قاتارلىقلارنىڭ نۇتۇق، لېكسىيە سۆزلەش، ئادۋوكاتلىق قىلىش ئارقىلىق پۇل تېپىشى قانۇنلۇق يوللاردىندۇر. لېكىن، بۇ يەردە ئەيىبلىنىدىغىنى بىر كىشىنىڭ باشقىلارنى يالغاندىن ماختاش، مەدھىيەلەش، سودا - سېتىقتا يالغان قەسەم قىلىش ۋەياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ساختىلىق بىلەن پۇل تېپىشىدۇر.

ئۆمەر ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ دادىسىغا بىر ھاجىتى چۈشكەندە، ھاجىتىنى شۇ چاغدىكى بەزى كىشىلەر قىلغىنىدەك بالاغەتلىك ۋە پاساھەتلىك گەپ سۆزلەر، ماختاش، مەدھىيەلەشلەر بىلەن سورىدى. سەئد ئىلگىرى ئوغلىدىن بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. ئوغلىنىڭ گېپى تۈگىگەندە، سەئد:

- ھەي ئوغلۇم! گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟- دېدى، ئۆمەر:

- شۇنداق، - دېدى. سەئد:

- سەن بۇنداق سۆزلەرنى سۆزلىمەي تۇرۇپمۇ تەلەپ قىلغان نەرسەڭگە ئېرىشەلەيتتىڭ، (چۈنكى) مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «شۇنداق بىر كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇكى، ئۇلار خۇددى كالا زېمىندىن ئوتلاپ جېنىنى باقاندەك، جانلىرىنى تىللىرى بىلەن باقىدۇ»[127] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، - دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تۆۋەندىكى ئىشلار قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر: ناچار

[127] ئەھمەد (1517). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ھەسەن لىغەيرىھى» دېگەن.

كىشىلەر ئۇستۇن كۆتۈرۈلۈپ، ياخشىلار تۆۋەن كۆرۈلىدىغان بولۇپ كېتىشى، كىشىلەر گەپدان بولۇپ كېتىپ، ئەمەللىرى ناچارلىشىپ كېتىشى، كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كىتابىدىن باشقا يېزىلغان نەرسىلەر كەڭ تارقىلىدىغان بولۇپ كېتىشى»[128].

[128] «ئەلمۇستەدرەك» (8661). هاكىم، زەهەبىيلەر: «سەنەدى سەهىه» دېگەن.

## 57 ـ قۇرئاندىن باشقا كىتابلارنىڭ كەڭرى تارقىلىشى

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، كىشىلەر كىتابلارغا ناھايىتى قىزىقىدىغان، كىتابلار كۆپلەپ بېسىلىدىغان ۋە سېتىلىدىغان، بۇ كىتابلار كىتابخانىلارغا ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئاندىنمۇ كۆپرەك سېلىنىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا ئىلگىرىكى ھەدىس دەلىل بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇنۇ ئىشلار قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر: ...كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كىتابىدىن باشقا كىتابلارنىڭ كەڭرى تارقىلىشى»[129].

[129] يۇقىرىقى ھەدىس.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 58 -قارىيلار كۆپىيىپ، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئازلاپ كېتىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قارىيلارنىڭ كۆپىيىپ، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئازلاپ كېتىشىنىڭ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى خەبەر بەرگەن.

مەسىلەن، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، قارىيلار كۆپىيىپ، دىنىي ئۆلىمالار ئازلاپ، ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئاندىن شۇنداق بىر ۋاقىتلار كېلىدۇكى، كىشىلەر قۇرئان ئوقۇيدۇ - يۇ، لېكىن ئوقۇغان قۇرئانى ئۇلارنىڭ كېكىرتىكىدىن ئۆتمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، كافىر، مۇشرىك، مۇناپىقلار مۇئمىنلەر بىلەن خۇددى مۇئمىن ئۇلار دېگەن سۆزلەرنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ جېدەللىشىدىغان بولۇپ كېتىدۇ»[130].

ئىلىم ئالىملارنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئالىملار قالمىسا نادانلارنى ئۆزلىرىگە باش قىلىۋالىدۇ، ئۇ نادانلاردىن سوئال سورالغاندا ئىلىمسىز جاۋاب بېرىپ، ئۆزلىرىمۇ ئازىدۇ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئىلىمنى كىشىلەردىن يۇلۇپ ئالغاندەك ئالمايدۇ، بەلكى ئالىملارنى قەبزى روھ قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالا بىرەر ئالىمنىمۇ قويمىغاندا كىشىلەر ئۆزلىرىگە نادانلارنى باش قىلىۋالىدۇ، ئۇلاردىن سورالسا، بىلمەي تۇرۇپ پەتۋا بېرىدۇ. شۇنىڭ

---

[130] «ئەلمۇستەدرەك» (8412). ھاكىم، زەھەبىيلەر: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

بىلەن ئۆزىمۇ ئازىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ»[131].

ئالدىنقى ھەدىستە كەلگەن «ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى» دېگەن سۆزدىن مەقسەت ئىلىمنىڭ شۇ ئىلىم ئەھلىنىڭ قەلبلىرىدىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىشى ئەمەس، بەلكى «ئۇلارنىڭ ۋاپات بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نادان كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە باش قىلىۋېلىشى، شۇنىڭ بىلەن بۇ نادان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلمىسىزلىكىگە قارىماي بىلمەي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىپ، ئۆزلىرىمۇ ئېزىپ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرۇشى» دېگەنلىكتۇر. ئۆتكەن ئون يىلنىڭ ئىچىدە[132] كىشىلەرگە ئىلىم تارقىتىشتا چوڭ رول ئوينىغان ئۆلىمالاردىن بىرقانچىسىنىڭ ۋاپات بولۇشى بۇ ئۈممەتكە چوڭ يوقىتىش بولدى. مەسىلەن، سەئۇدىي ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتىنىڭ رەئىسى شەيخ، ئىمام ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز (ھ. 1420 / م. 1999)، ئەللامە شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىن (ھ. 1421 / م. 2000)، ھەدىسشۇناس ئالىم شەيخ مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئالبانىي (ھ. 1420 / م. 1999) ۋە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن داڭلىق ئۆلىمالار ۋاپات بولدى. ھەممىسىگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن.

كىمىكى بۇ ئۈممەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قارىسا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇشتا بەسلىشىپ، شەرئىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن، شەرئىەت ئەھكاملىرىنى چۈشىنىشتىن غەپلەتتە قېلىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. مۇبادا، سەن ئۇلارنىڭ بىرەرسىدىن تاھارەت ياكى سەھۋەنلىك سەجدىسى توغرۇلۇق سورىساڭ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى بايقايسەن.

---

[131] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (100)؛ مۇسلىم (4828).

[132] ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئالدىدىكى ئون يىلنى كۆرسىتىدۇ - ت.

## 59 ـ ئىلىمدە يېتىلمىگەن كىشىلەردىن ئىلىم ئۆگىنىلىدىغان بولۇپ كېتىشى

كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدىن تارتىپ كاتتا دىنىي ئالىملاردىن ئىلىم ئۆگىنىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ زاماندا چۈشەنچىسى تېيىز، دىنىي ئىلىمدە يېتىلمىگەن كىشىلەر باش بولىدىغان، ئۇلاردىن پەتىۋا سورىلىدىغان ۋە پەتىۋا بېرىدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

ئالدىنقى تېمىدا كەلگەن ھەدىستە: «قارىيلار كۆپىيىپ، دىنىي ئالىملار ئازلاپ كېتىدىغان، ھەتتاكى بىلىمسىز تۇرۇپ كىشىلەرگە پەتىۋا بېرىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمۇ ئېزىپ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدىغان، ئىلىمدە يېتىلمىگەن بىلىمسىز كىشىلەردىن ئىلىم ئۆگىنىلىدىغان بولۇپ كېتىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر» دەپ كەلگەن.

ئەبۇ ئۇمەييە ئەلجۇمەھىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىلىمدە يېتىلمىگەن كىشىلەردىن ئىلىم ئۆگىنىلىدىغان بولۇپ كېتىش قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[133] دېگەن.

ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكتىن «ئىلىمدە يېتىلمىگەن كىشىلەر» توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ: «ئۇلار ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلەيدىغان كىشىلەردۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىلىمدە يېتىلمىگەن كىشىلەر دېگەندىن ئىلىملىرى پۇختا بولمىغان، پەتىۋانى ئۇبدان بىرەلمەيدىغان، شەرئىي دەلىللەرنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرەلمەيدىغان كىشىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ. بەزىلەر: «ئۇلاردىن بىدئەت ئەھلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېگەن.

---

[133] ئىبنۇل مۇبارەك: «ئەززۇھد» ، (61). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم كىشىلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى، شۇنداقلا بۇ ئۇممەتنىڭ ئىلىمدە ۋايىغا يەتكەن ئۆلىمالىرى ئارقىلىق يەتسىلا، ياخشىلىق ئۈستىدە بولىدۇ. ئەگەر ئىلىم ئۇلارغا ئىلىمدە يېتىلمىگەن كىشىلىرى ئارقىلىق يېتىپ، نىيەت مەقسەتلىرى بۆلۈنۈپ كەتسە، ئۇلار ھالاك بولىدۇ»[134].

ئاللاھقا شۈكرى، زامانىمىزدا ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلى ياخشىلىق ئۈستىدە تۇرماقتا.

ئەگەر بىرەر كىشى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولسا، تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ ئومۇمىي مەسىلىلىرىنى يۈزەكى بىلگەن، بىر بۆلۈك مەشھۇر مەسىلىلەرنى چۈشەنگەن، ھەدىس، فىقھى ئىلىملىرىنى يۈختا ئىگىلىمىگەن، ئىلىمدە تاكامۇللاشمىغان، ئەمما كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلۇپ قالغان، ئىلىم ئۆگىنىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنى ماختاپ تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن كىشىلەرنىڭ پەتىۋا سوراش، ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ.

ئەگەر ئىلىمدە ۋايىغا يەتكەن ئۆلىمالار رادىئو - تېلېۋىزىيە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق كىشىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە كىشىلەر ئۇلارنى تونۇپ ھەم پەتىۋا سوراپ ئۇلارغا يۈزلەنگەن بولاتتى.

«ئىلىمدە يېتىلمىگەن كىشىلەر»دىن ياشتا كىچىكلەر دېگەن مەنە چۈشىنىلمەيدۇ. چۈنكى، ياشنىڭ چوڭ بولۇشى ئىلىملىك ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولمىغاندەك، ياشنىڭ كىچىك بولۇشىمۇ ئىلىمسىز ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئەمەس.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل[135] رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى: «ئىلىم

---

[134] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر» ، (8510). سەنەدى سەھىھ.

[135] ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەششەيبانىي ئەلمەرۋەزىي (الإِمَامُ أَحْمَدُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ حَنْبَلٍ الشَّيْبَانِيُّ الْمَرْوَزِيُّ ، ھ. 164 – 241 / م. 780

**ياشتا ئەمەس»[136] دېگەن.**

**ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ: «ئىلىم ياشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە باغلىق ئەمەس، لېكىن ئاللاھ - تائالا ئىلىمنى ئۆزى خاھلىغان كىشىگە بېرىدۇ»[137] دېگەن.**

**شۇڭا، باشقىلارغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىلىمنى پۇختا ئىگەللەپ، چۈشىنىپ، ئىلىمدە ۋايىغا يەتكەن ئۆلىمالار بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشى لازىم.**

– 855) باغدادتا ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك مۇھەددىس، فەقىھ. مەشھۇر «تۆت مەزھەب»نىڭ بىرى بولغان «ھەنبەلىي مەزھىبى»نىڭ ئىمامى. «ئەلمۇسنەد (المسند)» (چوڭ ھەجىملىك ھەدىسلەر توپلىمى)، «ئەززۇھد (الزهد)»، «ئەززۇھد («ئەنناسىخۇ ۋەلمەنسۇخۇ (الناسخ والمنسوخ)»، «ئەلمەسائىل (المسائل)» ۋە «ئەلئىلەل (العلل والرجال)» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى. ت.

[136] ئىبنۇلجەۋزىي: «مەناقىبۇل ئىمام ئەھمەد»، 149 - بەت.

[137] ئىبنى ئابدۇلبەر: «جامىئۇ بەيانىل ئىلىم»، 222 - بەت.

## 60 -تۆيۇقسىز ئۆلۈملەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان بولۇپ قېلىشى

بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئاشكارا بولغان قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ بىرى بولسا تۇيۇقسىز ئۆلۈملەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان بولۇپ قېلىشىدۇر. تۇيۇقسىز ئۆلۈم بولسا يۈرەك توختاپ قېلىش، قان - تومۇر توسۇلۇپ قېلىش، قاتناش ۋەقەسى، ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىش ھادىسىلىرى سەۋەپلىك تۇيۇقسىز يۈز بېرىۋاتقان ئۆلۈملەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تۇيۇقسىز ئۆلۈملەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان بولۇپ قېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[138] دېگەن.

ئىلگىرى كىشىلەر مەلۇم كېسەل سەۋەبىدىن بىر مەزگىل يېتىپ قالسا، ئۆزىدىكى ئۆلۈم بېشارەتلىرىنى ھېس قىلالايتتى. گاھىدا مۇشۇ كېسەل بىلەن كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ، ۋەسىيەتلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇپ، ئائىلە ئىچىدىكىلەر، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن خوشلىشىپ بالىلىرىغا ۋەسىيەت قىلىۋالاتتى. رەببىگە يۈزلىنىپ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنىڭ كەلىمە شاھادەت بولۇشى ئۈچۈن كەلىمە شاھادەتنى تەكرارلاشنى باشلايتتى. ئەمما، ھازىر كىشىلەرنى ساق - سالامەت، ھېچقانداق كېسەلدىن شىكايەت قىلمىغان بىجىرىم ھالەتتە كۆرىمىز، لېكىن تۇيۇقسىزلا ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن دۇنيادىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلايمىز. بۇنداق بولغانىكەن، ھەرقانداق ئاقىل ئادەم ھوشيار بولۇشى، ئۆلۈمگە، ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا تەييار تۇرۇشى لازىم.

پۇرسەت بىلگىن ھاياتنى

قىلىۋالغىن ئىبادەت

---

[138] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (9376). ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 5775) «ھەسەن» دېگەن.

ساڭا ئۆلۇم تەيياردۇر
كېلىپ قالار ھەر سائەت

قانچىلىغان زەبەردەس
كېسەل بولماس يىگىتلەر
ئىچىپ ئەجەل شارابىن
كېتىپ قالدى بىتاقەت

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 61 ـ دۆت كىشلەرنىڭ ھۆكۈمدار بولىدىغان بولۇپ كېتىشى

ئاۋام - پۇقرالارنىڭ ياخشى بولۇشى ھۆكۈمدارلارنىڭ ياخشى بولۇشىغا باغلىق. ئۇلارنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇزۇلۇشىغا باغلىقتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىتاب ۋە سۈننەتكە ئەگەشمەيدىغان، ۋەز - نەسىھەت قوبۇل قىلمايدىغان دۆت كىشىلەرگە ئىشلار تاپشۇرۇلىدىغان بولۇپ كېتىشىنىڭ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى خەبەر بەرگەن ئىدى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ ئى كەئب! ئاللاھ تائالا سېنى دۆت كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمدار بولىدىغان بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىسۇن، ـ دېدى. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! دۆت كىشىلەر دېگەن كىملەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ مەندىن كېيىن مېنىڭ كۆرسەتمىلىرىمگە ئەگەشمەيدىغان، سۈننىتىمگە ئەمەل قىلمايدىغان ھۆكۈمدارلار مەيدانغا كېلىدۇ. كىمكى ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىنى تەستىقلىسا، ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا ياردەملەشسە، ئەنە شۇلار مەندىن ئەمەس، مەنمۇ ئۇلاردىن ئەمەس. ئۇلار قىيامەت كۈنى مېنىڭ ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈمنىڭ بويىغا كېلەلمەيدۇ. ئەمما، كىمكى ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىنى تەستىقلىمىسا، ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا ياردەملەشمىسە، ئەنە شۇلار مەندىن، مەنمۇ ئۇلاردىن. ئۇلار مېنىڭ ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈمنىڭ بويىغا كېلەلەيدۇ. ئى كەئب! روزا قالقاندۇر. سەدىقە خاتالىقلارنى ئۆچۈرگۈچىدۇر. ناماز ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرغۇچىدۇر ياكى ھۆججەتتۇر. ئى كەئب! ھارام بىلەن (ئوزۇقلىنىش نەتىجىسىدە) ئۆسكەن بەدەن جەننەتكە مەڭگۈ كىرەلمەيدۇ.

ئـۇ جەھەننەمگـە بـەك لايىقتـۇر. ئـى كەئـب! كىشـىلـەر ئەتىگەنـدە چىقىـپ، ئۆزىنى سېتىپ يا ئۆزىنى ئازاد قىلىدۇ، يا ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ»[139].

يەنـە بىـر ھەدىسـتە: «ھـەر بىـر قەبىلىگـە ئـۇ قەبىلىنىـڭ مۇناپىقلىـرى باش بولمىغۇچە، قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[140] دەپ كەلگەن.

مۇناپىــقلار بولسـا ئىمانــى سـۇس، ئالـلاھتىــن قورقمايدىغــان، گۇنــاھ - مەئسىيەتكە پاتقان، ئىنتايىن بىلىمسىز ئادەملەردۇر.

كىشــىلەرنىڭ پادىشــاھ، ھۆكۈمدارلىــرى مۇشــۇ ھالــدا بولـۇپ قالسـا، ئىــشلار قالايمىقانلىشــىپ، يالغانچــى ئــادەم راســتچىل، راسـتچىل ئــادەم يالغانچى، خىيانەتكار ئادەم ئىشەنچلىك، ئىشەنچلىك ئادەم خىيانەتكار دەپ قارىلىدىغـان، بىلىمســىز ئــادەم ســۆزلەپ، بىلىملىــك ئــادەم جىــم تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

شـەئبىي مۇنـداق دېگـەن: «بىلىملىـك ئادەملـەر نـادان، نـادان ئادەملـەر بىلىملىك دەپ قارالماي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[141].

بۇلارنىــڭ ھەممىسـى ئاخىــر زامانــدا ئىـشلار ۋە ھەقىقەتلـەر ئاسـتىن - ئۈستۈن بولىدىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئابــدۇللاھ ئىبنــى ئەمــر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا رىۋايــەت قىلىدۇكــى، پەيغەمبــەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياخشــىلارنىڭ تـۈۋەن كۆرۈلـۈپ، ئەســكىلەرنىڭ ھۆرمەتلىنىدىغــان بولــۇپ كېتىشــى قىيامەتنىــڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[142] دېگەن.

---

[139] «ئەھمـەد» (14481). شـۇئەيب ئەلئەرنائـۇت: «ئىمـام مۇسـلىم شـەرتىگە ئاساسـەن سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[140] تەبەرانـي: «ئەلمۇئجەمـۇل ئەۋسـەت» ، (4861). ئالبانـي («ئەسسلسـلەتۇززەئىفە» ، (1791): «ئىنتايىن زەئىف» دېگەن.

[141] «ئىبنى ئەبى شەيبە» (38743).

[142] «ئەلمۇستەدرەك» (8661). ھاكىم، زەھەبىيلەر: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

## 62 ـ ۋاقىتنىڭ قىسقىراپ كېتىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاقىتنىڭ قىسقىراپ كېتىشىنىڭ قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەبەر بەرگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «(ئاخىر زاماندا) ۋاقىت قىسقىراپ كېتىدۇ (يەنى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ)، ئەمەل قىلىش[143] ئازلاپ كېتىدۇ، بېخىللىق (كىشىلەر قەلبىگە) تاشلىنىدۇ، پىتنەلەر كەڭ تارقىلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈش كۆپىيىپ كېتىدۇ»[144].

ئۆلىمالار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ۋاقىت قىسقىراپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزىگە تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل چۈشەنچە بەرگەن:

1. «ۋاقىت قىسقىراپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزدىن ئىلگىرىكى كىشىلەر بىرەر سائەتتە قىلىپ تۈگىتىدىغان ئىشلارنى كېيىنكىلەرنىڭ بىر نەچچە سائەتتىمۇ قىلىپ بولالمايدىغان دەرىجىدە ۋاقىتنىڭ بەرىكىتىنىڭ كېمىيىپ كېتىدىغان بولۇپ كېتىشى مەقسەت قىلىنغان؛

ئىمام ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: «مۇشۇ ئەھۋال بىزنىڭ زامانىمىزدا يۈز بەردى، چۈنكى ئىلگىرىكىلەر ھېس قىلمىغان ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈشىدىن ئىبارەت ھادىسىنى بىز ھېس قىلىۋاتىمىز»[145].

[143] «مۇسلىم» رىۋايەتىدە: «ئىلىم ئازلاپ كېتىدۇ» دەپ كەلگەن.

[144] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (6037)؛ مۇسلىم (157).

[145] «فەتھۇلبارىي» ، 66/20.

2. يىراقنى يېقىن قىلىدىغان ئۈچۈر - ئالاقە ۋاسىتىلىرى، قۇرۇقلۇق، ھاۋا قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يېقىن بولۇپ كېتىشى مەقسەت قىلىنغان؛

3. زامان ئاخىرىدا ۋاقىتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى مەقسەت قىلىنغان؛ چۈنكى، ئاللاھ تائالا خالىسا كۈنلەرنى ئۇزۇن قىلىدۇ، خالىسا قىسقا قىلىدۇ. خالىسا كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئالماشتۇرىدۇ. بۇ قارىشىمىزنى ئۇزۇنلۇقى بىر كۈنى بىر يىلدەك، يەنە بىر كۈنى بىر ئايدەك، يەنە بىر كۈنى بىر ھەپتىدەك بولىدىغان، دەججال چىقىدىغان كۈنلەر كۈچلەندۈرىدۇ. كۈنلەر قىسقارغانغا ئوخشاش ئۇزىرايدۇ. بۇ ئەھۋال تېخى يۈز بەرمىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ۋاقىت قىسقىراپ (بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ)، ھەتتا بىر يىل بىر ئايدەك، بىر ئاي بىر ھەپتىدەك، بىر ھەپتە بىر كۈندەك، بىر كۈن بىر سائەتتەك، بىر سائەت ئوت تۇتاشتۇرغۇچىلىك ۋاقىتتەك بولۇپ كەتمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ»[146].

4. ئۆمۈرنىڭ قىسقىراپ كېتىشى مەقسەت قىلىنغان.

---

[146] ئەھمەد (10956). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىمام مۇسلىم شەرتىگە ئاساسەن سەنەدى سەھىھ» دېگەن. تىرمىزي (2332). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

## 63 -ئەرزىمەس، نادان ئادەملەرنىڭ كىشىلەرگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىدىغان بولۇپ كېتىشى

ئەسلىدە كىشىلەرگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىدىغان كىشى ئەقىل پاراسەتلىك، سۆزمەن بولۇشى كېرەك. كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ ۋاقىتتا كىشىلەر بۇزۇلۇپ، ئەرزىمەس، نادان ئادەملەر كىشىلەرگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- دەججالدىن بۇرۇن كىشىلەرگە شۇنداق ئالدامچى يىللار كېلىدۇكى، راستچىل كىشىلەر يالغانچىغا، يالغانچى كىشىلەر راستچىلغا چىقىرىلىدۇ. خىيانەتكار كىشىلەر ئىشەنچلىك كىشىلەرگە، ئىشەنچلىك كىشىلەر خىيانەتكار كىشىلەرگە چىقىرىلىدۇ. رۇۋەيبىزەلەر (كىشىلەرگە ۋاكالىتەن) سۆز قىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھتىن:

- رۇۋەيبىزەلەر دېگەن كىم؟ - دەپ سورىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

- ئاۋامنىڭ ئىشى توغرىسىدا سۆزلەيدىغان ئەرزىمەس، نادان ئادەملەردۇر، - دەپ جاۋاب بەردى»[147].

ئەرزىمەس، نادان كىشىلەرنىڭ ياخشى كىشىلەردىن بەكرەك ھۆرمەتلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئىشىنىڭ شۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشى

---

[147] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (14551). ھەيسەمىي (12469): «بۇ ھەدىسنى تەبەرانىي بىرقانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدلەرنىڭ ئەڭ ياخشى بىرىدە ئىبنى ئىسھاق ئىسىملىك مۇدەللىس بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر» دېگەن. بۇسەيرىي («ئەلئىتھاف»، 7624): «بۇنى ئەبۇ يەئلا بىلەن بەززار ئوخشاش بىر سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

بۇ زاماندا يۈز بەرگەن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. مانا بۇ بىزنىڭ زامانىمىزدا ئەڭ كۆپ يۈز بېرىۋاتقان رېئاللىقتۇر. ئەسلىدە ئىلىملىك، ئەقىللىق، تەجرىبىلىك كىشىلەر ئاۋام خەلقنىڭ ئىشلىرى ۋە سىياسەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا باشقىلارنىڭ ئالدىدا بولۇشى كېرەك ئىدى.

كىشىلەرنىڭ هازىرقى ئەهۋالىنى ئويلىنىپ كۆرگەن ئادەم بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ ئۆز دىنىنىڭ زىيىنىغا بولسىمۇ، هاۋايى - هەۋەسلىرى ۋە مەنپەئەتلىرىنى روياپقا چىقىرىشقا ئۈرۈنۈۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن نادان كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە باش قىلىۋالغانلىقىنى بايقايدۇ.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 64 -تېگى پەس، ئۆزىمۇ پەس ئادەملەرنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەر سانىلىپ قېلىشى

يالغانچىلار راستچىل، راستچىللار يالغانچى، خىيانەتكارلار ئىشەنچلىك، ئىشەنچلىك كىشىلەر خىيانەتكار دەپ قارىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىشىغا نادان كىشىلەر ئىگە بولىدىغان، ئىشلار شۇ ئىشلارنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەملەرگە تاپشۇرۇلىدىغان زامانلارنىڭ كېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تېگى پەس، ئۆزىمۇ پەس ئادەملەر دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەملەر بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[148] دېگەن.

ۋە يەنە: «دۇنيا تېگى پەس، ئۆزىمۇ پەس ئادەملەرنىڭ قولىغا ئۆتمىگۈچە زامان ئاخىر بولمايدۇ»[149] دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى: «پات يېقىندا تېگى پەس، ئۆزىمۇ پەس بولغان ئادەملەر دۇنياغا غوجا بولىدۇ»[150] دېگەن.

«تېگى پەس، ئۆزىمۇ پەس بولغان ئادەملەر» دېگەنلىك ماختىلىدىغان ھېچقانداق ئەخلاق پەزىلىتى يوق ناچار ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەرەبلەردە بولسا ناچار، يامان قۇلنى كۆرسىتىدۇ. «پەس» دېگەن سۆز «ھاماقەت، بىلىمسىز» دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

---

[148] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، (628). ھەيسەمىي («مەجمەئۇززەۋائىد»): «تەبەرانىينىڭ ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىس توپلاملىرىدىكى راۋىيلاردۇر، ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكمۇ ئىشەنچلىك» دېگەن.

[149] ئەھمەد (15869). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ ھەدىس، سەنەدى ھەسەن» دېگەن.

[150] ئەھمەد (23701). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

مۇشۇنداق پەس ئادەملەر پۇل - پۇچەك، شان - شەرەپ، ئىسىل ئۇلاغ (قاتناش ۋاستىسى)، كەڭرى ئۆي - زېمىن قاتارلىق مال - دۇنيالار بىلەن ئەڭ بەختلىك كىشىلەرگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى، ناچار بولغاچقا ئۇلار ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماستىن بايلىق توپلايدۇ، (شەرىئەتكە پەرۋا قىلماستىن) كىشىلەرنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلىپ، مال - دۇنياغا ئېرىشىدۇ.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 65 - مەسجىدلەرنىڭ ئۆتەر يولغا ئايلىنىپ قېلىشى

مەسجىدلەرنىڭ ئۆتەر يولغا ئايلىنىپ قېلىشى - «كىشىلەرنىڭ مەسجىدلەرنى ئىبادەت ۋە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقا تەرەپلەرگە ئۆتىدىغان جاي قىلىۋېلىشى، شۇ ئارقىلىق مەسجىدلەرنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان جاي بولۇشتىن بەكرەك كىشىلەرنىڭ ئۆتىدىغان يولى بولۇپ قېلىشى» دېگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 66، 67 ـ مېھر ھەققىنىڭ ۋە ئاتلارنىڭ قىممەتلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئەرزان بولۇپ كېتىشى

خارىجە ئىبنى سەلت رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقتۇق، ئىمام ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن، بىزمۇ نامازنى ئوقۇماقچى بولۇپ، كېلىپ سەپكە تىزىلدۇق. كېيىن بىر ئادەم ئۆتتى. ئۇ ئادەم:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكە (سالام ساڭا)، ئى ئەبۇ ئابدۇرراھمان! ـ دەپ ئابدۇللاھقا سالام بەردى. ئابدۇللاھ:

ـ ئاللاھ بۈيۈكتۇر! ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى راست ئېيتتى، ـ دېدى. بىز نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

ـ ئى ئەبۇ ئابدۇرراھمان! ئۇ ئادەمنىڭ سالىمى سېنى بىئارام قىلىپ قويغاندەك تۇرىدىغۇ؟ ـ دېدۇق. ئابدۇللاھ:

ـ شۇنداق، ـ دەپ بولۇپ:

ـ مەسجىدلەرنىڭ ئۆتەر يول بولۇپ قېلىشى، كىشىلەرنىڭ تونۇشلىرىغىلا سالام بېرىدىغان، ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىرلىكتە سودا ـ سېتىق قىلىدىغان بولۇپ كېتىشى، ئاياللارنىڭ مېھر ھەققىنىڭ ۋە ئاتلارنىڭ قىممەتلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئەرزان بولۇپ كېتىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ قىممەت بولماسلىقى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر، ـ دېدى»[151].

---

[151] «ئەلمۇستەدرەك» (8598). ھاكىم، زەھەبىيلەر: «سەھىھ» دېگەن.

## 68 -بازارلارنىڭ بىر - بىرىگە يېقىن بولۇپ كېتىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ھەرقايسى دۆلەت ۋە شەھەرلەر ئارىسىدا قاتنايدىغان ئايروپىلان، ماشىنا قاتارلىق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى، رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئىنتېرنېتتىن ئىبارەت ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىق پۈتۈن جاھاندىكى كىشىلەرنىڭ يېقىنلاشقانلىقى سەۋەبىدىن ئىنسانلار قىسقا ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بازارلاردا ئايلىنىپ يۈرەلەيدىغان، شۇ بازارلاردىكى نەرسە - كېرەكلەرنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسكەن ياكى چۈشكەنلىكىنى بىلەلەيدىغان، ھەرقايسى بازارلار ئوتتۇرىسىدا بېرىپ - كېلىشى ئىنتايىن قولايلاشقان، مۇساپىلەر يېقىنلاشقان بىزنىڭ مۇشۇ زامانىمىزدىن ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن ئىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «فىتنەلەر ئاشكارا بولۇپ، گۇناھلار كۆپىيىپ، بازارلار بىر - بىرىگە يېقىنلاشمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ»[152] دېگەن.

تۆۋەندىكى ئۈچ خىل سەۋەب بىلەن بازارلار بىر - بىرىگە يېقىن بولىدۇ:

1. بازارلاردىكى مال باھالىرىنىڭ ئۆسكەن ياكى چۈشكەنلىكىنى بىلىشنىڭ تېزلىشىشى؛
2. بازارلار ئارىسىدىكى مۇساپە ناھايىتى يىراق بولسىمۇ، بېرىپ - كېلىشنىڭ تېز بولۇشى؛
3. بازارلاردىكى كىشىلەرنىڭ مال باھالىرىنى يۇقىرى ياكى تۆۋەن قىلىشتا بىر - بىرىگە ئوخشاش قىلىش ئارقىلىق

[152] ئەھمەد (10735). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 2772) «سەھىھ» دېگەن.

بازارلاردىكى مال باھالىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا يېقىن بولۇشى.

شەيخ ىبن باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھەددىستە تىلغا ئېلىنغان مەزكۇر يېقىنلىشىش ۋە قىسقىراشتىن بىزنىڭ بۇ ئەسىرىمىزدىكى ئايروپىلان، ماشىنا، رادىئو ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئارقىلىق ھەرقايسى شەھەر ۋە رايونلارنىڭ بىر - بىرىگە يېقىن بولۇشى، شۇنداقلا سەپەر ۋاقتىنىڭ قىسقىرىشى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ۋەللاھۇ ئەئلەم»[153].

---

[153] «فەتھۇلبارىي» ، بتعليق الشيخ بن باز، 606/2.

## 69 -كافىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەمكارلىشىدىغان بولۇپ كېتىشى

كافىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەمكارلىشىدىغان بولۇپ كېتىشى قىيامەت يېقىنلاشقان زامان ئاخىرىدا يۈز بېرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر. لېكىن، ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتنى قوغدىغۇچىدۇر ۋە ساقلىغۇچىدۇر.

تارىخقا دىققەت بىلەن قارىغان ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئۇرۇشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى، ئۇلارغا نۇرغۇن مۇسىبەتلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى قوغدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. مەسىلەن، ئەھلىسەلىب ئۇرۇشلىرىدا پۈتۈن خرىستىيانلار مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلانغان. ئاللاھ تائالا خرىستىيانلارغا قارشى بۇ ئۈممەتكە غەلىبە ئاتا قىلغان. موڭغۇللار مۇسۇلمان دىيارلىرىنى بېسىۋالغان، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى بەربات قىلغان. بىزنىڭ بۇ ئەسىرىمىزدىمۇ خرىستىيان ۋە يەھۇدىيلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەمكارلاشماقتا.

غەلىبە مۇسۇلمانلارغا يۈزلىنىشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دىنىغا قايتىپ كېلىشىگە ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىمىز كامىلدۇر.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[22/«ھەج»: 17].

﴿ئاللاھ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[58/«مۇجادىلە»:21].

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئىنسانلارنىڭ خۇددى قاچىدىكى تاماققا دۇم چۈشكەندەك سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشىگە ئاز قالدى، – دېدى. بىرەيلەن:

– ئۇ چاغدا، بىزنىڭ سانىمىز ئاز بولغانلىقتىنمۇ؟ – دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ياق، سانىڭلار كۆپ بولىدۇ. ئەمما كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىۋاتقان ئەخلەت – چاۋاردەك كۈچسىز بولىسىلەر. ئاللاھ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەرنىڭ ھەيۋىتىڭلارنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋەھن سېلىپ قويىدۇ، – دېدى. ئۇ ئادەم:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ۋەھن دېگەن نېمە؟ – دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش، – دەپ جاۋاب بەردى»[154].

بۇ ھەدىس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەر-لىكىنىڭ دەلىللىرىدىن، شۇنداقلا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. چۈنكى، ھازىر پۈتۈن كاپىرلار (بىر تاۋاقتىن) تاماق يېگۈچىلەر تاۋاق ئەتراپىغا ئولاشقاندەك، مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەمكارلاشتى. بۇ ئاجىزلىق ۋە خارلىقنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ھازىر كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىۋاتقان ئەخلەت - چاۋاردەك قىلچىلىك ئېتىبارى يوق بولغانلىقىدىندۇر. مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى مىلياردتىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ دەرىجىدە كۆپلۈكى سۈپەت - ساپا جەھەتتە بولماستىن، بەلكى سان جەھەتتىلا بولۇپ قالغان.

[154] ئەھمەد (22397). باھا بەرگۈچىلەر: «سەنەدى ھەسەن» دېگەن. ھەيسەمي: («مەجمەئۇززەۋائىد» 563/7) «سەنەدى ياخشى» دېگەن. ئەبۇ داۋۇد (4297). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 958) «سەھىھ» دېگەن.

## 70 -كىشىلەرنىڭ نامازدا ئىمام بولۇشنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ قويىدىغان بولۇپ كېتىشى

كىشىلەر ئارىسىدا شەرئىي بىلىملەرنى بىلمەسلىك مەيدانغا كېلىپ ئومۇملىشىشى، ھەتتا قىرائەتنى ئوبدان، تەجۋىدلىك ئوقۇيالمىغانلىقى، شەرئىي ئەھكاملارنى بىلمىگەنلىكى تۈپەيلى، نامازدا ئىمام بولۇشتىن باش تارتىشى سەۋەبىدىن ئۆزلىرىگە ناماز ئوقۇپ بەرگۈدەك ئىمام تاپالماي، بىر - بىرىنى ئىمام بولۇشقا ئىتتىرىپ قويىدىغان بولۇپ كېتىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

سەلامە بىنتى ھۆر رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەسجىدتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىمام بولۇپ بېرىدىغان ئادەم تاپالمىغانلىقتىن ئىمام بولۇشقا بىر - بىرىنى ئىتتىرىدىغان بولۇپ كېتىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[155].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، ئۇلار مەسجىدلەرگە يىغىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ - يۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مۇئمىن كىشى تېپىلمايدۇ»[156].

بەلكىم، بۇ زامان تېخى كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھقا شۈكرى، ھەر جايدا ئىلىم سورۇنلىرى ۋە ئۆلىمالار يەنىلا بار. مەسجىدلەر بولسا يەنىلا ئۆلىمالار، تالىبۇل ئىلىملەر، تەجۋىدلىك قارىلار بىلەن تولۇپ تېشىپ تۇرماقتا.

---

[155] ئەبۇ داۋۇد (581). ئالبانىي: «زەئىپ» دېگەن.

[156] «ئەلمۇستەدرەك» (8365). ھاكىم بىلەن زەھەبىيلەر: «ئىمام بۇخارىي بىلەن مۇسلىم شەرتى بويىچە سەھىھ» دېگەن.

## 71 - مۇئمىنلەرنىڭ چۈشىنىڭ راست چىقىدىغان بولۇپ كېتىشى

ئۇيقۇدا كۆرگەن چۈشلەرنىڭ مەنە (تەبىرى) ۋە ھۆكۈملىرى بار بولۇپ، چۈشلەرنىڭ بەزىلىرى تاڭ نۇرىدەك راست، يەنە بەزىلىرى يالغان بولىدۇ. ۋەيەنە بەزىلىرى بولسا ئوي - خىياللار سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ياخشى چۈش پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارچىسىنىڭ بىرىدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- مەندىن كېيىن پەيغەمبەرلىكتىن پەقەت خۇش بېشارەت بەرگۈچىلەرلا قالدى، - دېدى. ساھابەلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ! خۇش بېشارەت بەرگۈچىلەر دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- كىشىلەر كۆرىدىغان ياخشى چۈش، - دەپ جاۋاب بەردى»[157].

چۈشلەر راست چىقىپ، مۇئمىنلەرگە بېشارەت بولىدىغان بولۇپ كېتىشى قىيامەتنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، زامان ئاخىرىدا مۇئمىنلەرنىڭ چۈشلىرى ئاساسەن راست ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدۇ. ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدا غېرىب بولۇپ قالغىنىدا چۈشلەر ئۇلارغا تەسەللى بېرىدىغان ۋە كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسىسى بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى سىرىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت يېقىنلاشقاندا، مۇسۇلماننىڭ چۈشى ئاساسەن راستقا چىقىدۇ، ئاراڭلاردا چۈشى راست چىقىدىغىنىڭلار سىلەرنىڭ راست سۆزلەيدىغى-

[157] بۇخارىي (6990).

ىنىڭلاردۇر. مۇسۇلماننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 45 پارچىسىنىڭ بىرىدۇر. چۈش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ياخشى چۈش بولۇپ، ئاللاھتىن بېشارەتتۇر. يەنە بىرى، يامان چۈش بولۇپ، شەيتاندىندۇر. ئۈچىنچىسى، كىشى ئويلاپ ياتقان ئىشلاردىن كېلىپ چىقىدىغان چۈشتۇر. سىلەردىن بىر كىم يامان چۈش كۆرسە، ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسۇن ۋە چۈشىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمىسۇن». يەنە دېدى: «چۈشتىكى كىشەننى ياخشى كۆرىمەن، تاقاقنى يامان كۆرىمەن. كىشەن دېگەن دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ»[158].

هافىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: «‹قىيامەت يېقىنلاشقاندا، مۇسۇلماننىڭ چۈشى ئاساسەن راستقا چىقىدۇ› دېگەنلىكنىڭ مەنىسى بولسا مۆئمىنلەر كۆرگەن چۈشلەر كۆپىنچە تەبىر بېرىشكە موھتاج بولمايدىغان دەرىجىدە ئوچۇق بولىدۇ، يالغان چىقمايدۇ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدۇ. باشقا چۈشلەر بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە تەبىر بەرگەندەك چىقمايدۇ. بۇنىڭ زامان ئاخىرىغا خاس قىلىنىشىدىكى ھېكمەت بولسا ھەدىستە: ‹ئىسلام غېرىبانە باشلانغان، يەنە غېرىبانە ھالىتىگە قايتىدۇ›[159] دەپ كەلگەندەك مۆئمىن غېرىب ھالەتتە بولىدۇ، مۆئمىنگە تەسەللى بېرىدىغان، ياردىمى بولىدىغان نەرسىلەر ئازلاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغۇزىدىغان ۋە خۇش بېشارەت بېرىدىغان ياخشى چۈشلەرنى ئاتا قىلىدۇ»[160].

### مۆئمىنلەرنىڭ چۈشى راست چىقىدىغان زامانىنى بەلگىلەشتە ئىككى خىل ئېھتىماللىق بار:

فىتنە - پاسات ۋە ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن دىنىي ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى كىشىلەر بىلمەس بولۇپ قالىدىغان چاغ بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋاقىتتا مۆئمىنلەر غېرىب بولۇپ قالىدۇ، ياخشى چۈشلەر ئۇنىڭغا تەسەللى بولىدۇ؛ بۇ قاراشنى ئىبنى ھەجەر

[158] مۇسلىم (145).

[159] مۇسلىم (2263). ئەبۇ يەئلا (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: «ئاخىرقى جۈملىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى مۇھەممەد ئىبنى سىرىننىڭ دېگەنلىكىنى بىلەلمىدىم».

[160] «فەتھۇلبارىي» ، 451/19.

دېگەن[161].

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، شۇ زاماندىكى كىشىلەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ساھابە كىراملاردىن قالسىلا سۆز - ھەرىكەتلىرى ئەڭ راستچىل، ئەڭ ياخشى كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى ئاسانلىقچە يالغان چىقمايدۇ[162].

---

[161] يۇقىرىقى مەنبە.

[162] يۇقىرىقى مەنبە.

## 72 - يالغانچىلىقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى

يالغانچىلىق يىرگىنىشلىك ئاپەت بولۇپ، كىشى يالغانچىلىق قىلىشۋەرسە، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاززاب (يالغانچى) دەپ پۈتۈلىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «مۇئمىندە خىيانەتكارلىق بىلەن يالغانچىلىقتىن باشقا بارلىق (يامان) خۇي تېپىلىشى مۇمكىن»[163].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئەھلىدىن بىرەرسىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلسە، ئۇ كىشى تەۋبە قىلغانغا قەدەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيتتى. كىشىلەر ئارىسىدا گەپ - سۆزدە يالغانچىلىق قىلىشتىن ۋە كىشىلەر ئارىسىدا خەبەر يەتكۈزۈشتە ئىشەنچلىك بولماسلىقتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان دەرىجىدە يالغانچىلىقنىڭ ئاشكارا بولۇپ كېتىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. مانا بۇ يالغانچىلىقنىڭ قەبىھلىكى، تەسىرىنىڭ ناچارلىقى ۋە كىشىلەر ئارىسىدا كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاخىر زاماندا ئالدامچى، كاززابلار بولىدۇ. ئۇلار سىلەر ياكى ئاتا - بوۋاڭلار ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ھەرگىز ئىشىنىپ كەتمەڭلار، سىلەرنى ئازدۇرۇپ فىتنىگە تىقىپ قويمىسۇن»[164].

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەتنىڭ ئالدىدا كاززابلار مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار»[165].

[163] ئەھمەد (22224). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىپ» دېگەن. لېكىن، بۇ سۆز ھەزرىتى سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سەھىھ سەنەد بىلەن كەلگەن. ئىبنى ئەبى شەيبە (30975).

[164] مۇسلىم (7).

[165] مۇسلىم (1822).

هازىرقى زاماندىكى كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا يالغانچىلىقتىن ساقلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن غەلىتە خەبەرلەر، قىسسەلەر ۋە گەپ - سۆزلەر نىمىدېگەن كۆپىيىپ كەتكەن - ھە! شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاڭلىغانلىكى ھەرقانداق سۆزنى تەستىقلاش ۋە باشقىلارغا يەتكۈزۈشتىن توسقان. شۇڭا، بىز يالغانچىلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قېلىپ، زالالەت ۋە گۇناھ - مەئسىيەتكە چۈشۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن باشقىلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان خەبەرلىرىمىزنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلىشىمىز كېرەك.

ئەمما، بۈگۈنكى كۈندىكى ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىش ۋە شۇ سۆزلەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلىمايلا ئاشۇرۇپ ياكى كېمەيتىپ سۆزلەش بولسا ھارام بولغان يالغانچىلىقنىڭ تۈرىدۇر.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 73 -كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى تونۇماس بولۇپ كېتىشى

بالايى - ئاپەت ۋە فىتنە - پاساتلار كۆپىيىپ كەتكەن چاغدا كىشىلەر ئۆتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئاجىزلاپ، ھەتتاكى ئايرىلىش ۋە قەلبلەرنىڭ دۇشمەنلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. كىشىلەر پەقەت دۇنياۋى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈنلا بىر - بىرىنى ئىزدىشىدۇ.

ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىيامەت توغرىسىدا سورالغاندا:

- قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت رەببىم ئاللاھلا بىلىدۇ. پەقەت ئاللاھلا ئۇنى بولىدىغان ۋاقتىدا مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. لېكىن مەن سىلەرگە ئۇنىڭ ئالدىدىئالا بولىدىغان ئالامەتلىرى ۋە بەلگىلىرىدىن خەبەر بېرەي. قىيامەتنىڭ ئالدىدا فىتنە ۋە ھەرج بولىدۇ، - دېدى. ساھابەلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ! فىتنەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىغۇ بىلىمىز، ‹ھەرج› دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ:

- ھەرج ھەبەش تىلىدىكى بىر سۆز بولۇپ، ئۆلتۈرۈش دېگەن مەنىدە. (قىيامەتنىڭ ئالدىدا يەنە) كىشىلەر ئارىسىدا بىر - بىرىنى تونۇماسلىق يۈز بېرىپ، ھېچكىم ھېچكىمنى تونۇمىغىلى تاس قالىدۇ، - دېدى»[166].

بۇ ھەدىس ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر يېقىن تۇغقانلىرىنى ئاسانلىقچە تونۇمايدىغان بولۇپ كەتتى، ھەتتا ئەۋلادلىرىنىڭ بەزىلىرىگە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۇچرىشىپ قالسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، كىشىلەر

[166] ئەھمەد (23354). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئالاقىلەر شەخسىي ۋە دۇنياۋى مەنپەئەتلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلمىغان. شۇڭا، بۇ ئالاقىلەر ئىنتايىن تېز شەكىللىنىپ، ئىنتايىن تېز ئاخىرلىشىدۇ. كىشىلەر باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشتا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى مەنپەئەتلىرىگىلا قارايدۇ، ئەگەر بۇ مۇناسىۋەت ئۆزلىرىگە پايدا ئېلىپ كېلىدىغان بولسا ئالاقە قىلىشىدۇ، بولمىسا ئايرىلىدۇ.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 74 -يەر تەۋرەشنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى

يەر تەۋرەشنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى قىيامەتنىڭ ئالدىدا بولىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر. يەر تەۋرەش بۇ ئۈممەت ئۈچۈن رەھمەت ۋە گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ ياكى ئۇلارغا بېرىلگەن ئازاب ۋە جازا بولىدۇ.

ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەري رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ بۇ ئۈممىتىم رەھىم قىلىنغان ئۈممەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ئازاب يوقتۇر. ئەمما، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئازابىنى مۇشۇ دۇنيادا قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇش، يەر تەۋرەش ۋە فىتنە - پاساتلاردۇر»[167].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىلىم كۆتۈرۈلمىگۈچە، يەر تەۋرەش كۆپەيمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[168].

ئابدۇللاھ ئىبنى ھەۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەن: «ئى ئىبنى ھەۋالە! خەلىفەلىكنىڭ بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە يۆتكەلگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، يەر تەۋرەش، بالايىئاپەت ۋە چوڭ ھادىسەلەر يېقىنلاشقان بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، قىيامەت ئىنسانلارغا بۇ قولۇمنىڭ بېشىڭغا يېقىنلىقىدىنمۇ يېقىنراق بولىدۇ»[169].

---

[167] «ئەلمۇستەدرەك» (8372)؛ ھاكىم: «سەھىھ» دېگەن. ئەبۇ داۋۇد (4278)؛ ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 959) «سەھىھ» دېگەن.

[168] بۇخارىي (7121).

[169] ئەھمەد (22854)؛ ئەبۇ داۋۇد (2535). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

## 75، 76 - ئايالّلارنىڭ كۆپىيىپ، ئەرلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى

زامان ئاخىرىدا ئايالّلارنىڭ كۆپىيىپ، ئەرلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. بەزىلەر: «ئايالّلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بولسا ئۇرۇشلارنىڭ كۆپ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولىدىغان فىتنەلەردۇر. چۈنكى، ئۇرۇشنى ئاساسەن ئەرلەر قىلىدۇ، ئايالّلار قىلمايدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «بۇ نۇرغۇن ئايالّلار ئەسىر ئېلىنىپ، بىر ئەر نەچچىلىگەن ئايالّلارغا ئىگە بولىدىغان فەتىھلەرگە ئىشارەتتۇر» دېگەن.

ئىمام ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: «شۇنىسى ئېنىقكى، ھەقىقەتەن ئايالّلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى پەقەت قىيامەتنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. بۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ زامان ئاخىرىدا قىزلارنىڭ كۆپ تۇغۇلۇشى ۋە ئوغۇللارنىڭ ئاز تۇغۇلۇشىنى تەقدىر قىلىشىدىن باشقا سەۋەبى بولمىسا كېرەك»[170].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇنۇلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر: ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ نادانلىقنىڭ، جاھىللىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى، زىنانىڭ ئاشكارا قىلىنىدىغان، ھاراق - شارابلارنىڭ (ئاشكارا) ئىچىلىدىغان، ئەرلەر ئازلاپ، ئايالّلارنىڭ كۆپىيىپ، ھەتتا ئەللىك ئايالنىڭ تۇرمۇشىغا بىر ئەر كىشى ئىگە بولىدىغان بولۇپ كېتىشى».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «زىنانىڭ ئاشكارا قىلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى، ئەرلەر ئازلاپ، ئايالّلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى»[171] دەپ كەلگەن.

ئومۇمەن بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئوغۇل - قىزلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى

---

[170] «فەتھۇلبارىي» ، 133/1.

[171] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (81)؛ مۇسلىم (4825).

بىلەن ئەر - ئاياللارنىڭ سانى توغرىسىدىكى نوپۇزلۇق ستاتىستىكىلارنى مۇلاھىزە قىلىپ باققان ئادەم بۇ ئالامەتنىڭ بىزنىڭ زامانىمىزدا ئاشكارا بولغانلىقىنى بايقايدۇ.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 77 -زىنانىڭ ئوچۇق - ئاشكارا قىلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشى بىلەن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئوچۇق - ئاشكارا زىنا قىلىدىغان دەرىجىدە زىنانىڭ ئوچۇق - ئاشكارا قىلىنىدىغان بولۇپ كېتىشىنى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن دەپ خەبەر بەرگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتىن بىرنەرسە تىلەيدىغان بىرمۇ كىشى قالمىغۇچە، ئايال كىشى كۆپكۆندۈزدە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئوچۇق - ئاشكارا زىنا قىلىنسا، ھېچكىم ئۇنى ئەيىبلىمەيدىغان ۋە ئۆزگەرتمەيدىغان بولۇپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى: ‹ماۋۇ ئايالنى يولنىڭ سەل چېتىگە ئەچىقساڭچۇ!› دەپ قويىدىغانلار بولىدۇ. ئۇنداق كىشى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەردەك كىشىلەردۇر»[172].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇنۇلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر: ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، نادانلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى، ھاراق - شارابلارنىڭ (ئاشكارا) ئىچىلىدىغان، زىنانىڭ ئاشكارا قىلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «زىنانىڭ ئاشكارا قىلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى،

---

[172] «ئەلمۇستەدرەك» (8516). ھاكىم: «سەھىھ» دېگەن. ئالباني: («ئەسسلسلەتۇز-زەئىفە» ، 410/3) «بەكلا زەئىف» دېگەن. لېكىن، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى «مۇسلىم» ، (2937) كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ مەيىن شامال ئەۋەتىدۇ. بۇ شامال ئۇلارنىڭ قولتۇق ئاستىلىرىدىن ئۆتۈپ، ھەر بىر مۇئمىن ۋە مۇسۇلماننىڭ روھىنى قەبزى قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەسكىلىرى قېلىپ، ئېشەكتەك ئاشكارا جىنسي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ. قىيامەت ئەنە شۇلارنىڭ ئۈستىگە قايىم بولىدۇ».

ئەرلەر ئازلاپ، ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى»[173] دەپ كەلگەن.

بۇ ئالامەتلەر بىزنىڭ زامانىمىزدا بەزى سۈنئىي ھەمرا قاناللىرى، ئىنتېرنېت تورلىرىدا تارقىتىلىۋاتقان، مۆئمىن كىشى كۆرۈشتىن نومۇس قىلىدىغان نۇمۇسسىز ئىشلار، ھارام سۈرەت ۋە فىلىملەر ئارقىلىق ئاشكارا بولدى. شۇڭا، مۆئمىنلەر ھارام ئىشلاردىن نەپسىنى ساقلىشى، كۆزىنى يۇمۇشى، يولدىن چىققان فاجىر كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشتىن ھەزەر ئەيلىشى، داۋاملىق ئاللاھتىن ئۆزىنى ئىپپەتلىك، پاك قىلىشىنى سوراپ تۇرۇشى لازىم.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

[173] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (81)؛ مۇسلىم (4825).

# 78 -قۇرئان ئوقۇپ ھەق ئېلىنىدىغان بولۇپ كېتىشى

قۇرئان ئوقۇش ئىبادەتتۇر. ئەسلىدە ئىبادەتلەر دۇنيا تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

ھەر خىل مۇناسىۋەت ۋە تەزىيە سورۇنلىرىدا قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇپ ھەق ئالىدىغان كىشىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

ئىمران ئىبنى ھۇساين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇرئان ئوقۇۋاتقان بىر ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇ ئادەم قۇرئان ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەق تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ﴿بىز ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾[«بەقەرە»: 156/2] دەپ بولغاندىن كېيىن، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى: «كىمكى قۇرئان ئوقۇسا، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھتىن (تىلەيدىغىنىنى) تىلىسۇن، كېيىن شۇنداق بىر قەۋم كېلىدۇكى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇپ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەردىن (ھەق) تىلەيدۇ»[174].

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز قۇرئان ئوقۇۋاتقىنىمىزدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقتى. ئارىمىزدا ئەئرابىيلارمۇ، ئەجەملەرمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ‹ئوقۇڭلار! ھەممىڭلارنىڭ قىرائىتى ياخشى ئىكەن. كېيىنچە شۇنداق بىر قەۋم كېلىدۇكى، قۇرئاننى خۇددى ئوقنى رۇسلىغاندەك

---

[174] ئەھمەد (19898). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ھەسەن لىغەيرىھى» دېگەن. تىرمىزىي (2917). ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

**رۇسلاپ راۋۇرۇس ئوقۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن قولغا كېلىدىغان مەنپەئەتنى دۇنيادىلا ئالىدۇ، ئاخىرەت ساۋابىنى كۆزلىمەيدۇ›»[175].**

[175] ئەبۇ داۋۇد (830). ئالباني: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 259) «سەھىھ» دېگەن.

## 79 -كىشلەر ئارىسىدا سېمىزلىكنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى

ئىمران ئىبنى ھۇساين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ياخشىلىرى مېنىڭ زامانىمدىكىلەر، ئاندىن ئۇلارنىڭ زامانىغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن ئۇلارنىڭ زامانىغا يېقىن بولغانلاردۇر. ئۇلاردىن كېيىن شۇنداق كىشىلەر كېلىدۇكى، گۇۋاھلىققا چاقىرىلماي تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئىشەنچلىك دەپ قارالمايدۇ، بىرەر ياخشىلىق قىلىشقا ۋەدە قىلىدۇ - يۇ، ۋاپا قىلمايدۇ، ئۇلاردا سېمىزلىك پەيدا بولىدۇ»[176].

بەلكىم زامان ئاخىرىدىكى سېمىزلىكنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى كۆڭۈل تارتىدىغان ۋە تاتلىق يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرى خىلمۇخىل بولغان باياشاتلىقنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە جىسمانىي ھەرىكەتنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن. مەيلى چوڭلاردا بولسۇن ياكى كىچىكلەردە بولسۇن، سېمىزلاپ كېتىش ئېغىرراق بولماقتا، ھەتتا ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادىكى نوپۇسنىڭ ئالتىدىن بىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە ئورۇقلىتىش ۋە سېمىزلىككە قارشى تۇرۇشتا ياردىمى بولىدىغان دورىلار ۋە ھەر خىل ئاماللار كۆپەيمەكتە.

---

[176] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2651)؛ مۇسلىم (2535).

## 80، 81 -گۇۋاھلىققا چاقىرىلماي تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان، ياخشىلىققا ۋەدە قىلىپ ۋاپا قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى

بۇ ئىككى ئالامەت ئالدىنقى تېمىدا تىلغا ئېلىنغان: «...ئۇلاردىن كېيىن شۇنداق كىشىلەر كېلىدۇكى، گۇۋاھلىققا چاقىرىلماي تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئىشەنچلىك دەپ قارالمايدۇ، بەرەر ياخشىلىق قىلىشقا ۋەدە قىلىدۇ - يۇ، ۋاپا قىلمايدۇ، ئۇلاردا سېمىزلىك پەيدا بولىدۇ» دېگەن ھەدىستە كەلگەن.

گۇۋاھلىق بېرىلىدىغان ئىشنى بىلمەستىن ۋە گۇۋاھلىققا چاقىرىلماستىن باشقىلارغا گۇۋاھلىق بېرىش ئىشىغا سەل قاراش، ۋاپا قىلمايدىغان تۇرۇقلۇق ياخشىلىق قىلىشقا ۋەدىنى كۆپ قىلىش بولسا دىنىنىڭ سۇسلۇقى، ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە قەلبتە ئاللاھنى ئۇلۇغلاشنىڭ بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 82 -كۆچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدىغان بولۇپ كېتىشى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مېنىڭ يېنىمغا:

- ئى ئائىشە! سىزنىڭ قەۋمىڭىز ئۇممىتىم ئارىسىدا ماڭا ئەڭ تېز يېتىشىۋالغۇچىدۇر، - دېگەن هالدا كىردى. مەن رەسۇلۇللاھ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ مېنى سىلىگە پىدا قىلسۇن! سىلى مېنى چۆچۈتىدىغان بىر سۆزنى دېگەن هالدا كىردىلە، - دېسەم:

- ئۇ نېمە سۆز؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- سىلى قەۋمىمنى ئۇممىتىڭىزنىڭ ئارىسىدا ئۆزىڭىزنىڭ كەينىدىن ئەڭ تېز يېتىشىۋالغۇچىدۇر، دېدىلە، - دېسەم:

- شۇنداق، - دېدى.

- ئۇ نېمە سەۋەبتىن؟ - دېسەم:

- ئۆلۈم ئۇلارنى شېرىن بىر ئوۋ دەپ قاراپ، هۇجۇم قىلىپ ئوۋلايدۇ، - دېدى.

- ئۇنداق بولسا، كىشىلەر شۇ ۋاقىتتا ياكى شۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟ - دېسەم:

- ئۇلار قانىتى چىقمىغان چېكەتكىدەك، قىيامەت قايىم بولغۇچە ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرىنى يەيدۇ، - دېدى»[177].

بۇ هەدىستە چوڭ زۇلۇم ۋە يامانلىقنىڭ يۈز بېرىپ، هەتتا كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى يەيدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

---

[177] ئەھمەد (24563). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 1953) «سەھىھ» دېگەن.

## 83 ـ ئاللاھ نازىل قىلغان قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلىنمايدىغان بولۇپ كېتىشى

ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەڭ مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرىدۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[5/«مائىدە»: 44].

زامان ئاخىرىدا كىشىلەر ئارىسىدا ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى بىردىن بىردىن ئەمەلدىن قېلىشقا باشلايدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ نازىل قىلغانلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئەڭ ئاۋۋال ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى (كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا) بىردىن بىردىن ئەمەلدىن قالىدۇ. بىر ئاساس ئەمەلدىن قالغىنىدا، كىشىلەر شۇ ئاساسنىڭ كەينىدىكىگە ئېسىلىۋالىدۇ، ئەڭ ئاۋۋال ئەمەلدىن قالىدىغىنى ئاللاھنىڭ نازىل قىلغانلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشتۇر، ئەڭ ئاخىرىدا ئەمەلدىن قالىدىغىنى بولسا نامازدۇر»[178].

بەك ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە بۇ ئالامەت ئاشكارا بولدى. ئۇلار پەقەت نىكاھ، تالاق، مىراس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردىلا ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، ئەمما سودا مۇئامىلىلىرى، جىنايى ئىشلاردا بولسا كۆپىنچىسى فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ... مانا بۇ ئاللاھ تائالا نازىل قىلغانلىرىنىڭ باشقىسى بىلەن ھۆكۈم قىلىشتۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿(ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزەرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار؟﴾[5/«مائىدە»: 50]

---

[178] ئەھمەد (22214). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى ياخشى» دېگەن.

## 84 - رۇملۇقلارنىڭ كۆپىيىپ ئەرەبلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى

رۇملۇقلار بۈگۈنكى كۈنلۈكتە «ياۋروپالىقلار» ۋە «ئامېرىكىلىقلار» دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئەسفەر ئىبنى رۇم ئىبنى ئەيسۇ ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىمغا مەنسۇپ قىلىنىپ «رۇملۇقلار» دەپ ئاتالغان. شۇڭا، ئۇلارغا «ئەسفەر ئەۋلادى»مۇ دېيىلىدۇ[179].

مۇستەۋرىد ئەلقۇرەشىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھۇزۇرىدا:

- مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «رۇملۇقلار كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆپى بولغان ۋاقىتتا قىيامەت قايىم بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، - دېگەن ئىدى. ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا:

- بىلىپ سۆزلەۋاتامسەن؟ - دېگەندە، ئۇ:

- مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانىنى دەۋاتىمەن، - دېدى. ئاندىن ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى:

- ئۇنداق دېگەن بولساڭ، ئۇلاردا مۇنداق تۆت تۈرلۈك خىسلەت بار: بىرىنچىسى، فىتنە زامانىدا ئەڭ تەمكىن بولغۇچىلاردۇر. ئىككىنچىسى، ئۇلار مۇسىبەتتىن كېيىن ئەڭ تېز ئەسلىگە كېلەلەيدىغانلاردۇر. ئۈچىنچىسى، چېكىنىپ تۇرۇپ، قايتۇرما ھۇجۇمنى ئەڭ تېز قىلىدىغان كىشىلەردۇر. تۆتىنچىسى، مىسكىن، يېتىم ۋە ئاجىزلارغا ئەڭ ياخشىلىق قىلغۇچىلاردۇر. شۇنداق ياخشى بەشىنچى بىر سۈپىتى باركى، ئۇلار پادىشاھلارنىڭ زۇلمىغا ھەرگىز سۈكۈت قىلمايدىغان كىشىلەردۇر[180].

---

[179] قۇرتۇبىي: «ئەتتەزكىرە»، 668 - بەت.

[180] مۇسلىم (2898).

ئۇممۇ شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

- كىشىلەر دەججالدىن تاغلارغا قاراپ قاچىدۇ، - دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇ زاتتىن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا ئەرەبلەر قەيەردە بولىدۇ؟ - دەپ سورىغانىدىم، رەسۇلۇللاھ:

- ئۇلار بەك ئاز، - دەپ جاۋاب بەرگەنىدى»[181].

بەزى ئالىملار: «‹رۇملۇقلار كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆپى بولۇشى› دېگەنلىكىنى ئىنگلىز تىلىنىڭ تارقىلىپ، ئەرەب تىلىنى تاشلاشنىڭ باشلىنىشىغا ئىشارەتتۇر» دەپ قارىغان.

---

[181] مۇسلىم (2945).

## 85 -كىشىلەرنىڭ قولىدا مال - دۇنيانىڭ ئېشىپ - تېشىپ كېتىشى

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە يىل جاپالىق تۇرمۇش ۋە قاتتىق قىيىنچىلىقتا ياشىدى، ھەتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىدە ئايلاپ - ئايلاپ ئوت يېقىلمايتتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تامىقى پەقەت خورما بىلەن سۇ ئىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە: «ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، مالنىڭ كۆپىيىپ، ھەتتا بىر ئادەمنىڭ مېلىنىڭ زاكىتىنى ئېلىپ بىر ئاي ماڭسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى بولمىغانلىقتىن ئالىدىغان ئادەم تاپالماي قالىدىغانلىقىنى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن» دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاراڭلاردا مال - دۇنيا ئېشىپ - تېشىپ، بايلار زاكات بېرىدىغان كىشىلەرنى تاپالماي، زاكىتىنى كىمگە تەڭلىسە، تەڭلەنگەن ئادەم: ‹مېنىڭ بۇنىڭغا ئېھتىياجىم يوق› دېمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[182].

ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، بىر ئادەم سەدىقە قىلىش ئۈچۈن ئالتۇننى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۇنى ئالىدىغان بىرمۇ ئادەم تاپالمايدۇ»[183].

ئالىملار بۇ ئالامەتنىڭ يۈز بېرىپ بولغان بولمىغانلىقى ھەققىدە

[182] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7121)؛ مۇسلىم (157).

[183] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1414)؛ مۇسلىم (1012).

ئوخشىمىغان كۆزقاراشلاردا بولغان.

بەزىلەر مۇنداق دېگەن: «بۇ ئالامەت ساھابەلەر دەۋرىدە كۆپ فەتىھلەر يۈز بېرىپ، پارس ۋە رۇملۇقلارنىڭ ماللىرىنى غەنىيمەت ئېلىش ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىپ بولغان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ زامانىدا پۇل - مال شۇنداق كۆپىيىپ كەتكەنكى، بىر ئادەم سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەمنى تاپالماي، ھەتتا ‹سەدىقىگە موھتاج› دەپ قارىغان كىشىگە سەدىقىسىنى تەڭلىسىمۇ، تەڭلەنگەن ئادەم: ‹مېنىڭ سەدىقىگە ئېھتىياجىم يوق› دەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن».

يەنە بەزىلەر مۇنداق دېگەن: «بۇ ئالامەت زامان ئاخىرىدا يۈز بېرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئالامەتتىن مەھدىينىڭ زامانىدىكى مال - دۇنيانىڭ كۆپىيىشىنى ئىشارەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەھدىينىڭ زامانىدا مال - دۇنيا شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى، بىر ئادەم پۇل - مېلى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن ئالتۇن - كۈمۈشنى سانىماستىن ۋە ھېسابلىماستىن كىشىلەرگە بېرىدۇ».

سەئىد ئەلجەرىرىي رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەبۇ نەزرە مۇنداق دەيدۇ: «بىز جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدىكى: ‹پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بىر خەلىفە مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇ پۇل - مالنى سانىماي ئوچۇملاپلا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ" دېگەن›[184]». سەئىد ئەلجەرىرىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەبۇ نەزرە بىلەن ئەبۇل ئەلائىغا:

– سىلەر ئۇ خەلىفەنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز دەپ قارامسىلەر؟ – دېسەم، ئۇلار:

– ياق، – دەپ جاۋاب بەردى[185].

---

[184] كىچىك ئالامەتلەردىن (131) نومۇرلۇق ئالامەتكە قاراڭ.

[185] مۇسلىم (2913).

## 86 - زېمىننىڭ بايلىقلىرىنى چىقىرىشى

زامان ئاخىرىدا مال - دۇنيا كۆپىيىپ، تۆكمە بولۇپ كېتىدۇ. يەر ئاستىدىكى خەزىنىلەر چىقىرىلىدۇ، مال - دۇنيا كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا قىزىقمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يەر ئۆزىنىڭ باغرىدىكى تۇۋرۇكتەك يوغان ئالتۇن - كۇمۇشلەرنى قۇسۇپ، ئۈستىگە چىقىرىۋېتىدۇ. قاتىل كېلىپ: ‹مەن پەقەت مۇشۇنى دەپ ئادەم ئۆلتۈرگەنىدىم› دەيدۇ، سىلە - رەھىمنى ئۈزگۈچى كېلىپ: ‹مەن پەقەت مۇشۇنى دەپ سىلە - رەھىمنى ئۈزگەنىدىم› دەيدۇ، ئوغرى كېلىپ: ‹پەقەت مۇشۇنى دەپ قولۇم كېسىلگەنىدى› دەيدۇ. كېيىن ئۇلار ئۇنى تاشلاپ، ھېچ نەرسە ئالماستىن كېتىپ قالىدۇ»[186].

نەۋەۋىي رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: «ھەدىستە ئالتۇن - كۇمۇشلەر چوڭ ۋە كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن تۇۋرۇكلەرگە ئوخشىتىلغان»[187].

[186] مۇسلىم (1013).

[187] ئىمام نەۋەۋىي: «شەرھۇ مۇسلىم»، 454/3.

## 87، 88، 89 -سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش، يەر يۇتۇش، تاش يېغىشلارنىڭ يۈز بېرىشى

بۇلار زامان ئاخىرىدا بەزى كىشىلەرگە بولىدىغان جازالاردىندۇر، شۇنداقلا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. ئىمران ئىبنى ھۇساين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- بۇ ئۇممەتتە يەر يۇتۇش، سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش ۋە تاش يېغىشلار يۈز بېرىدۇ، - دېۋىدى، مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەم:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇلار قاچان بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ:

- ناخشىچى ئاياللار ۋە چالغۇ - ئەسۋاپلار ئاشكارا بولغان، ھاراقلار ئىچىلگەن چاغدا، - دېدى»[188].

كىشىلەر ياخشىلىقتا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشتىن سۈكۈت قىلغان چاغدا گۇناھ - مەئسىيەتلەر ئاشكارا بولۇپ تارقىلىدۇ، ئاندىن بۇ جازالار يۈز بېرىشى مۇمكىن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- بۇ ئۇممەتنىڭ ئاخىرىدا يەر يۇتۇش، سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش ۋە تاش يېغىش بولىدۇ، - دېۋىدى، مەن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەر بار تۇرۇپمۇ، ھالاك بولامدۇق؟ - دەپ سورىدىم، رەسۇلۇللاھ:

- يامان ئىشلار ئاشكارا قىلىنىدىغان بولۇپ كەتكەن چاغدا شۇنداق

[188] تىرمىزىي (2212)؛ تىرمىزىي: «غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ» ، 4273) «سەھىھ» دېگەن.

بولىدۇ، ــ دېدى»[189].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە زىندىقلار ۋە تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچى كىشىلەرگە ئوخشاش بىرقانچە تۈرلۈك كىشىلەردە يەر يۇتۇش، سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش ۋە تاش يېغىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى خەبەر قىلغان ئىدى.

نافىئ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. بىر ئادەم كېلىپ:

ــ پالانى ساڭا سالام ئېيتتى، ــ دېگەنىدى، ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا:

ــ ماڭا يېتىشىچە، ئۇ بىدئەت پەيدا قىلغانمىش. ئەگەر شۇنداق بولسا، مەندىن ئۇنىڭغا سالام ئېيتمىغىن. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹مېنىڭ ئۈممىتىمدە شەكلى ئۆزگىرىش ۋە تاش يېغىش يۈز بېرىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ ئىشلار زىندىقلار ۋە تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچىلاردا بولىدۇ، ــ دېدى»[190].

باشقا ھەدىسلەردە: «زامان ئاخىرىدا كەئبەگە ھۇجۇم قىلغان قوشۇندا يەر يۇتۇش يۈز بېرىپ، ئاللاھ ئۇ قوشۇننى باشتىن - ئاخىر ھەممىسىنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىدۇ» دەپ كەلگەن.

مەسىلەن، قەئقا ئىبنى ھەدرەدنىڭ ئايالى بۇقەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ: ‹سىلەر بىر قوشۇننى يېقىن جايدا يەر يۇتقانلىقىنى ئاڭلىساڭلار، قىيامەت يېقىنلىشىپ قالغان بولىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم»[191].

---

[189] تىرمىزىي (2185)؛ تىرمىزىي: «غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: («سەھىھۇلجامىئ»، 1355) «سەھىھ» دېگەن.

[190] ئەھمەد (6208). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىپ» دېگەن. شەيخ ئەھمەد شاكىر: «سەھىھ» دېگەن. (توغرىسى، «بۇ ئىشلار زىندىقلار ۋە تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچىلاردا بولىدۇ» دېگەن جۈملە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆزى).

[191] ئەھمەد (27173). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىپ» دېگەن. ئالبانىي:

مەدىنەگە يېقىن جايدا دېمەكچى. بۇ قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە كېيىن توختىلىمىز[192].

ئېنىقكى، بۇ ئازابلار گۇناھ قىلغۇچىلارغا ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە سۈكۈت قىلغۇچىلارغا چۈشىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمان كىشى مۇشۇ ئازابلارغا دۇچار قىلىدىغان ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

(«ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 1355) «سەھىھ» دېگەن.
[192] كىچىك ئالامەتلەردىن (122) نومۇرلۇق ئالامەتكە قاراڭ.

## 90 ـ لاي ئۆيلەر بەرداشلىق بىرەلمەيدىغان يامغۇرنىڭ يېغىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر بەرگەن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولسا ئاسماندىن لاي ۋە تاش ئۆيلەر بەرداشلىق بىرەلمەيدىغان، پەقەت تۆگە يۇڭىدىن قۇرۇلغان چېدىرلا بەرداشلىق بىرەلەيدىغان دەرىجىدىكى يامغۇرنىڭ يېغىشىدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئاسماندىن لاي ئۆيلەر بەرداشلىق بىرەلمەيدىغان، پەقەت يۇڭ ئۆيلەرلا بەرداشلىق بىرەلەيدىغان يامغۇر ياغمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[193].

[193] ئەھمەد (7554). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىمام مۇسلىم شەرتىگە ئاساسەن سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

## 91 -يامغۇر يېغىپ، زېمىندىن ھېچ نەرسە ئۈنمەسلىكى

يامغۇر يېغىپ، زېمىندىن ھېچ نەرسە ئۈنمەسلىكى بولسا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر بەرگەن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە بىر يىل يامغۇر يېغىپ، زېمىندىن ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[194].

ئېنىقكى، بۇ خىل ئەھۋال خۇددى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقاندەك، زېمىننىڭ بەرىكىتى كەتكەنلىكى ئۈچۈن بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يامغۇر ياغماسلىقى قۇرغاقچىلىق ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي قۇرغاقچىلىق دېگەن يامغۇر يېغىپ زېمىندىن ھېچ نەرسە ئۈنمەسلىكىدۇر»[195].

---

[194] ئەھمەد (12452). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

[195] ئەھمەد (8492). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىمام مۇسلىم شەرتىگە ئاساسەن سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

## 92 - ئەرەبلەرنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان فىتنەنىڭ يۈز بېرىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر بەرگەن قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ بىرى بولسا ئەرەبلەرگە يېتىدىغان چوڭ فىتنەنىڭ يۈز بېرىشى بولۇپ، ئۇ فىتنەدە ئۇلار ئارىسىدا ئۇرۇش ۋە ھالاكەت كۆپ بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شۇنداق بىر فىتنە يۈز بېرىدۇكى، ئۇ فىتنە ئەرەبلەرنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ئۆلگەنلەر دوزاختا كىرىدۇ. ئۇ چاغدا تىل شەمشەردىنمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ»[196].

«ئۇنىڭدا ئۆلگەنلەر دوزاختا بولىدۇ»: ئۇلار دۇنيا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ، شەيتانغا ۋە ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن دوزاختا بولىدۇ. بۇ ئۇرۇش سەۋەبلىك ئۇلارغا ئازاب تېگىشلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان ھالدا ئاللاھنى بىر دەپ تونۇغان پېتى ئۆلگەن بولسا، دوزاختا ئازابلانسىمۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ.

«ئۇنىڭدا ئۆلگەنلەر» دېگەندىن ئاشۇ فىتنەدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشقا قارشى چىقىپ ئۇرۇش قىلغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇ ئۇرۇش بىلەن دىننى ئۈستۈن قىلىش ياكى زالىمغا قارشى تۇرۇش ۋەياكى ھەقتە تۇرغۇچىغا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى مال - دۇنيا ۋە ھۆكۈمرانلىقنى تەمە قىلىپ ھەددىدىن ئېشىش ۋە دەتالاشنى مەقسەت قىلغان.

---

[196] ئەبۇ داۋۇد (4265)؛ تىرمىزى (2178). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇززەئىفە» ، 3229) «زەئىف» دېگەن. (بۇ مەزمۇندىكى ھەدىس زەئىف بولغاچقا، ئاپتورنىڭ بۇ ئالامەتنى كەلتۈرۈشى ئورۇنسىز - ت).

«تىلنىڭ شەمشەردىنمۇ ئۆتكۈر بولۇشى» ئۇرۇشقا كۈشكۈرتۈشتە، ئۇرۇش ئوتىنى پۈۋلەشتە شەمشەردىنمۇ ئۆتكۈر دېمەكچى[197].

[197] «مرقات»، 369/3.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 93، 94، 95 - مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن دەرەخلەرنىڭ سۆزلىشى، تاشلارنىڭ سۆزلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشى

زامان ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىدۇ. دەرەخ ۋە تاشلار (زۇۋانغا كېلىپ): «ئى مۇسۇلمان! ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! ئارقامدا يەھۇدىي بار، بۇياققا كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگىن» دەيدۇ. دەرەخ ۋە تاشلار ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارنى قوللىغانلىقى ۋە ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بىلەن ھەمكارلىشىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر يەھۇدىيلەر بىلەن ئۇرۇشىسىلەر، سىلەر ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىسىلەر، ھەتتا تاش ‹ئى مۇسۇلمان! ئارقامدا يەھۇدىي بار. ئۇنى ئۆلتۈرگىن!› دەيدۇ»[198].

تاش ۋە دەرەخلەرنىڭ (زۇۋانغا كېلىپ) سۆز قىلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. لېكىن يەھۇدىيلەرنىڭ «غەرقەد» ئىسىملىك بىر خىل دەرىخى بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئۇ سۆز قىلمايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلەر بىلەن ئۇرۇشمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ھەتتا يەھۇدىيلەر تاش ۋە دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، لېكىن تاش ۋە دەرەخلەر ‹ئى مۇسۇلمان! ئارقامدا يەھۇدىي بار، بۇياققا كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگىن!› دەيدۇ. پەقەت غەرقەد

[198] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3593)؛ مۇسلىم (2921).

دەرىخى ئۇنداق دېمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ يەھۇدىيلەرنىڭ دەرىخىدۇر»[199].

يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر تاكى يەھۇدىيلەر بىلەن ئۇرۇشقان، ھەتتا ئارقىسىغا يەھۇدىي يوشۇرۇنۇۋالغان تاش: ‹ئى مۇسۇلمان! ئارقامدا يەھۇدىي بار، ئۇنى ئۆلتۈرگىن› دېمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[200].

دەرەخ ۋە تاشلارنىڭ سۆزلىشى ھەقىقەتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ جانسىز نەرسىلەرنى سۆزلىتىشكە قادىردۇر. شۇنداقلا بۇ قىيامەتنىڭ يېقىنلاش-قانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

نەھىك ئىبنى سۇرەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر مۇشرىكلار بىلەن چوقۇم ئۇرۇش قىلىسىلەر، ھەتتا سىلەرنىڭ قالغانلىرىڭلار ئىئوردانىيە دەرياسى بويىدا دەججال بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلىدۇ، سىلەر دەريانىڭ شەرق تەرىپىدە، ئۇلار بولسا غەرب تەرىپىدە بولىدۇ».

نەھىك ئىبنى سۇرەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇ كۈندە ئىئوردانىيەنىڭ قەيەردە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن»[201].

ئىئوردانىيە دەرياسى دېگەندىن يەھۇدىيلەر ئىشغال قىلىۋالغان پەلەستىن بىلەن ئىئوردانىيە ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان دېڭىز مەقسەت قىلىنىدۇ.

[199] مۇسلىم (2922).

[200] بۇخارىي (2926).

[201] ئەبۇ نۇئەيم: «معرفة الصحابة» ، (5840). تەبەرانىي ۋە بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئالبانىي: («زەئىفۇلجامىئ» ، 4656) «زەئىف» دېگەن.

## 96 -فۇرات دەرياسىدىن ئالتۇن تاغ ئېچىلىپ قېلىشى

فۇرات دەرياسى ھەممىمىزگە تونۇشلۇق، ئۇنىڭ سۈيى ئىنتايىن كۆپ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فۇرات دەرياسىنىڭ (سۈيى قۇرۇپ كېتىپ) ئېچىلىپ قالىدىغانلىقى ۋە سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىپ ئىنسانلارغا ئالتۇن تاغنىڭ ئاشكارا بولىدىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ ئالتۇن تاغنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن دەپ خەبەر قىلغان، شۇنداقلا شۇ زامانغا توغرا كېلىپ قالغان كىشىلەرنى فىتنە ياكى ئۇرۇشقا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ئاشۇ ئالتۇن تاغدىن ئېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «فۇرات دەرياسىدىن ئالتۇن تاغ ئېچىلىپ قېلىپ، بۇنى تالىشىپ كىشىلەر ئۇرۇشمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. (بۇ ئۇرۇشتا) ھەر يۈز ئادەمدىن توقسان توققۇزى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى: ‹مەنلا ساق قالسام› دەيدۇ»[202].

يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى شۇ زامانغا توغرا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئالمىسۇن»[203].

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار داۋاملىق مال - دۇنيا تېپىشتا ھەر خىل بولىدۇ. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئۇزۇنغا قالماي فۇرات دەرياسىدىكى ئالتۇن تاغ ئېچىلىپ قالىدۇ. ئىنسانلار بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قېشىغا بارىدۇ. ئالتۇن تاغنىڭ

[202] مۇسلىم (2894).

[203] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7119)؛ مۇسلىم (2894).

قېشىدىكى كىشىلەر: ‹ئەگەر بىز كىشىلەرنى ئالتۇنلارنى ئېلىشتا مەيلىگە قويۇۋەتسەك، ئەلۋەتتە ئۇلار ئالتۇنلارنىڭ ھەممىنى ئېلىپ كېتىدۇ› دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئاشۇ ئالتۇننى تالىشىپ ئۇرۇشىدۇ، ھەر يۈز ئادەمدىن توقسان توققۇزى ئۆلۈپ كېتىدۇ»[204].

ئالتۇن تاغنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش سەۋەبلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئالتۇن تاغ توپا بىلەن كۆمۈلگەن ۋە بىلىنمىگەن بولۇپ، مەلۇم سەۋەب تۈپەيلى سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى ئۆزگەرگەندە، ئاللاھ ئۇنى ئېچىۋېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بولغان كىشى فىتنە ۋە قان تۆكۈلۈشتىن قورقۇپ ئاشۇ ئالتۇن تاغدىن ھېچنېمە ئالماسلىقى كېرەك. بۇ فىتنە تېخى ئاشكارا بولمىدى، قاچان يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيە ۋە سۈرىيە فۇرات دەرياسىدا توسمىلارنى سېلىۋاتىدۇ ۋە دەريادىكى سۇنىڭ ئازلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زاۋۇتلارنى قۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئاشۇ ئالتۇن تاغنىڭ ئاشكارا بولۇشىنىڭ مۇقەددىمىلىرى بولسا كېرەك.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

[204] مۇسلىم (2894).

## 97 -كىشىنىڭ ئاجىزلىق ۋە گۇناھ ئىش ئوتتۇرىسىدا تاللاشقا دۇچ كېلىدىغان زاماننىڭ كېلىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر بەرگەن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە بىرى كىشىنىڭ گۇناھ ئىشنى قىلىش ياكى ئۇنى قىلماي، ئاجىزلىق، قالاقلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بۇزغۇنچىلارنىڭ نەزەرىدە «ئىلغار» دەپ قارالمايدىغان نامىلار بىلەن ئەيىبلىنىش ئارىسىدا تاللاشقا دۇچ كېلىشىدۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇ كىشىلەرگە ئاجىزلىقنى تاللاپ، بۇزۇق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا نەسىھەت قىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ زاماندا بىر كىشى ئاجىزلىق ۋە گۇناھ ئىش ئوتتۇرىسىدا تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ، كىمكى شۇ زامانغا توغرا كېلىپ قالسا، گۇناھ ئىشلارنى تەرك ئېتىپ، ئاجىزلىقنى تاللىسۇن»[205].

بۇ ئىش بىزنىڭ زامانىمىزدا ئاشكارا بولماقتا. مەسىلەن: ئاياللاردىن كىمكى ھىجاپنى مەھكەم تۇتسا، «دەۋرنىڭ كەينىدە قالغان، قالاق» دەپ تۆھمەتكە ئۇچرايدۇ.

كىمكى جازانىنى ياكى پارىنى ياكى بۇزۇق ئېقىملارغا ئەگىشىشنى تەرك ئەتسە، ئىنسانلار ئۇنى «قالاق، دەۋرنىڭ كەينىدە قالغان» دەيدۇ. ئىنسانلار بۇگۈنكى جەمئىيەتتە گۇناھكارلىق ۋە ئاسىي بولۇش بىلەن قابىلىيەتسىزلىك ۋە قالاقلىق ئوتتۇرىسىدا تاللاشقا دۇچ كەلمەكتە.

---

[205] ئەھمەد (7730). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىپ» دېگەن.

# 98 -ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ باغۇ - بوستانلىق ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلىك ھالىتىگە قايتىشى

ئەرەب يېرىم ئارىلىغا نەزەر سالغان كىشى گىياھسىز، قاقاس چۆللۈكنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ يەتمىش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئۆسۈملۈك ئۈنمەيدىغان گىياھسىز، قاقاسلىق بولغىنىدىن كېيىن باغۇ - بوستانلىق، ئېرىق - ئۆستەڭلىك ھالىتىگە قايتىشىنى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن دەپ خەبەر قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئەرەب دىيارى باغۇ - بوستانلىق ۋە دەريالىق ھالىتىگە قايتمىغۇچە، ئىراق بىلەن مەككە ئارىسىدىكى يولۇچى يولدىن ئېزىپ قېلىشىنىڭ باشقىسىدىن قورقماي ماڭمىغۇچە، ھەرج كۆپەيمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، - دېۋىدى، ساھابەلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ، ھەرەج دېگەن نېمە؟! - دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- (ھەرج دېگەن) ئۆلتۈرۈش، - دەپ جاۋاب بەردى»[206].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشى مېلىنىڭ زاكىتىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان كىشى تاپالمىغۇدەك دەرىجىدە مال - دۇنيا كۆپىيىپ كەتمىگۈچە، ئەرەب زېمىنلىرى باغۇ -

---

[206] ئەھمەد (8819). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

بوستانلىق ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلىك ھالىتىگە قايتمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[207].

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تەبۇك غازىتى يىلى بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە چىقتۇق. (بۇ جەرياندا) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازلارنى جەملەپ، پېشىن بىلەن ئەسىرنى، شام بىلەن خۇپتەننى جەملەپ ئوقۇيتتى. بىر كۈنى نامازنى كېچىكتۈردى. ئاندىن چىقىپ پېشىن بىلەن ئەسىرنى جەملەپ ئوقۇدى. ئاندىن كىرىپ كېتىپ، كېيىن يەنە چىقىپ، شام بىلەن خۇپتەننى جەملەپ ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن: ‹ئاللاھ خاھلىسا ئەتە كۈندۈزى تەبۇك بۇلىقىغا يېتىپ بارالايسىلەر. كىم شۇ بۇلاققا يېتىپ بارسا، مەن بارمىغۇچە سۇغا چېقىلمىسۇن› دېدى. ئەتىسى بۇلاق بېشىغا يېتىپ بارساق، بۇلاقتىن ئازراق سۇ چىقىۋېتىپتۇ. بىزدىن بۇرۇن ئىككى كىشى بېرىپ بولغانىكەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- سۇغا چېقىلدىڭلارمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:

- ھەئە، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ۋەسەللەم ئۇ ئىككىسىگە كايىپ، بەزى خاھلىغان بىر سۆزلەرنى قىلدى. ئاندىن كېيىن كىشىلەر قوللىرى بىلەن بۇلاقتىن ئاز - ئازدىن ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ، بىرنەرسىگە يىغدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ سۇدا يۈز - قوللىرىنى يۇيغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان سۇنى بۇلاققا تۆكتى. بىردەمدىلا بۇلاقتىن جىق سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن قانغۇچە ئىچتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ئى مۇئاز! ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا، بۇ يەرنىڭ (مۇشۇ بۇلاق سۈيى بىلەن) باغۇ - بوستانلىققا تولغانلىقىنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن› دېدى»[208].

بىر بۇلۇك ئالىملار ئادەتتە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە نۇرغۇن

[207] مۇسلىم (157).
[208] مۇسلىم (706).

ياخشىلىقلارغا سەۋەب بولىدىغان قار - يامغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇزسىمان يۇمىلاق شەكىلدىكى جىسىمنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىغا كېلىۋاتقانلىقىغا ئىشارەت قىلغان.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئەرەب چۆللۈكىنى ئېرىق - ئۆستەڭلىرى بار، تۈپتۈز كەتكەن كەڭرى باغ - بوستانلىقلارغا ۋە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان جايلارغا ئايلاندۇرۇشقا قادىردۇر. بۇ ئالامەت تېخى كۆرۈلمىدى، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىندا يۈز بېرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەبۇكتا: «مۇئاز ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا، بۇ يەرنىڭ (مۇشۇ بۇلاق سۈيى بىلەن) باغ - بوستانلىقلارغا تولغانلىقىنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن» دېگەن بۇ سۆزى تەبۇكتىكى كەڭ كۆلەملىك تېرىلغۇ يەرلەرگە ئېلىپ بېرىلغان زور يېزا - ئىگىلىك پىلانلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلگە ئاشتى.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 99، 100، 101 -ئەھلاس فىتنەسىنىڭ، باياشاتلىق فىتنەسىنىڭ ۋە زۇلمەت فىتنەسىنىڭ يۈز بېرىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ تۈرلۈك فىتنە يۈز بەرمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدىغانلىقىنى خەبەر قىلغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ زات فىتنە ھەققىدە ناھايىتى كۆپ توختالدى. ھەتتا ئەھلاس فىتنەسىنىمۇ تىلغا ئالدى. ئارىمىزدىن بىرەيلەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئەھلاس فىتنەسى دېگەن نېمە؟ – دەپ سورىغانىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئۇ بىر - بىرىدىن قېچىش ۋە ئېچكى ئۇرۇش فىتنەسى، – دەپ جاۋاپ بەردى. ئاندىن باياشات تۇرمۇشنىڭ فىتنەسى توغرىسىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

– بۇ فىتنەنىڭ سەۋەبچىسى ئەھلى بەيتىمدىن بولغان بىر كىشى بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مېنىڭ ئەھلىمدىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ، ئۇ مەندىن ئەمەس. مېنىڭ ھەقىقىي دوستلىرىم تەقۋادارلاردۇر. كېيىن ئادەملەر كەم ئەقىل، بىلىمسىز بىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ. ئاندىن زۇلمەت فىتنەسى چىقىدۇ. بۇ فىتنەگە دۇچار بولمايدىغان بىرمۇ ئىنسان قالمايدۇ. بۇ فىتنە ئەمدى تۈگەيدىغۇ دەپ تۇرسا، تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. كىشىلەر مۆئمىن ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇپ، كافىر ھالدا كەچ قىلىدۇ، ھەتتاكى ئىنسانلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىرى نىپاقلىق بولمىغان ئىمان گۇرۇھى، يەنە بىرى ئىمان بولمىغان نىپاق گۇرۇھىدۇر. ئۇ زامان كەلگەندە شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ياكى ئەتىسى

دەججالنى كۆتۈڭلار!»[209]

بۇ ھەدىستە كەلگەن بىر قىسىم سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ قىسقىچە ئىزاھاتى:

«باياشاتلىق فىتنەسى» – يەنى ئىنسانلارنى خۇشال قىلىدىغان، بىر قىسىم كىشىلەر ئېزىپ كېتىپ، ئاسىيلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدىغان ساغلاملىق، باياشاتلىق، خاتىرجەملىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت نېمەتلەر فىتنەسىدۇر.

«ئۆزىنىڭ مېنىڭ ئەھلىمدىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ» – يەنى ئۇ نەسەب جەھەتتە مېنىڭ ئەھلىمدىن بولسىمۇ، يىرگىنىشلىك ئىش قىلىشىدا مەندىن ئەمەس. مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن بولسىمۇ، مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇم ئەمەس. مېنىڭ ھەقىقىي دوستلىرىم تەقۋادارلاردۇر، لېكىن بۇ كىشى ئاشۇ فىتنەنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچىدۇر.

«مەندىن ئەمەس» – يەنى مېنىڭ دوستلىرىمدىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇ فىتنەنى قوزغايدۇ. بۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿ئوغلۇم ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى﴾ دېگەن ۋاقىتتا، ئاللاھنىڭ نۇھقا قىلغان تۆۋەندىكى سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئى نۇھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشقا ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئەمىلى ياماندۇر﴾[11/«ھۇد»: 45، 46].

«كىشىلەر مۇئمىن ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇپ، كافىر ھالدا كەچ قىلىدۇ» – يەنى كىشى قېرىندىشىنىڭ قېنىنى ھارام ساناپ (زىيانكەشلىك قىلماي) قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيى ۋە مال - مۈلكىگە چېقىلمىغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇپ، قېرىندىشىنىڭ قېنىنى ھالال ساناپ، ئابرۇيى ۋە مال - مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلىپ كەچ قىلىدۇ.

«نىپاقلىق بولمىغان ئىمان» – يەنى خالىس، ساپ ئىمان.

«ئىمان بولمىغان نىپاق» – يەنى مۇناپىقلارنىڭ يالغانچىلىق، خىيانەت قىلىش، ئەھدىنى بۇزۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەللىرى

---

[209] ئەبۇ داۋۇد (4242). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 972) «سەھىھ» دېگەن.

بولغان ئىپاق.

«دەججالنى كۈتۈۋالار» ـ يەنى دەججالنىڭ چىقىشىنى كۈتۈۋالار.

بۇ فىتنە تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىدى، ئۇنىڭ چىقىشىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

ئاللاھتىن بىزنى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىشىنى سورايمىز.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 102 -بىر سەجدىنىڭ دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراق بولىدىغان زاماننىڭ كېلىشى

بۇ ئاخىرقى زاماندا ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەندىن كېيىن بولىدۇ، بۇ بىر پەزىلەتلىك زامان بولۇپ، ئۇ چاغدىكى ئىبادەتلەر ئىنتايىن پەزىلەتلىكتۇر. چۈنكى، ئىبادەتلەرنىڭ ئەجىر - ساۋابى زامان ۋە ماكاننىڭ ئۇخشىماسلىقى بىلەن پەرقلىق بولىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ ئادىل ھۆكۈمران بولۇپ چۈشۈشىگە ئاز قالدى. ئۇ چۈشكەندە كىرېستنى چېقىپ تاشلايدۇ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، ھېچقانداق كافىردىن جىزيە قوبۇل قىلمايدۇ. مال - دۇنيا كۆپىيىپ كېتىپ، زاكات (ياكى سەدىقە) قوبۇل قىلىدىغان ھېچكىم تېپىلماي قالىدۇ، ھەتتا (ئۇ چاغدا قىلىنىدىغان) بىر سەجدە دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىراق بولىدۇ». ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دېدى: «خاھلىساڭلار بۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار: ﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلەر ۋە ناسارالاردىن) ھەرقاندىقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىيسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلەرنىڭ ئىيسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى)غا گۇۋاھ بولىدۇ﴾«نىساء»: 4/159»[210].

«بىر سەجدە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراق بولىدۇ» – كىشىلەر دۇنيادا زاھىد بولغانلىقى، جەننەتتىن باشقا ئارزۇ - ئارمىنى بولمىغانلىقى، قىيامەتنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغانلىقى

[210] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2222)؛ مۇسلىم (155).

ۋە ئېھتىياج بولمىغانلىقتىن دۇنياغا بولغان قىزىقىشى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە بولغان قىزغىنلىقى يۇقىرى بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

قازى ئىياز: «ئۇنىڭ مەنىسى: ‹شۇ چاغدا مال - دۇنيا كۆپىيىپ، بېخىللىق يوقىلىپ، جىھاد چىقمىغا كۆپ ئېھتىياج قالمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر سەجدىنىڭ ساۋابى شۇ سەجدە قىلغۇچىغا دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى سەدىقە قىلغاندىنمۇ ياخشىراق بولىدۇ› دېگەنلىكتۇر. ھەدىستىكى ‹سەجدە›دىن مەقسەت سەجدىنىڭ دەل ئۆزى ياكى نامازدۇر» دېگەن[211].

[211] نەۋەۋي: «شەرھۇ مۇسلىم» ، 191/2.

# 103 ـ ھىلال ئاينىڭ بىرىنچى كېچىسىدە ئىككىنچى كېچىسىدىكىدەك چوڭلۇقتا كۆرۈنۈشى

«ھىلال» دېگەن ئاينىڭ ئاي بېشىدىكى ھالىتى بولۇپ، ئۇ ھىجرىيە ئېيىنىڭ بىرىنچى كېچىسى كىچىك كۆرۈنىدۇ، ئاينىڭ ئوتتۇرىغىچە چوڭىيىپ ماڭىدۇ، ئاندىن يەنە بىر ئايغىچە كىچىكلەپ ماڭىدۇ. ھىلال ئاينىڭ بىرىنچى كېچىسىدە ئىككىنچى كېچىسىدىكىدەك چوڭلۇقتا كۆرۈنۈشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھىلال ئاينىڭ تولۇشى ۋە بىرىنچى كېچىدىكى ئاينىڭ ‹ئىككىنچى كېچىدىكى ئايكەن› دېيىلىشى قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[212].

بۇ ئالامەت تېخى كۆرۈلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

---

[212] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر» ، (185). بۇ ھەدىس بىرقانچە يولدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئىمام سەخاۋىي «ئەلمەقاسىدۇل ھەسەنە» ، (1203) بىلەن ئالبانىي («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 2292): «رىۋايەت قىلىنغان يوللىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن سەل كۈچلىنىدۇ» دەپ قارىغان.

# 104 -بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شامغا توپلىنىشى

شام – بۈگۈنكى سۇرىيە، لىۋان، ئىئوردانىيە ۋە پەلەستىن زېمىنلىرىنىڭ تارىختىكى ئورتاق نامىدۇر. بۇ مۇقەددەس زېمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا توپلىنىدىغان ۋە ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر چىقىشقان جايدۇر.

شام دىيارى ۋە شام خەلقى قەدىر - قىممەتكە ئىگە. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شام خەلقى بۇزۇلغان چاغدا، سىلەردە ياخشىلىق قالمايدۇ، ئۈممىتىمدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر تاكى قىيامەت قايىم بولغۇچە ھەمىشە غالىب ئورۇندا بولىدۇ، ئۇلارغا ياردەم بېرىشتىن قاچقانلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»[213].

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام ئەھلىگە ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. چۈنكى، شام قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بارگاھى ۋە تۇرالغۇسى بولىدۇ.

ئەبۇددەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن چوڭ جەڭدە مۇسۇلمانلارنىڭ بارگاھى شامنىڭ ئەڭ ياخشى شەھەرلىرىدىن بولغان دەمەشقنىڭ بىر تەرىپىدىكى غۇتە بولىدۇ»[214].

بۇ يەردە (بارگاھ) دېيىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىيانلار ئارىسىدىكى قاتتىق جەڭ كۈنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ توپلىنىدىغان ئورنى مەقسەت قىلىنغان. «غۇتە» ھازىر «دەمەشق غۇتىسى» دەپ ئاتىلىدۇ، دەمەشق مەشھۇر شەھەر بولۇپ، ھازىرقى سۇرىيەنىڭ پايتەختى.

---

[213] تىرمىزىي (2192). تىرمىزىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[214] ئەبۇ داۋۇد (4298). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان بۇ چوڭ جەڭ ئىمام مەھدىيدىن ئىلگىرى ياكى ئۇنىڭ زامانىدا، ياكى باشقا زاماندا يۈز بېرىشى مۇمكىن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شامدا ئولتۇراقلىشىشنى تەۋسىيە قىلغان. چۈنكى، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرىدا توپلىنىدىغان ئورنى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قارارگاھى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنىڭ بىرى ئۇ زاتتىن قايسى يۇرتقا ھىجرەت قىلىش ۋە ئولتۇراقلىشىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا شامنى كۆرسەتكەن.

بەھز ئىبنى ھەكىم ئاتىسىدىن، ئاتىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن:

- ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنى قەيەرگە بۇيرۇيلا؟ - دېۋىدىم، ئۇ زات:

- مانا بۇ يەرگە، - دەپ قولى بىلەن شام تەرەپنى كۆرسەتتى»[215].

قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى مۇئمىنلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شامغا يېتىپ بارىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بىر زامانلار كېلىدۇ، ئۇ چاغدا ھەربىر مۇئمىن شامغا يېتىپ بارماي قالمايدۇ»[216].

[215] تىرمىزىي (2352). تىرمىزىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[216] ئىبنى ئەبى شەيبە (19791). ئىبنى ئەبى شەيبە: « ‹ساھابىنىڭ سۆزى (مەۋقۇف)› ھالىتىدە رىۋايەت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەھىھ كەلمىگەن. لېكىن، بۇنىڭدەك سۆزلەرنى ھەركىم ئۆز رەيى بويىچە دەۋالمايدىغان بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغاندۇ دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. مەۋقۇف ھالىتىدىكى سەنەدى ياخشى» دېگەن.

## 105، 106 ـ مۇسۇلمانلار بىلەن رۇملۇقلار ئارىسىدىكى چوڭ جەڭنىڭ يۈز بېرىشى ۋە كونستانتىنپولنىڭ[217] فەتھ قىلىنىشى

مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىيان رۇملۇقلارنىڭ تارىخى نۇرغۇن ۋەقەلەرگە تولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا دوستلۇق، دۈشمەنلىك، سۈلھ ۋە جەڭلەر بولغان. ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ رۇملۇقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۇراقسىز بولۇپ، دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ئارىسىدا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلار بىلەن رۇملۇقلار ئارىسىدا چوڭ جەڭنىڭ يۈز بېرىشىنى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن دەپ خەبەر بەرگەن. بۇ جەڭ ئىمام مەھدىي ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرى يۈز بېرىدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چوڭ جەڭ دەپ ئاتىدى، شۇ چاغدا مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىدۇ، ئاندىن كونستانتىنپول (ئىستانبۇل)غا ئاتلىنىپ ئۇنى فەتھ قىلىدۇ، ئاندىن دەججال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئاۋاتلىشىشى يەسرىب (مەدىنە) نىڭ خارابلىشىشىدۇر، يەسرىبنىڭ خارابلىشىشى چوڭ جەڭنىڭ يۈز بېرىشىدۇر، چوڭ جەڭنىڭ يۈز بېرىشى كونستانتىنپولنىڭ فەتھ قىلىنىشىدۇر، كونستانتىنپولنىڭ فەتھ قىلىنىشى دەججالنىڭ چىقىشىدۇر»[218].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەر رۇملۇقلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈسىلەر، ئاندىن كەينىڭلاردىكى دۈشمەنگە قارشى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشىسىلەر ۋە

[217] ھازىرقى ئىستانبۇل.

[218] ئەبۇ داۋۇد (4294). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «زەئىپ» دېگەن. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

غەلىبە قازىنىپ، غەنىيمەتلەرنى قولغا كىرگۈزۈسەلەر. ئاندىن ساق - سالامەت قايتىپ تۆپىلىككە جايلاشقان 〈مەرج〉[219] دېگەن جايغا چۈشكىنىڭلاردا، خرىستىيانلاردىن بىرى كرېستنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: 〈كرېست غەلىبە قىلدى〉 دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى غەزەپلىنىپ ئۇنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ، شۇ چاغدا رۇملۇقلار كېلىشىمنى بۇزۇپ چوڭ جەڭگە تەييارلىنىدۇ». بەزىلەر يۇقىرىقى ھەدىسكە تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇپ رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمانلار قوراللىرىنى ئالماقچى بولىدۇ - دە، ھەممىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ شۇ جامائەتنى شەھىدلىك شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ»[220].

بۇ ۋەقەنىڭ «سەھىھ مۇسلىم»دىكى تەپسىلاتى مۇنداق:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «رۇملۇقلار ئەئماق ياكى دابىق دېگەن يەرگە[221] چۈشمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ. ئۇ چاغدا مەدىنەدىن شۇ چاغلاردىكى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇن چىقىدۇ. ئۇلار قارىمۇقارشى سەپ تۈزۈپ تۇرغاندا، رۇملۇقلار:

- بىزنىڭ يولىمىزنى توسماڭلار، بىز ئادەملىرىمىزنى ئەسىر ئالغانلار بىلەن ئۇرۇشىمىز[222]، - دەيدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلار:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قېرىنداشلىرىمىزنى سىلەرگە تاشلاپ قويمايمىز، - دەپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا

[219] ئەھلى ئىلىملەردىن بۇ جاينى ئېنىق بېكىتكەنلەرنى ئۇچراتمىدىم. ئۇنىڭ «رۇملۇقلار ئەئماق ياكى دابىق دېگەن يەرگە چۈشمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» دېگەن ھەدىستە كەلگەن «مەرج دابىق» بولۇشى چوڭ ئېھتىمال.

[220] ئەبۇ داۋۇد (4292). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[221] بۇ شام زېمىنىدىكى ھەلەبكە يېقىن بىر ئورۇن بولۇپ، ئۇ چوڭ جەڭنىڭ ئورنىدۇر.

[222] بۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن رۇملۇقلار ئارىسىدا ئىلگىرى ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىپ ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىنى ئەسىرگە ئالغانلىقىنى، ئاندىن بۇ ئەسىرلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇرۇش باشلىنىدۇ. (مۇسۇلمانلارنىڭ) ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇرۇش مەيدانىنى تاشلاپ قاچىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلمايدۇ. ئۈچتىن بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلىدۇ، بۇلار ئاللاھنىڭ نەزەرىدە شەھىدلەرنىڭ ئەۋزەللىرى ھېسابلىنىدۇ. قالغان ئۈچتىن بىر قىسمى غەلىبە قىلىدۇ[223]، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھېچقانداق قىيىن سىناققا دۇچ كەلمەيدۇ. ئۇلار كونستانتىنوپول (ئىستانبۇل) نى فەتىھ قىلىدۇ، ئۇلار قىلىچلىرىنى زەيتۇن دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپ، غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقىنىدا، شەيتان:

- دەججال بالىچاقىلىرىڭلارغا ئىگە بولۇۋالدى، - دەپ توۋلايدۇ[224]. ئۇلار يۈگۈرۈپ چىقىدۇ، لېكىن بۇ يالغان بولۇپ چىقىدۇ. شامغا يېتىپ كەلگەنلىرىدە، دەججال ھەقىقەتەن چىقىدۇ».

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «ئۇلار رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇشۇپ بولۇپ، دەججال بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن سەپ تۈزۈپ تۇرۇشقا نامازغا تەكبىر ئېيتىلىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، ئۇلارغا ئىمام بولىدۇ»[225].

بۇ غازاتنىڭ يەنە بىر رىۋايەتتىكى تەپسىلاتى مۇنداق:

«پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹مىراس تەقسىم قىلىنمايدىغان، غەنىيمەت بىلەن خۇشال بولۇنمايدىغان ۋاقىت كەلمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ› دەپ قولى بىلەن شام تەرەپنى ئىشارەت قىلدى. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: ‹دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرىدۇ، مۇسۇلمانلارمۇ دۈشمەنلەرگە قارشى ئادەم توپلايدۇ› دېدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

- رۇملۇقلارنى نەزەردە تۇتۇۋاتامدىلا؟- دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق جاۋاب بەردى:

[223] ئۇلار شۇ زېمىننى فەتىھ قىلىپ غەنىمەتكە ئېرىشىدۇ.

[224] يەنى ئۇلارنى قورقۇتماقچى بولىدۇ.

[225] مۇسلىم (2897).

– ئۇ ئۇرۇشتا ناھايىتى قاتتىق جەڭ بولىدۇ، مۇسۇلمانلار قەتئىي چېكىنمەيدىغان پىدائىي قوشۇن تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىدۇ، ئۇلار دۈشمەنلەر بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئۇرۇش توختايدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى يېڭەلمەيدۇ، پىدائىي قوشۇن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئاندىن مۇسۇلمانلار يەنە بىر پىدائىي قوشۇن تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىدۇ، ئۇلارمۇ دۈشمەنلەرگە قارشى قاتتىق ئېلىشىدۇ، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئۇرۇش توختايدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى يېڭەلمەيدۇ. بۇ قېتىمقى پىدائىي قوشۇنمۇ ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئاندىن مۇسۇلمانلار يەنە بىر پىدائىي قوشۇن تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىدۇ، ئۇلارمۇ دۈشمەنگە قارشى جان - جەھلى بىلەن ئۇرۇشىدۇ، يەنە قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئۇرۇش توختايدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى يېڭەلمەيدۇ، بۇ پىدائىي قوشۇنمۇ ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. تۆتىنچى كۈنى مۇسۇلمانلاردىن ھايات قالغانلار غەيرەت - جاسارەت ۋە چىدامچانلىق بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا دۈشمەننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. بۇ ئۇرۇش شۇنداق شىددەتلىك بولىدۇكى، ھەتتا ئۆلارنىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ قالغان قۇشلارمۇ يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، بىر دادىنىڭ يۈز بالىسى بولسىمۇ ئۇلاردىن پەقەت بىرى قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قايسى غەنىيمەتكە خۇشال بولىدۇ؟ ياكى قايسى مىراسنى تەقسىم قىلىدۇ؟ بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر پالاكەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. شۇ ئارىدا بىر كىشى كېلىپ: ‹دەججال سىلەرنىڭ بالىچاقىلىرىڭلارنى ئىگىلىۋالدى› دەپ توۋلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوللىرىدىكى نەرسىلەرنى تاشلاپ دەججال تەرەپكە ئاتلىنىدۇ ۋە ئون ئاتلىق چەۋەندازدىن تەشكىل تاپقان تۇرشاۋۇل قىسىم ئەۋەتىدۇ». پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئۇلارنىڭ ۋە دادىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى، ھەتتا ئاتلىرىنىڭ رەڭگىنىمۇ بىلىمەن. ئۇلار ئاشۇ چاغدىكى يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى ئاتلىق قوشۇن ياكى ئاشۇ چاغدىكى يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ بىرى بولىدۇ»[226].

---

[226] مۇسلىم (2899).

بۇ قىتىملىق چوڭ جەڭدە مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ بارگاھى دەمەشىق شەھىرىنىڭ غۇتە دېگەن جايىدا بولىدۇ. ئۇلار شۇ چاغدىكى زېمىن يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى قوشۇن بولىدۇ، شۇ چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا رۇملۇقلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ.

ئەبۇدەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن چوڭ جەڭدە مۇسۇلمانلارنىڭ بارگاھى شامنىڭ ئەڭ ياخشى شەھەرلىرىدىن بولغان دەمەشىق دېيىلىدىغان شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدىكى غۇتەدە بولىدۇ»[227]. يەنە بىر رىۋايەتتە ئەبۇدەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دەيدۇ: «چوڭ جەڭ كۈنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بارگاھى شۇ چاغدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشى مەنزىلى دەمەشىق دەپ ئاتىلىدىغان شەھەردىكى غۇتە دېيىلىدىغان جايدا بولىدۇ»[228].

## كونستانتىنپولنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا تىنچ يول بىلەن فەتھە قىلىنىشى

شۇ چاغدا تەكبىر - تەھلىللەر ياڭرايدۇ، ئۇلارغا ئىمام مەھدىي يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- سىلەر بىر تەرىپى قۇرۇقلۇقتا، يەنە بىر تەرىپى دېڭىزدا بولغان شەھەرنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ - دېگەندە، ساھابەلەر:

- ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ! - دەپ جاۋاب بېرىشتى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى:

- ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرىدىن 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئۇ شەھەردە غازات قىلمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ، ئۇلار ئۇ شەھەرگە كىرگەندە

---

[227] ئەبۇ داۋۇد (4298) ، ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[228] «ئەلمۇستەدرەك» (8496). ھاكىم، زەھەبىيلەر: «سەھىھ» دېگەن.

ھېچبىر قورال - ياراق ئىشلەتمەستىن ۋە بىرەر تال ئوقيامۇ ئاتماستىن «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق! ئاللاھ بۈيۈكتۇر!» دەيدۇ. ئاندىن ئۇ شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ بىرىگە چۈشىدۇ (راۋىيلارنىڭ بىرى سەۋر ئىبنى يەزىد: دېڭىز تەرىپىگە دېدى). ئاندىن ئۇلار ئىككىنچى قېتىم «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق! ئاللاھ بۈيۈكتۇر!» دەيدۇ - دە، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە چۈشىدۇ، ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق! ئاللاھ بۈيۈكتۇر!» دېگەندە ئىشىك ئېچىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەھەرگە كىرىپ غەنىيمەتلەرنى ئالىدۇ. ئۇلار غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقاندا «دەججال چىقتى» دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ - دە، ئۇلار ھەممە نەرسىنى تاشلاپ قايتىدۇ[229].

ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دېدى: «قازى: ئۇ ‹سەھىھۇ مۇسلىم›نىڭ ھەممە نۇسخىلىرىدا ‹ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرىدىن› دەپ كەلگەن، دېگەن».

بەزىلەر مۇنداق دېدى: «(‹ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرىدىن› دەپ كېلىشىدىن) ‹ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن› دەپ كېلىشى كۈچلۈكرەك. چۈنكى، ھەدىسنىڭ باش - ئايىغى شۇنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردىن ئەرەبلەر، ئۇ شەھەردىن كونىستانتىنپول مەقسەت قىلىنىدۇ».

ئۇلارنىڭ ئەرەبلەرنى، يەنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى زىي مەخبەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «رۇملۇقلار (كونىستان-تىنپولدىكى) ۋالىيسىغا: ‹ئەرەبلەرگە بىز تېتىيمىز› دەيدۇ. ئاندىن كېلىشىمنى بۇزۇپ جەڭ قىلىش ئۈچۈن توپلىنىدۇ»[230]. مانا بۇ چوڭ ئۇرۇشنىڭ ئەرەبلەر بىلەن رۇملۇقلار ئارىسىدا بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ بابتىكى ھەدىسلەرنىڭ زاھىرىي مەنىلىرى بۇ چوڭ جەڭگە قاتنىشىدىغانلارنىڭ كونىستانتىنپولنى فەتىھ قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئەمر ئىبنى ئەۋف

---

[229] مۇسلىم (2920).

[230] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر» ، (4113).

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستىكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىمۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «ئاندىن ھىجاز ئەھلىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ»[231].

بۇ ئۇلارنىڭ ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئەمەس، بەلكى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ۋەللاھۇ ئەئلەم[232].

[231] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر» ، (13488).

[232] ئەششەيخ ھەمۇد ئەتتۇۋەيجىرىي: «إتحاف الجماعة بما جاء فى الفتن والملاحم وأشراط الساعة» ، 401/1.

## 107، 108 -مىراسنىڭ تەقسىم قىلىنمايدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ غەنىيمەتلەر بىلەن خۇشال بولمايدىغان بولۇپ كېتىشى

بۇ ئىككى ئالامەت زامان ئاخىرىدا ئۇرۇشلار كۆپىيىپ، خرىستىيانلار بىلەن قاتتىق جەڭ بولىدىغان ۋاقىتلاردا بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹مىراسلار تەقسىم قىلىنمايدىغان، غەنىيمەتلەر بىلەن خۇشال بولۇنمايدىغان بولۇپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ› دەپ قولى بىلەن شام تەرەپكە ئىشارەت قىلدى»[233]. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرىكى ئالامەتتە سۆزلىنىپ بولغان.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

[233] مۇسلىم (2899).

## 109 - ئىنسانلارنىڭ قەدىمي قورال - ياراق ۋە قاتناش ۋاستىلىرىغا قايتىشى

105 - ئالامەتتە بۇ مەزمۇنلار دېيىلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: «مۇسۇلمانلار شۇنداق تۇرغان ۋاقىتلىرىدا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر پالاكەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ، شۇئارىدا بىر كىشى كېلىپ: ‹دەججال بالىچاقىلىرىڭلارغا ئىگە بولۇۋالدى› دەپ توۋلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوللىرىدىكى نەرسىلەرنى تاشلاپ ئۇ يەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە ئون ئاتلىق كىشىدىن تەشكىل تاپقان تۇرشاۋۇل قىسمنى ئەۋەتىدۇ». پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاخىرىدا مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئۇلارنىڭ ۋە دادىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى، ھەتتا ئاتلىرىنىڭ رەڭگىنىمۇ بىلىمەن. ئۇلار ئۇز زامانىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئاتلىق قوشۇنى بولىدۇ»[234].

[234] مۇسلىم (2899).

## 110، 111 -بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئاۋاتلىششى، مەدىنەنىڭ خارابلىشىپ ئۇلتۇراقلاشقۇچىلار ۋە زىيارەت قىلغۇچىلاردىن خالىي بولۇپ قېلىشى

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بەيتۇلمۇ-قەددەسنىڭ ئاۋاتلىششى يەسرىب (مەدىنە) نىڭ خارابلىششىدۇر، يەسرىبنىڭ خارابلىششى چوڭ جەڭنىڭ يۈز بېرىشىدۇر، چوڭ جەڭنىڭ يۈز بېرىشى كونستانتىنپولنىڭ فەتھە قىلىنىشىدۇر، كونستانتىنپولنىڭ فەتھە قىلىنىشى دەججالنىڭ چىقىشىدۇر». ئاندىن مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان كىشىنىڭ يوتىسىغا ياكى دولىسىغا قولى بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ: «بۇ سېنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغىنىڭدەكلا ھەقىقەتتۇر» دېدى[235].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «چوڭ جەڭنىڭ بولۇشى، كونستانتىنپولنىڭ فەتھە قىلىنىشى ۋە دەججالنىڭ چىقىشى يەتتە ئاي ئىچىدە يۈز بېرىدۇ» دەپ كەلگەن[236].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە بايان قىلغان ۋەقەلىكلەر ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىدۇ. بەيتۇلمۇقەددەس ئەتراپىدا كۆپلەپ بىنالار سېلىنىپ، ئادەملەرنىڭ ئولتۇراقلىششى ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرىدۇ. مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە بولسا ئادەملەر ئۇنىڭدا تۇرۇشنى خاھلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىر ئىزدىلا توختاپ قالىدۇ. مانا بۇ مەدىنەنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدۇر. مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى

---

[235] ئەبۇ داۋۇد (4294). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «زەئىپ» دېگەن. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

[236] ئەبۇ داۋۇد (4295). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «زەئىپ» دېگەن. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

كىشىلەر كۆپەيمەستىن كېمەيمەكتە، كۆپلىگەن كىشىلەر باشقا شەھەرلەرگە يۆتكەلمەكتە. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- مەدىنە ئەڭ ياخشى ۋاقىتىدا تەرك ئېتىلىدۇ. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇكى، ئىت - بۆرىلەر مەسجىدكە كىرىپ، ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە ياكى مۇنبەرگە سىيىپ قويىدۇ، - دېدى. ساھابەلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا مېۋىلەر كىمگە قالىدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاۋابەن:

- ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلارغا قالىدۇ، - دېدى[237].

بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئاۋاتلىشىشى ئاخىرقى زاماندا بولىدىغان خەلىفەلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى پىيادە غەنىيمەت ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بىز غەنىيمەت ئالالماي قايتىپ كەلدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېھرىمىزدە چارچىغانلىق ئالامەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن:

- ئى ئاللاھ! ئۇلارنى ماڭا قويۇپ قويمىسىلا، مەن ئاجىزدۇرمەن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ قويۇپ قويمىسىلا، ئۇلارمۇ ئاجىز، باشقىلارغىمۇ قويۇپ قويمىسىلا، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ، - دەپ بولۇپ، بېشىمغا ياكى چوققامغا مۇبارەك قولىنى قويۇپ تۇرۇپ:

- ئى ئىبنى ھەۋالە! خەلىفەلىكنىڭ بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە يۆتكەلگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، يەر تەۋرەش، بالايىئاپەت ۋە چوڭ ھادىسەلەر يېقىنلاشقان بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، قىيامەت ئىنسانلارغا بۇ قولۇمنىڭ بېشىڭغا بولغان يېقىنلىقىدىنمۇ يېقىنراق بولىدۇ، - دېدى»[238].

---

[237] مالىك (1574). بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ئىت ياكى بۆرىنى تىلغا ئالمىغان ھالەتتە «سەھىھەين»دە بار.

[238] ئەھمەد (22854). ئەبۇ داۋۇد (2535). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ھەدىسىتىكى يەسرىبنىڭ (مەدىنەنىڭ) خارابلىشىشى «چوڭ ئۇرۇش»نىڭ بولۇشى دېمەكتۇر، بۇ ئۇرۇش مۇسۇلمانلار بىلەن رىم ناسارالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بولۇپ، ئۆلۈم - يېتىم كۆپ بولغاچقا، «چوڭ ئۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن كونىستانتىنپول (ھازىرقى ئىستانبول) فەتھ قىلىنىدۇ، ئاخىرىدا دەججال چىقىدۇ.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 112 -كۆرەك ئوتى تۆمۈرنىڭ دېتىنى چىقرىپ تاشلىغاندەك مەدىنەنىڭ يامان ئادەملەرنى چىقىرىپ تاشلىشى

بۇ ئالامەت ئىلگىرىكى ئالامەتنىڭ داۋامى بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنەگە ھىجرەت قىلىپ بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەدىنە ئاھالىسى كۆپىيىپ مەدىنە ئاۋاتلاشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ مەدىنەدە تۇرۇشنى خاھلىمايدىغان بولۇپ قېلىشىنىڭ قىيامەتنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشى تاغىسىنىڭ بالىلىرى ۋە يېقىنلىرىغا: ‹يۇرۇڭلار، (مەدىنەدىن چىقىپ) ھۇزۇر - ھالاۋەتكە ئېرىشەيلى! يۇرۇڭلار، (مەدىنەدىن چىقىپ) ھۇزۇر - ھالاۋەتكە ئېرىشەيلى!› دەپ چاقىرىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى، مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، (مەدىنە خەلقىدىن) كىم مەدىنەنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئورنىغا مەدىنەگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق كىشىنى يەرلەشتۈرىدۇ. بىلىڭلاركى، مەدىنە تۆمۈرنىڭ دېتىنى تازىلاپ چىقىرىدىغان كۆرەك ئوتىغا ئوخشايدۇ، كۆرەك ئوتى تۆمۈرنىڭ دېتىنى چىقىرىپ تاشلىغاندەك مەدىنە ئۆزىدىكى يامان كىشىلەرنى چىقىرىپ تاشلىمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[239].

رىۋايەت قىلىنىشىچە، «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھ مەدىنەدىن چىقىپ بولۇپ، ئازادگەردىسى مۇزاھىمغا قاراپ: ‹ئى مۇزاھىم! بىزنىڭ مەدىنە چىقىرىپ تاشلايدىغان (يامان) كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن

---

[239] مۇسلىم (1381).

بولۇپ قىلىشىمىزدىن ئەنسىرەۋاتامسەن؟› دىگەن»[240].

يۇقىرىقى سۆزدىن «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ناچارلىقىدىن مەدىنەدىن چىقىپ كەتكەن» دىيىلمەيدۇ. چۈنكى، كۆپلىگەن ساھابەلەر مەدىنەدىن باشقا يۇرتلارغا جىھاد ۋە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەر مەدىنە ئەڭ ياخشى ھالىتىدە ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ، مەدىنەدە يىرتقۇچ ھايۋان ۋە قۇشلارلا قالىدۇ»[241] دىگەن.

ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، مەدىنەنىڭ تۇرمۇشى پاراۋان، مېۋىسى مول بولسىمۇ ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭدىن بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى فىتنە - پاساتتۇر. ئاخىرىدا مەدىنەدە بىرمۇ ئادىمىزات قالمىغانلىقتىن، ئۆيلەر، مەسجىدلەر، ھەتتا كوچىلارمۇ ئادەمسىز قالغاچقا، يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە قۇشلار مەسجىدلەردە ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ.

[240] زەھەبىي: «تاريخ الإسلام» ، 190/7.

[241] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1874)؛ مۇسلىم (1389).

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 113 -تاغلارنىڭ يۆتكىلىشى

ئاللاھ تائالا تاغلارنى زېمىننى تۇتۇپ تۇرىدىغان قىلىپ ياراتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغلارنىڭ ئورنىدىن يۆتكىلىشىنى ئاخىرقى زاماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر، دەپ خەبەر بەردى. تاغلارنىڭ يۆتكىلىشى ئۆرۈلۈش بىلەن ياكى كىشىلەرنىڭ تاغلارنى تۈزلەپ بىنا سېلىشى بىلەن بولىدۇ.

سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تاغلار ئورنىدىن يۆتكەلمىگۈچە، سىلەر ئىلگىرى كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆرمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ»[242].

---

[242] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر» ، (6714)؛ ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 3061) «سەھىھ» دېگەن.

## 114 ـ قەھتاندىن كىشىلەر بويسۇنىدىغان بىر ئادەمنىڭ چىقىشى

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئاخىرقى زاماندا كىشىلەر سۆزىنى ئاڭلايدىغان، يولىغا ئەگىشىدىغان بىر كىشىنىڭ ئەرەب قەبىلىسى بولغان قەھتاندىن چىقىشىدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قەھتاندىن بىر ئادەم چىقىپ ھاسىسى بىلەن ئادەملەرنى ھەيدىمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ»[243].

«ھاسىسى بىلەن ئادەملەرنى ھەيدىمىگۈچە» دېگەن سۆزدىن بولغان مەقسەت ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى ۋە ئەگىشىشىدۇر. بۇ بىر سالىھ كىشى بولۇپ، بۇ ئادەم ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «قەھتان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ياخشى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[244].

ئۇنىڭ قەھتاندىن ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ھۆر كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۆۋەندىكى جەھجاھ دېگەن كىشىدىن باشقىدۇر. چۈنكى، جەھجاھ ئازادگەردىلەردىندۇر.

[243] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3517)؛ مۇسلىم (2910).

[244] نەئىم ئىبنى ھەمماد: «الفتن» ، 264 - نومۇر؛ ئىبنى ھەجەر: («فەتھۇلبارىي» ، 301/10) «سەنەدى ياخشى» دېگەن.

## 115 -جەھجاھ ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ چىقىشى

ئاخىرقى زاماندا كىشىلەر ئارىسىدا كۈچى ۋە ھوقۇقى بولغان كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە سۈپەتلىرىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، جەھجاھ دەپ ئاتىلىدىغان كىشى شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئازادگەردىلەردىن جەھجاھ ئىسىملىك بىر كىشى پادىشاھ بولمىغۇچە كېچە - كۈندۈز ئاخىرلاشمايدۇ (يەنى قىيامەت قايىم بولمايدۇ)»[245].

---

[245] مۇسلىم (2911). جەھجەل دەپ ئالغان نۇسخىلارمۇ بار.

## 116، 117، 118، 119 -يىرتقۇچ هايۋانلار ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ، قامچا ئۇچىنىڭ ۋە ئاياغ بوغقۇچىنىڭ سۆزلىشى، ئىنسانغا ئۆيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى يوتىسىنىڭ خەبەر قىلىشى

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يىرتقۇچ هايۋانلار ئىنسانلار بىلەن سۆزلەشمىگۈچە، قامچىسىنىڭ ئۇچى ۋە كەشىنىڭ بوغقۇچى بىلەن سۆزلەشمىگۈچە، كىشى ئۇز ئۆيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ نېمە قىلغىنىنى يوتىسى خەبەر قىلمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[246].

تۆۋەندىكى ئىككى ئالامەت، يەنى (ئىنساننىڭ قامچىسى بىلەن سۆزلىشىشى ۋە ئۆيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ نېمە قىلغىنىنى يوتىسىنىڭ خەبەر قىلىشى) تېخى يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر قىلغان ئىشنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەكتۇر.

بەزى تەتقىقاتچىلار: «قامچا، ئاياغ بوغقۇچ ۋە يوتىنىڭ سۆزلىشىدىن دەۋرىمىزدە كەشىپ قىلىنغان، ئاۋاز يۆتكەيدىغان زامانىۋى ئالاقە قوراللىرى مەقسەت قىلىنىدۇ» دەپ قارىغان.

يەنە بەزىلەر: «شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزى راستتىنلا سۆزلەيدۇ» دەپ قارىغان. توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

يىرتقۇچلارنىڭ ئىنسان بىلەن سۆزلىشىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

---

[246] تىرمىزىي (2181). تىرمىزىيمۇ: «ھەسەن غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بولغان ئىدى.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «بىر كىشى مەدىنە ئەتراپىدا قويلىرىنى بېقىۋاتسا، بىر بۆرە قويلارغا ئېتىلىپ بىر قوينى ئېلىپ قېچىپتۇ، ئۇ كىشى بۆرىنى توتۇۋالغاندىن كېيىن قوينى قۇتقۇزۇۋېلىپ بۆرىنى ھەيدىۋېتىپتۇ. بۆرە كەتمەي قۇيرۇقىنى تىكلەپ ئولتۇرۇپ ھېلىقى كىشىگە:

- ئاللاھ ماڭا رىزق قىلىپ بەرگەن قوينى سەن ئېلىۋالامسەن؟ - دەپتۇ. ئۇ كىشى:

-ئاجايىب ئىش، بۆرە قۇيرۇقىنى تىكلەپ تۇرۇپ ماڭا گەپ قىلىۋاتىدىغۇ، - دېگەندە، بۆرە:

- سەن بۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىق ئىشنى كۆرسەن، - دەپتۇ. ھېلىقى كىشى:

- بۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىق ئىش نېمە ئۇ؟ - دېگەندە، بۆرە:

- پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنەدىكى ئىككى ساي ئارىلىقىدىكى خورمىزارلىقتا كىشىلەرگە ئىلگىرى بولغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ، - دەپتۇ. ئۇ كىشى قويلىرىنى ھەيدەپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا يۇرۇپ كەتتى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇرۇۋاتقان باغقا بارغاندىن كېيىن باغنىڭ ئىشىكىنى قاقتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

- پادىچى قېنى؟ - دېدى. پادىچى ئورنىدىن تۇردى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

- ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگىن، - دېدى. پادىچى بۆرىدىن ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بولغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

- پادىچى راست سۆزلىدى، بۇ ئىشلار قىيامەتتىن ئىلگىرىكى مۆجىزىلەردۇر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلار ئۆيىدىن ئايرىلغاندىن

كىيىن ئىئىلىسىدىكىلەرنىڭ نىمە قىلغىنىنى ئۇنىڭ كەشى ياكى قامچىسى، ياكى ھاسىسى دەپ بەرمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[247].

يەنە كالىنىڭ گەپ قىلغانلىقىمۇ يۈز بەرگەن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- بىر كىشى ئېغىر يۈك ئارتىلغان كالىنى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى، كالا ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ: ‹مەن بۇنىڭ (يەنى يۈك توشۇش) ئۈچۈن يارىتىلمىدىم، بەلكى يەر ئاغدۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلدىم› دېدى، - دېگەنىدى، كىشىلەر ھەيران بولۇپ:

- سۇبھانەللاھ، كالىمۇ سۆزلەمدۇ؟ - دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرمۇ ئىشىنىدۇ، - دېدى»[248].

ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان يىرتقۇچ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سۆز قىلىشى راستتىنلا بولىدۇ. ۋەللاھۇ ئەئلەم. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ يارىتىشتا خاھلىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[35/«فاتىر»: 1].

[247] ئەھمەد (8049). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىف» دېگەن. زۇبەيدىي: («ئەلئىتھاف» ، 353/8) «سەنەدى ياخشى» دېگەن.

[248] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3663)؛ مۇسلىم (2388).

## 120، 121 ـ ئىسلامنىڭ ئىزى ئۆچۈشى، قۇرئاننىڭ يوقىلىپ قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى

قىيامەتتىن ئىلگىرىكى ئالامەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، فىتنە - پاسات، گۇناھ - مەئسىيەت ۋە نادانلىق سەۋەبىدىن ئىسلامنىڭ نۇرى ئۆچىدۇ، ئىسلام كۆرسەتمىلىرى ۋە تەلىماتلىرى يوقاپ كېتىپ، كىشىلەردە نە روزا، نە نامازدىن ئەسەر قالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدىن قۇرئان كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىن بىرمۇ ئايەت قالمايدۇ. كىشىلەر ئارىسىغا نادانلىق شۇ قەدەر تارقىلىپ كېتىدۇكى، ھەتتا قېرى كىشىلەر ۋە مومايلارمۇ: «بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى مۇشۇ ‹لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ› دېگەن كەلىمە ئۈستىدە تاپقان، بىزمۇ شۇنى دەۋاتىمىز» دەيدۇ.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىيىمنىڭ كەشتىسى ئۆچكەندەك ئىسلامنىڭمۇ ئىزى ئۆچىدۇ، ھەتتا روزا، ناماز، قۇربانلىق، زاكاتنىڭ نېمىلىكى بىلىنمەي قالىدۇ. بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا ئاللاھنىڭ كىتابى يوقىلىپ، يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىن بىرمۇ ئايەت قالمايدۇ. ئىنسانلاردىن بىر بۆلۈك قېرى كىشىلەر ۋە مومايلار: ‹بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى مۇشۇ ”لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ“ دېگەن كەلىمە ئۈستىدە تاپقان، بىزمۇ شۇنى دەۋاتىمىز› دېگەن ھالەتتە قالىدۇ».

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى بايان قىلغان چاغدا، ئەتراپىكى كىشىلەر ھەيران قېلىشتى. (ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان) راۋىي سىلە ئىبنى زۇفەر (ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن):

– ئى ھۇزەيفە! ناماز، روزا، قۇربانلىق، زاكاتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىگە بۇ كەلىمەنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ – دەپ سورىغانىدى، ھۇزەيفە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تۇرۇۋالدى. سىلە بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم سورىدى. ھەر قېتىمدا ھۇزەيفە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋالدى.

ئۇچىنچى قېتىمدا ھۇزەيفە ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ:

– ئۇ چاغدا بۇ كەلىمە ئۇلارنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدۇ، – دېدى[249].

ئاللاھقا شۈكرى! بۇ ئالامەتلەر تېخى كۆرۈلمىدى. چۈنكى، ئىسلام دىنى ھېلىھەم كېڭىيىۋاتىدۇ ۋە تارقىلىۋاتىدۇ.

[249] ئىبنى ماجە (4049). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 122 -بەيتۇللاھقا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چىققان بىر قوشۇننىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتۇۋېتىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق خەبەر بەرگەنكى، ھەقىقەتەن بىر قوشۇن مەھدىيدىن ئىبارەت قۇرەيشلىك بىر كىشىنى ئىزدەپ، بەيتۇللاھقا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چىققىنىدا، ئاللاھ تائالا بۇ قوشۇننىڭ ھەممىسىنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنى نىيەتلىرىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلىدۇ.

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى قىبتىييە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھارىس ئىبنى ئەبى رەبىئە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى سەفۋان بىلەن ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىردۇق، ئاندىن ئۇ ئىككىسى ئۇممۇ سەلەمەدىن يەر يۇتۇۋېتىدىغان قوشۇن ھەققىدە سورىدى. مانا بۇ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ھەججاج ئىبنى يۇسۇف بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان كۈنلىرى بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بەيتۇللاھتا قوغدىنىپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇممۇ سەلەمە دېدى: ‹پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– بەيتۇللاھتا بىر پاناھلانغۇچى پاناھلىنىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا بىر قوشۇن ئەۋەتىلىپ، بىر دالاغا كەلگەندە ئۇلارنى يەر يۇتۇۋېتىدۇ، – دېگەندى، مەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! مەككىگە مەجبۇرىي ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ – دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئۇلارنىمۇ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە يەر يۇتۇۋېتىدۇ، ئەمما قىيامەت كۈنى نىيىتىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلىدۇ، – دېدى›»[250].

---

[250] مۇسلىم (2882).

يەنە بىر رىۋايەتتە، «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەر يۈتۈۋېتىدىغان قوشۇننى بايان قىلغاندا، ئۇممۇ سەلەمە:

- بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىچىدە زورلانغانلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن؟ - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇلار نىيەتلىرىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلىدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەنىدى»[251].

ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبى بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدە زورلانغۇچى، ئەگەشكۈچى ۋە تىجارەتچىلەر بار بولۇپ، ئۇلار يامان كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەممىسى ھالاك بولغان. چۈنكى، بالا - قازا ھەمراھ بولغانلىق ھۆكمى بىلەن ھەممىگە ئومۇم بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن قىيامەت كۈنى نىيەت - مەقسەتلىرى بويىچە ھېساب ئېلىنىدۇ.

بۇ ھەدىستە يامان كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ۋە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان. چۈنكى، گۇناھ - مەئسىيەتتە چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن كىشىلەرگە ھېچقانداق نارازىلىق بىلدۈرمەي، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن كىشىمۇ شۇلارغا ئوخشاش ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدۇ.

شۇنداقلا بۇ ھەدىس قوشۇننىڭ كەئبەگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ.

بۇ رىۋايەتلەردىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ھەقىقەتەن بۇ قوشۇن بەيتۇللاھقا ھۇجۇم قىلىپ ئىززەتكە بولغان پاناھلانغۇچى كىشى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى ھىمايە قىلىپ، بۇ قوشۇننى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىدۇ. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بولغان بىر ئىززەتلەشتۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلاۋېتىپ چۆچۈپ كەتتى. ئويغانغاندىن كېيىن:

---

[251] تىرمىزىي (2326). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇيقۇلىرىدا چۆچۈپ كەتتىلە، ئىلگىرى بۇنداق بولۇپ باقمىغانتىلە، – دېسەم، رەسۇلۇللاھ:

– ھەقىقەتەن غەلىتە (چۈش كۆرۈپتىمەن). ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشى بەيتۇللاھقا كىرىپ پاناھلىنىۋالغان قۇرەيشلىك بىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن بەيتۇللاھنى چېقىۋېتىشنى كۆزلەپ يولغا چىقىپ، بىر دالاغا كەلگەندە، ھەممىسىنى يەر يۇتۇپ كېتىپتۇ، – دېدى. بىز:

– ئى رەسۇلۇللاھ! يولدا باشقا ئىنسانلارمۇ بار ئەمەسمۇ؟ – دەپ سورىغاندۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– شۇنداق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىلىپ تۇرۇپ قەستەن چىققانلار، مەجبۇرىي چىققانلار ۋە (ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان) يولۇچىلارمۇ بار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەممىسىنى بىرلا كۆندە بىر - بىرىدىن پەرقلىق تىرىلدۈرىدۇ، – دېدى»[252].

يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– بىر قوشۇن كەئبەگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ بىر دالاغا كەلگەندە، قوشۇننىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتۇۋېتىدۇ، – دېدى. مەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! قانداقلارچە ئۇلارنىڭ باش - ئاخىر بولۇپ ھەممىنى يەر يۇتۇۋېتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ قاتارىدىن بولمىغان كىشىلەرمۇ، جەڭگە قاتناشمايدىغان تىجارەتچىلەرمۇ بار تۇرسا؟! – دەپ سورىغىنىمدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– يەر ئۇلارنى باشتىن - ئاخىر يۇتۇۋېتىدۇ. كېيىن ئۇلار نىيەتلىرىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلىدۇ، – دېدى»[253].

ئىمام مەھدىي ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ۋەقەلىكلەر توغرىسىدا كېيىن تەپسىلى توختىلىمىز[254].

---

[252] مۇسلىم (2884).

[253] بۇخارىي (2118).

[254] كىچىك ئالامەتلەردىن (131) - نۇمۇرلۇق ئالامەتكە قاراڭ.

## 123 -بەيتۇللاھنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىنمايدىغان بولۇپ قېلىشى

زامان ئاخىرىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن يەنە بىرى بولسا فىتنەلەر يامراپ كېتىپ، كىشىلەر دىنىدىن يۈز ئۆرۈش سەۋەبىدىن كەئبە ئۆمرە ۋە ھەج تاۋاپ قىلىنماس بولۇپ قالىدىغان زامانلارنىڭ كېلىشىدۇر.

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بەيتۇللاھنى ھەج تاۋاپ قىلىش توختىمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[255].

لېكىن، بۇ ئالامەت بەك كېچىكىپ كېلىدۇ، چۈنكى يەئجۇج ۋە مەئجۇجدىن كېيىنمۇ ھەج تاۋاپ قىلىش داۋاملىشىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يەئجۇج ۋە مەئجۇج پەيدا بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ بەيتۇللاھقا ھەج ۋە ئۆمرە داۋاملىشىدۇ»[256].

«بەيتۇللاھنى ھەج تاۋاپ قىلىش توختىمىغۇچە...»دىن مەقسەت «بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش ئۈزۈش قاتارلىق ئىشلار تۈپەيلىدىن مەلۇم مۇددەت ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم ھەج پائالىيەتلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ» دېگەنلىك ياكى بولمىسا «بىر تۈركۈم قەۋملەر بەيتۇللاھنى ھەج تاۋاپ قىلىشتىن چەكلىنىدۇ» دېگەنلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

---

[255] «مۇسنەدۇ ئەبى يەئلا» ، (991)؛ «ئەلمۇستەدرەك» (8397). ھاكىم ، زەھەبىيلەر: «سەھىھ» دېگەن.

[256] بۇخارىي (1593).

## 124 -بىر قىسىم ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بۇتپەرەسلىككە قايتىشى

بۇرۇن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى كىشىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە بۇتقا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت باتىل ئىشلار ئۈستىدە ئىدى. كېيىن بۇ بۇتلارنى چېقىپ تاشلاش ۋە ئاللاھنى بىر دەپ تونۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىپ، ياردەمچىلىرى بىلەن قوللىدى.

لېكىن، قىيامەتنىڭ يېقىنلىشىشى، كىشىلەرنىڭ دىنىدىن يىراقلاپ كېتىشى ۋە ئىلىمگە قىزىقماسلىقى بىلەن بىر بۆلۈك كىشىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تاكى دەۋس قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرىنىڭ ساغرىلىرى زۇلخەلەسە[257] بۇتىغا تاۋاپ قىلىپ سىلكىنمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[258].

بۇ ھەدىستىكى «ساغرىلىرى زۇلخەلەسە بۇتىغا تاۋاپ قىلىپ سىلكىنمىگىچە» دېگەندىن مەقسەت «بۇتلارغا چوقۇنۇش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئەسلىي ھالىتىگە قايتىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

ئەسلىدە دەۋس قەبىلىسى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان.

[257] زۇلخەلەسە  دەۋس قەبىلىسى جاھىلىيەت دەۋرىدە چوقۇنغان بۇتنىڭ ئىسمى.

[258] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7116)؛ مۇسلىم (2906).

# 125 - قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ يوقىلىشى

قۇرەيش قەبىلىسى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار فەھىر ئىبنى مالىك ئىبنى كەنانەنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

قۇرەيش ئەرەب تىلىدىكى تىجارەت مەنىسىدە كېلىدىغان «تەقارۇش» سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، فەھرنىڭ ئەۋلادلىرى تىجارەتچى بولغانلىقتىن ئۇلارغا «قۇرەيش» سۆزى لەقەم قىلىنغان.

قۇرەيش بىرقانچىلىغان جەمەتلەرگە بۆلىنىدۇ. ئۇلار ھارىس ئىبنى فەھر، جەزىيمە، ئائىزە، لۇئەي ئىبنى غالىب، ئامىر ئىبنى لۇئەي، ئەدىي ئىبنى كەئب ئىبنى لۇئەي، مەخزۇم، تەمىيم ئىبنى مۇررە، زۆھرە ئىبنى كىلاب، ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززا، ئابدۇددار، نەۋفەل، ئابدۇلمۇتتەلىپ، ئۇمەييە ۋە ھاشىم جەمەتلىرىدۇر.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن قۇرەيشلەر يەنە بەكرىيلەر، ئۆمەرىيلەر، ئوسمانىيلار ۋە ئەلەۋىيلەر ۋە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن جەمەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن.

ئۇلارنىڭ ئەسلى ماكانى ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىدى. كېيىنچە ئۇلار بىرقانچىلىغان قىتئە ۋە دۆلەتلەرگە تارقىلىپ كەتكەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ بارا - بارا ئازلاپ، يوقاپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىس بايان قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ تېز يوقاپ كېتىدىغان قەبىلە قۇرەيش قەبىلىسىدۇر. پات ئارىدا بىر ئايال بىر ئاياغنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ‹بۇ قۇرەيشلىك بىرىنىڭ ئايىغى ئىكەن› دەيدۇ»[259].

---

[259] ئەھمەد (18137)؛ «مۇسنەدۇ ئەبى يەئلا» ، (6205). ئەھمەد شاكىر ۋە ئالبانىيلار:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئى ئائىشە! سىزنىڭ قەۋمىڭىز ئۇممىتىم ئارىسىدا ماڭا ئەڭ تېز يېتىشىۋالغۇچىدۇر»[260].

«سەھىھ» دېگەن.

[260] ئەھمەد (24563)؛ ئالبانىي: «ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، (1953)تە «سەھىھ» دېگەن.

# 126 ـ كەئبەنىڭ ھەبەشلىك بىر كىشىنىڭ قولىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى

مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان كەئبەنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، ئاخىر زاماندا پاچىقى كىچىك ۋە ئىنچىكە بولغانلىقى ئۈچۈن «شادىپاچاق» دەپ ئاتىلىدىغان ھەبەشلىك[261] بىر قارا تەنلىك كىشى كەئبەنىڭ تاشلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ تاشلايدۇ ۋە يوپۇقىنى يىغىپ، زىبۇزىنەتلىرىنى بۇلاپ قاچىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەبەشلەر سىلەرگە چېقىلمىسىلا، سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلماڭلار. چۈنكى، كەئبەنىڭ بايلىقىنى ھەبەشلىك شادىپاچاق قارا تەنلىك كىشىدىن باشقىسى چىقارمايدۇ»[262].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «كەئبەنى ئىككى پاچىقى ئىنچىكە كەلگەن ھەبەشلىك بىرى خاراب قىلىدۇ» دەپ كەلگەن[263].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئۇ ئالچاڭ پۇت قارا تەنلىكنىڭ كەئبە تاشلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن»[264].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شادىپاچاق ھەبەشلىك بىرى كەئبەنى چېقىپ، ئىچىدىكى زىبۇزىنەتنى

---

[261] ھەبەش ھازىرقى ئېفىيوپىيەنى كۆرسىتىدۇ.

[262] ئەبۇ داۋۇد (4309). ئالباني: «ھەسەن» دېگەن.

[263] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (1591)؛ مۇسلىم (2909).

[264] بۇخاري (1595).

ئېلىپ، يوپۇقىنىمۇ يىغىۋالىدۇ. پاينەك باش، پۇت - قوللىرى مايماق ئۇ قارا تەنلىكنىڭ گۈرجەك ۋە مېتىن بىلەن كەئبەنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن»[265].

ئاللاھ تائالا مەككەنى ھەرەم ۋە ئەمىن جاي قىلغان تۇرسا، قانداقمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ؟ دېيىلىشى مۇمكىن. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق﴾ 29/«ئەنكەبۇت»: 67. ﴿ئۇلارنى بىز تىنچ ھەرەمگە يەرلەشتۈرمىدۇقمۇ؟﴾ 28/«قەسەس»: 57 ﴿كىمكى مەسجىدى ھەرەمدە زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾ 22/«ھەج»: 25.

ئاللاھ تائالا كەئبەنى ھەقىقەتەن پىل ئىگىلىرىدىن (ئەسھابۇل فىلدىن) ساقلاپ قالغان، شۇ چاغدا ئۇلار مۇشرىك كۇففارلار ئىدى. بۇ كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىگە قانداقمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ؟

جاۋاب:

1. بەيتۇللاھ قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر ئەمەس، بەلكى قىيامەت يېقىنلاشقانغا قەدەر تىنچ، ئەمىن قالىدۇ. ئايەتتە ئەمىنلىكنىڭ قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدىغانلىقىغا دەلىل يوق. چۈنكى، ئايەت بەيتۇللاھنىڭ شۇ زاماندىكى ئەمىنلىكتىن ئىبارەت ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرگەن.

2. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «بەيتۇللاھنى پەقەت ئۇنى بۇزىدىغانلارلا بۇزىدۇ» دېگەنگە ئىشارەت قىلغان.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەجەر ئەسۋەد بىلەن ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئارىلىقىدا بىر كىشىگە بەيئەت قىلىنىدۇ. بەيتۇللاھنى پەقەت ئۇنى بۇزىدىغانلارلا بۇزىدۇ. ئۇنى بۇزىدىغانلار

[265] ئەھمەد (7053). «مۇسنەدۇ ئەبى يەئلا» ، (6205). ئەھمەد شاكىر: «سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: «باشقا رىۋايەتلەر بىلەن كۈچلىنىدۇ. ھەدىسنىڭ باش تەرىپى سەھىھەيندە كەلگەن» دېگەن.

ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئەرەبلەرنىڭ ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلىكىدىن گەپ ئاچساڭمۇ بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەبەشلەر كېلىپ، بەيتۇللاھنى قايتا ياسىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدىكى بايلىقنى چىقىرىۋالىدىغانلارمۇ ئەنە شۇلاردۇر»[266].

ئەسھابۇل فىل زامانىدا مەككە ئەھلى كۇففار ئىدى، لېكىن ئۇلار بەيتۇللاھنى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەي ئۇلۇغلايتتى، شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەبرەھە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن ساقلاپ قالغان.

ئەمما، ھەبەشلىك شادىپاچاق بولسا، مەككە ئەھلى بەيتۇللاھقا قەتئىي ئېتىبار بەرمەي، بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى ھالال سانىغاندىن كېيىنلا ئۇنى بۇزالايدۇ. چۈنكى، بەيتۇللاھقا سەل قاراپ كۆڭۈل بۆلۈنمىسە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قارشى ياردەم بەرمەيدۇ. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

---

[266] ئەھمەد (8099). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

# 127 - مۆئمىنلەرنى قەبزى روھ قىلىش ئۈچۈن مەيىن شامالنىڭ ئەۋەتىلىشى

قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىشى ۋە دەججالنىڭ چىقىشى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشىگە ئوخشاش چوڭ ئالامەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن كېيىن قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىنلاپ كېلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنى قەبزى روھ قىلىدىغان مەيىن شامالنى ئەۋەتىدۇ، بۇ مۆئمىنلەرنى قىيامەت قايىم بولغان چاغدا بولىدىغان قورقۇنۇش ۋە چۈچۈشلەردىن ساقلاش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، قىيامەت پەقەت كىشىلەرنىڭ يامانلىرى قالغاندىلا بولىدۇ.

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەججال ھەققىدە سۆزلىدى... ۋە سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار شۇنداق ياشاۋاتقان چاغدا ئاللاھ تۇيۇقسىزلا بىر مەيىن شامالنى ئەۋەتىدۇ، شامال ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ ھەربىر مۆئمىن ۋە مۇسۇلماننى قەبزى روھ قىلىدۇ. (ئۇلاردىن كېيىن زېمىندا) ئېشەكلەردەك ئاشكارا جىنسىي ئالاقە قىلىشىدىغان ئەڭ ئەسكى ئادەملەر قالىدۇ، مانا شۇلارنىڭ ۋاقتىدا قىيامەت قايىم بولىدۇ»[267].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دەججال ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ... ئاندىن ئاللاھ تائالا شام تەرەپتىن سوغۇق شامال چىقىرىدۇ، ئۇ شامال يەر يۈزىدە قەلبىدە زەررىچە ياخشىلىق ياكى ئىمان بولغان كىشىنى قالدۇرماي قەبزى روھ قىلىدۇ، ھەتتا بىرەرسىڭلار تاغنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان تەقدىردىمۇ شامال شۇ

[267] مۇسلىم (2937).

يەرگە كىرىپ ئۈنىڭ جېنىنى ئالماي قويمايدۇ»[268].

بۇ شامال ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى ۋە دەججالنىڭ چىقىشىدىن كېيىن بولىدۇ.

[268] مۇسلىم (2940).

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 128 - مەككە ئىمارەتلىرىنىڭ ئېگىز بولۇپ كېتىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋرىدە مەككەنىڭ نوپۇسى ۋە ئىمارەتلىرى ئاز ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە ئىمارەتلىرىنىڭ ئۇنىڭ تاغلىرىدىن ئېگىز بولۇشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى خەبەر بەرگەن.

ئەتائ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئۇلۇغىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

- سىلەر كەئبەنى ئۇرۇپ تۆپتۈز قىلىۋەتكەن چاغدا ھالىڭلار نېمە بولۇپ كېتەر؟! شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكىلەر:

- بىز ئىسلام ئۈستىدە تۇرۇپمۇ؟ - دېدى. ئۇ:

- سىلەر ئىسلام ئۈستىدە تۇرۇپ، - دېدى. ئۇلار:

- ئاندىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟ - دېدى. ئۇ: ئاندىن كېيىن بۇرۇنقىدىن ئېسىل قىلىپ بىنا قىلىنىدۇ، ئەگەر سەن مەككەنى قۇدۇقلار كولانغان ھالەتتە ۋە بىنالىرىنى تاغلىرىدىن ئېگىز ھالەتتە كۆرسەڭ، بىلگىنكى قىيامەت ساڭا يېقىنلاپ قالغان بولىدۇ»[269].

«قۇدۇقلار كولانغان» يەنى سۇ يوللىرى قېزىلغان؛ ئۇ بولسا مەككەنىڭ تاغلىرى ۋە يەرلىرى ئاستىدىكى يەر ئاستى سۇ يوللىرى ۋە زەمزەم سۈيىنىڭ ناھايىتى چوڭ تۇرۇبا يوللىرىدۇر.

---

[269] ئىبنى ئەبى شەيبە (14306). «سەنەدى ياخشى».

## 129 - بۇ ئۈممەتنىڭ كېيىنكى كىشىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى كىشىلىرىگە لەنەت قىلىدىغان بولۇپ كېتىشى

زامان ئاخىرىدا بىدئەتلەر كۆپىيىدۇ، كېيىنكىلەر ئىلگىرىكىلەرنى ئىنكار قىلىدىغان، بەزىلەر ساھابە - كىراملارنىڭ پەزىلىتىنى، ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۇنتۇيدىغان ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ماختىغانلىقى ۋە مەدھىيىلىگەنلىكىگە سەل قارايدىغان ياكى سەل قارىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدىغان، بەزىلىرى مۇشۇ ئۈممەتتىن بولغان ئىلگىرىكى كىشىلەرگە لەنەت قىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «بۇ ئۈممەتنىڭ كېيىنكى كىشىلىرى ئىلگىرىكى كىشىلىرىگە لەنەت ئوقۇيدىغان بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[270].

«بۇ ئۈممەت» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى كۆرسىتىدۇ. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

[270] تىرمىزىي (2211). تىرمىزىي: «غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

# 130 -ئاپتوموبىللارغا ئوخشاش يېڭى قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

زامان ئاخىرىنىڭ تەپسىلاتلىرى ۋە شۇ ۋاقىتتا بولىدىغان يېڭىلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ياكى ئۇلارغا ئىشارەت قىلىپ نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بازارلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ۋاقىتنىڭ قىسقىرىشىدىن خەبەر بەرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ خەبىرىدىن بەزى ئۆلىمالار بۇ خەبەرنىڭ زامانىمىزدىكى ئاپتوموبىللارغا ئىشارەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن، شۇنىڭدەك ئىمام ئالبانىي ئۆزىنىڭ «سەھىھ ھەدىس توپلىمى» («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»)دا ۋە باشقا كىتابلىرىدا شۇنىڭغا ئىشارەت قىلغان.

ئىبنى ھىببان ئۆزىنىڭ «سەھىھ ھەدىس كىتابى»دا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈممىتىمنىڭ ئاخىرقى كىشىلىرى ئىچىدە تۆگىنىڭ ئېگەر - توقۇملىرىغا ئوخشاش ئېگەرلەرگە مىنىدىغان كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلار مەسجىدلەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بولسا كىيىم كىيمىگەندەك كىيىنىشىدۇ»[271].

«ئات - ئۇلاغنىڭ ئېگەر - توقۇملىرىغا ئوخشاش» دېگەن سۆزدە ئۇنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرمىگەن يېڭى قاتناش ۋاستىلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاپتوموبىل ئىكەنلىكى ئاشكارا بولماقتا. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

---

[271] ئىبنى ھىببان (5753 )؛ ئەھمەد (7083).

## 131 - مەھدىينىڭ چىقىشى

زامـان ئاخىرىـدا پاسـاتچىلىق كۆپىيىـپ، زۇلـۇم كـەڭ تارقىلىـپ، كۆچلۈكلـەر ئاجىزلارنىـڭ ھـەق - ھوقۇقلىرىنـى دەپسـەندە قىلىـپ يامـان كىشـىلەر ئۈسـتۈنلۈككە ئېرىشـىمۇ، مۇئمىنلـەر زېمىننـى قاپلىغـان زۇلمەتنـى يـوق قىلىۋېتىدىغـان يېڭـى بىـر تاڭنـى كۈتـۈپ تۇرۇشـىدۇ. ئاندىـن ئـاللاھ تائـالا مەھدىـي مۇھەممـەد ئىبنـى ئابدۇللاھنىـڭ چىقىشـىغا ئىـزن قىلىدۇ.

- **مەھدىي دېگەن كىم ؟**
- **ئۇنىڭ چىقىش سەۋەبى نېمە؟**
- **قەيەردىن چىقىدۇ؟**
- **ئۇ ھازىر مەۋجۇدمۇ؟**
- **نېمە ئىش قىلىدۇ؟**
- **ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كىملەر؟**

مەھدىـي دېگـەن سـۆزنى ئـاڭلاش بىلـەنلا مانـا بۇقىـرىقىغـا ئوخشـاش نۇرغـۇن سـوئاللار كاللىمىزغـا كېلىـدۇ، بىـز بـۇ سـوئاللارغا تۆۋەنـدە ئېنىـق ۋە ئىخچام قىلىـپ جاۋاب بەرمەكچىمىز.

### ■ ئۇنىڭ ئىسمى ۋە نەسەبى

ئۇنىــڭ ئىســمى مۇھەممــەد ئىبنــى ئابــدۇللاھ بولــۇپ، ھەســەن ئىبنــى ئەلــى رەزىيەللاھــۇ ئەنهۇمانىــڭ نەســلىدىن يەنــى پەيغەمبــەر ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ ئەۋلادىدىندۇر.

ئىبنــى مەسـئۇد رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇ رىۋايــەت قىلىدۇكــى، پەيغەمبــەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېگەن: «نـاۋادا دۇنيـادا (قىيامەتكە) بىـر كـۈنلا قالغـان بولسـىمۇ، ئـاللاھ ئـۇ كۈننـى تاكـى مەندىـن ياكـى مېنىـڭ ئەھلىمدىــن بولغــان، ئىســمى ئىســمىمغا، دادىســىنىڭ ئىســمىمۇ دادامنىــڭ

ئىسمىغا ئوخشايدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتكۈچە ئۇزارتقان بولاتتى»[272].

## ■ ئۇنىڭ چىقىش سەۋەبى

ئاخىر زاماندا بىر سالىھ كىشى چىقىدۇ، ئۇنىڭ چىقىشى فىتنە - پاساتنىڭ تارقىلىشى، گۇناھلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، زۇلۇمنىڭ ئېغىرلىشىشى ۋە ئادىللىقنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن كېيىن بولىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر كىشىكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق بۇ ئۇممەتنىڭ ھالىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. بۇ كىشى ئەھلى سۈننەتكە مەھدىي ئىسمى بىلەن تونۇلۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ ۋە مۇئمىنلەرگە بىرقانچە جەڭلەردە قوماندانلىق قىلىدۇ. ئۇ قوماندان ۋە ھۆكۈمران بولىدۇ.

## ■ ئۇنىڭ سۈپىتى

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹مەھدىي مەندىن (يەنى مېنىڭ نەسلىمدىن) ... بۇ ئۇنىڭ نەسەبىدۇر› دېگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يارىلىش سۈپەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ: ‹ئۇنىڭ ماڭلىيىنىڭ چېچى ئاز، قاڭشارلىق كېلىدۇ. ئۇ يەتتە يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك بىلەن تولغان يەر يۈزىنى ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن تولدۇرىدۇ› دېگەن»[273].

ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇددىتى ھەققىدىكى بايان كېيىن كېلىدۇ.

ۋە يەنە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى: ئۇنىڭ ئىسمى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمىغا، دادىسىنىڭ ئىسمى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بولۇشىدۇر. ئۇ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ نەسلىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

[272] ئەبۇ داۋۇد (4282)؛ تىرمىزىي (2394). شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە: («مىنھاجۇسسۇننە» ، 4/211) «سەھىھ» دېگەن.

[273] «ئەبۇ داۋۇد» ، (4285). «سەنەدى ھەسەن».

ۋەسەللەمنىڭ ئەھلى قاتارىدىندۇر.

ئۇنىڭ ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسلىدىن بولۇشىنىڭ ھېكمىتى: ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شەھىد بولۇشىدىن كېيىن خەلىفەلىككە تەيىنلەندى، شۇنىڭ بىلەن شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارغا ئىككى ئەمىر (خەلىفە) بولدى: بىرى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇ ئىراق، ھىجاز ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردا. يەنە بىرى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇ شام ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا.

ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالتە ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ھېچقانداق بىر دۇنياۋىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەستىن خەلىفەلىكنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇ بۇنى پەقەتلا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى بىر ھاكىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا يىغىش ۋە بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە قىلغان بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى مۇشۇ سەۋەبلىك مۇكاپاتلىدى (يەنى مەھدىينى ئۇنىڭ نەسلىدىن قىلدى).

كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بىرنەرسىنى تەرك ئېتىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادىغا تەرك ئەتكەن نەرسىدىنمۇ كۆپرەك نەرسىنى بېرىدۇ[274].

■ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇددىتى

ئۇ مۇسۇلمانلارغا يەتتە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە زېمىن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى جەبىر ۋە زۇلۇمغا تولغىنىنىڭ ئەكسىچە، ئادالەتكە تولىدۇ.

ئۈممەت ئۇنىڭ دەۋرىدە ناھايىتى راھەت - پاراغەتتە ياشايدۇ، زېمىن مەھسۇلاتلىرىنى چىقىرىپ تۇرىدۇ، يامغۇر يېغىپ تۇرىدۇ ۋە مال - دۇنيا ھەددى - ھېسابسىز بولىدۇ.

---

[274] ئىبنۇلقەييىم: «المنار المنيف»، 151 - بەت.

بۇ توغرىسىدىكى ھەدىسلەر كېيىن كېلىدۇ.

■ ئۇ قەيەردىن چىقىدۇ؟

مەھدىي مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ مەشرىق تەرەپتىن چىقىدۇ. ئۇ چىققان چاغدا ئۆزى يالغۇز بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مەشرىقتىن بولغان كىشىلەر بىلەن مەدەت بېرىدۇ. ئۇ كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە دىنىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرىدۇ ۋە دىن يولىدا جىھاد قىلىدۇ. بۇ توغرىسىدا ھەدىس كەلگەن.

■ ئۇنىڭ چىقىش ۋاقتى

ئاخىر زاماندا كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى پاراكەندە بولۇپ كەتكەندە، خەلىفەلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئۈچ كىشى كەئبەنىڭ بايلىقىنى دەپ ئۆزئارا ئۇرۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى خاھلايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا مەھدىي مەككەدە چىقىدۇ ۋە كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولىدۇ. ئاندىن كەئبەنىڭ يېنىدا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەمىر - پەرمانىغا بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىشكە بەيئەت قىلىدۇ.

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ‹ئۈچ كىشى سىلەرنىڭ بايلىقىڭلارنى دەپ ئۇرۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلىفەلەرنىڭ ئوغۇللىرىدۇر. ئاندىن كېيىن بايلىق ئۇلارنىڭ بىرەرسىگىمۇ تەگمەيدۇ... ئاندىن كېيىن مەشرىق تەرەپتىن قارا بايراقلىقلار چىقىپ، سىلەرنى ھېچقانداق بىر قەۋم ئۆلتۈرۈلمىگەن ئۇسۇلدا ئۆلتۈرىدۇ›. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرنەرسىلەرنى دېگەنىدى، مەن ئۇلارنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ئەگەر سىلەر ئۇنى (مەھدىينى) كۆرسەڭلار، قار - مۇز ئۇستىدە ئۆمىلەپ بولسىمۇ بەيئەت قىلىڭلار› دېدى»[275].

---

[275] «ئىبنى ماجە» ، (4084). ئىبنى كەسىر («ئەننىھايە» 26 - بەت): «بۇنى ئىبنى ماجە يالغۇز رىۋايەت قىلغان. بۇ كۈچلۈك سەھىھ سەنەدتۇر» دېگەن. بۇسەيرىي

**ھەدىسنىڭ شەرھىسى:**

**«ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلىفىلەرنىڭ ئوغۇللىرى» - يەنى ئۇلار ئۈچ كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بار، ئۇلاردىن ھەربىرىنىڭ دادىسى پادىشاھ بولۇپ، دادىسىنىڭ پادىشاھلىقىغا ئوخشاش پادىشاھلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.**

**«سىلەرنىڭ بايلىقىڭلار» - بەزىلەر: «بۇ كەئبەنىڭ بايلىقى بولۇپ، كەئبەنىڭ ئاستىدىكى ئالتۇن ۋە ھەر خىل بايلىقلاردۇر» دېسە، بەزىلەر: «پادىشاھلىق، ھۆكۈمرانلىق ۋە خەلىپىلىكتۇر» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «فۇرات دەرياسىدىن ئېچىلىپ قالىدىغان ئالتۇن تاغدۇر» دېگەن.**

## مەھدىينىڭ مەككىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن قارا بايراقلىقلارنىڭ مەشرىقتىن يەنى خۇراساندىن چىقىشنى قانداق چۈشىنىمىز؟

## نېمە ئۈچۈن مەھدىي كۆتۈرىدىغان بايراق قارا رەڭلىك بولىدۇ؟

**ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭغا مەشرىقتىن بولغان كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مەدەت بېرىلىدۇ. ئۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزۇپ، ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇلىنى چىڭىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بايراقلىرى قارا بولىدۇ، قارا رەڭ ھەيۋەتنى بار رەڭدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بايرىقى قارا بولۇپ، ‹ئۇقاب› دەپ ئاتىلاتتى»[276].**

**ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۇممىتىمنىڭ ئاخىرقى كىشىلىرى ئىچىدە مەھدىي چىقىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا پايدىلىق يامغۇر ئەۋەتىدۇ، زېمىن ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بېرىدۇ،**

(«ئەززەۋائىد» 1442): «بۇ سەھىھ سەنەد، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن. ھاكىم («ئەلمۇستەدرەك»، 8432): «ئىككى ئۇستاز (بۇخارىي بىلەن مۇسلىم) شەرتى بويىچە سەنەدى سەھىھ» دېگەن. لېكىن، بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە زەھەبىي قاتارلىق باشقا مۇھەددىسلەر «زەئىف» دەپ قارىغان. ئىمام ئىبنۇلجەۋزىي «ئويدۇرما» دەپ ھۆكۈم قىلغان.

[276] «النهاية فى الفتن والملاحم»، 27 - بەت.

مال - دۇنيا كىشىلەر ئارىسىدا باراۋەر تەقسىملىنىدۇ. مال - چارۋىلار كۆپىيىدۇ ۋە ئۇممەت زورىيىدۇ. ئۇ (هۆكۈمرانلىقىدا) يەتتە ياكى سەككىز (يىل) ياشايدۇ»[277].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇ (مەھدىي) دىن كېيىن هاياتلىقتا ياخشىلىق قالمايدۇ» دەپ كەلگەن[278].

مانا بۇ مەھدىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يامانلىق ۋە چوڭ فىتنەلەرنىڭ يەنە بىر قېتىم يۈز بېرىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئىمام ئىبنى باز رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: «مەھدىينىڭ ئىشى ھەممىگە مەلۇم. بۇ توغرىسىدىكى ھەدىسلەرمۇ كۆپ. بەلكى بىر - بىرىنى كۈچلەندۈرگەنلىكتىن ‹مۇتەۋاتىر› دېيىشكە بولىدۇ. بىرقانچىلىغان ئەھلى ئىلىملەر ئۇ ھەدىسلەرنى، رىۋايەت قىلىنىش يوللىرىنىڭ كۆپلۈكى، جەريانىنىڭ، ئىبارىلىرىنىڭ، راۋىيلىرىنىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى مەنە جەھەتتىن مۇتەۋاتىر، دەپ بايان قىلغان. بۇ ھەدىسلەر ھەقىقەتەن مۇشۇ ۋەدە قىلىنغان شەخسنىڭ ئىشىنىڭ راستلىقى ۋە چىقىشىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شەخس بولسا ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھتۇر. ئۇ ئاخىر زاماندا ئاللاھ تائالادىن بۇ ئۇممەتكە بولغان رەھمەتتۇر. ئۇ چىقىپ ئادىللىق ۋە ھەقنى تۇرغۇزىدۇ، زۇلۇم ۋە جەبىرنى توسىدۇ ۋە شۇنداقلا ئاللاھ تائالا ئۇ ئارقىلىق بۇ ئۇممەتكە ئادىللىق، ھىدايەت، تەۋپىق ۋە كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش قاتارلىق تەرەپلەردىن ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ»[279].

## ■ مەھدىي توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر

مەھدىينىڭ چىقىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدىغان نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەدىسلەر تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە

---

[277] هاكىم: «ئەلمۇستەدرەك» ، (8673). هاكىم ، زەھەبىيلەر: «سەھىھ» دېگەن.

[278] «ئەھمەد» ، (11344). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «زەئىپ» دېگەن.

[279] «الرد على من كذب بالأحاديث الصحيحة الواردة في المهدى» لفضيلة الشيخ عبد المحسن البدر ، 157 - ، 158 - بەتلەر.

بۆلۇنىدۇ:

بىرى، مەھدىي ئوچۇق تىلغا ئېلىنغان ھەدىسلەر؛

يەنە بىرى، پەقەت ئۇنىڭ سۈپىتىلا تىلغا ئېلىنغان ھەدىسلەر.

مەن بۇيەردە بىر قىسىم ھەدىسلەرنى تىلغا ئالىمەن، بۇ ھەدىسلەر مەھدىينىڭ ئاخىر زاماندا چىقىشىنىڭ قىيامەت ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يارايدۇ.

مەھدىي توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ سانى 50 بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەھىھ، بەزىلىرى ھەسەن، يەنە بەزىلىرى ئاجىز ھەدىسلەردۇر.

ساھابەلەر ۋە تابىئىنلاردىن كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ سانى بولسا 28 دۇر.

سەفارىينىي، سىددىق ھەسەنخان، ھافىز ئابرىي قاتارلىقلار مەھدىي توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ مۇتەۋاتىرلىق دەرىجىسىگە يېتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

1. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۇممىتىمنىڭ ئاخىرقى كىشىلىرى ئىچىدىن مەھدىي چىقىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا پايدىلىق يامغۇر ئەۋەتىدۇ، زېمىن ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بېرىدۇ، مال - دۇنيا كىشىلەر ئارىسىدا باراۋەر تەقسىملىنىدۇ. مال - چارۋىلار كۆپىيىدۇ ۋە ئۇممەت زورىيىدۇ. ئۇ (ھۆكۈمرانلىقىدا) يەتتە ياكى سەككىز (يىل) ياشايدۇ»[280].

2. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە مەھدىي بىلەن خۇشخەبەر بېرىمەن، ئۇ كىشىلەر ىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە كۆپ يەر تەۋرەشلەر بولغان ۋاقىتتا ئەۋەتىلىپ، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك بىلەن تولغان يەر يۈزىنى ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن تولدۇرىدۇ، ئاسمان ۋە زېمىن

[280] ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك» ، (8673). ھاكىم، زەھەبىيلەر: «سەھىھ» دېگەن.

ئەھلى ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ، مال - دۇنيانى كىشىلەر ئارىسىدا باراۋەر تەقسىملەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇممىتى مۇھەممەدنىڭ قەلبلىرىنى ئۇنىڭ ئادالىتىگە لىق تولدۇرىدۇ. ھەتتاكى ئۇ جاكارچىنى بۇيرۇيدۇ، جاكارچى: ‹كىمنىڭ مال - دۇنياغا ھاجىتى بار؟› دەپ جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرلا كىشى جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئاندىن مەھدىي ئۇنىڭغا: ‹خەزىنىچىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: "مەھدىي سېنى ماڭا مال بېرىشكە بۇيرۇدى" دېگىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەزىنىچى ئۇنىڭغا: ‹خالىغىنىڭچە ئال› دەيدۇ. ھەتتاكى ئۇ ئالىدىغىنىنى ئېلىپ بولغاندا، پۇشايمان قىلىپ: ‹مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىنىڭ ئىچىدە ئۆز نەپسىگە ئەڭ چوغ تارتىدىغان كىشى بولدۇم، مەن ئۇلاردەك بولالمىدىم› دەپ، ئالغىنىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قايتۇرۇشى قوبۇل قىلىنماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا: ‹بىز بەرگەن نەرسىمىزنى قايتۇرۇۋالمايمىز› دېيىلىدۇ. يەتتە ياكى سەككىز ۋەياكى توققۇز يىل ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. ئاندىن مەھدىيدىن كېيىن ھاياتنا ياخشىلىق قالمايدۇ»[281].

3. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەھدىي بىزدىن، ئەھلى بەيتتىن بولىدۇ، ئاللاھ ئۇنى بىر كېچىدە لايىق قىلىدۇ»[282].

«ئاللاھ ئۇنى بىر كېچىدە لايىق قىلىدۇ» ـ يەنى خەلىفەلىككە تەييارلاپ ماقامىنى كۆتۈرىدۇ دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن.

4. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەھدىي مېنىڭ

[281] ئەھمەد (11344). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «زەئىف» دېگەن.
[282] ئەھمەد (645). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «زەئىف» دېگەن.

نەسلىمدىن، فاتىمەنىڭ ئەۋلادىدىندۇر»[283].

5. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمىرى مەھدىي ئۇنىڭغا: ‹بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسىلە› دەيدۇ. ئۇ: ‹ياق، ئۆزۈڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئەمىرىسىلەر. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بۇ ئۇممەتنى ئىززەتلىگىنىدۇر› دەيدۇ»[284].

بۇ ھەدىس دەججالنىڭ مەھدىينىڭ زامانىسىدا چىقىدىغانلىقى، ئاندىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەججالنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چۈشىدىغانلىقى ۋە مەھدىينىڭ داۋاملىق مۇئمىنلەرنىڭ يولباشچىسى بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا مۇئمىنلەرنىڭ مەھدىينىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

6. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىيسا ئىبنى مەريەم ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان كىشى بىز (نىڭ ئىچىمىز) دىن چىقىدۇ»[285].

بۇنىڭدىن مەھدىي كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىدىغانلىقى، (مەھدىيگە) ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىيسا ئىبنى مەريەمنىڭ بولىدىغانلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ.

[283] ئەبۇ داۋۇد (4284). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[284] ھافىز ئەبۇ نۇئەيم ئەلئەسفەھانىي: «الأربعون فى المهدى» ، (40). ئىمام ئىبنۇلقەييىم («ئەلمەنارۇل مۇنىيف، 147 - ، 148- بەتلەر) : «سەنەدى ياخشى» دېگەن. بەزى سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئالبانىيمۇ بۇنى قوللىغان.

[285] ھافىز ئەبۇ نۇئەيم ئەلئەسفەھانىي: «الأربعون فى المهدى» ، (38). مۇناۋىي («فەيزۇلقەدىر» ، 17/6) سەھىھ سەنەد بىلەن كەلتۈرگەن.

7. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ناۋادا دۇنيادا (قىيامەتكە) بىر كۈنلا قالغان بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇ كۈننى تاكى مەندىن ياكى مېنىڭ ئەھلىمدىن بولغان، ئىسمى ئىسمىمغا، دادىسىنىڭ ئىسمىمۇ دادامنىڭ ئىسمىغا ئوخشايدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتكۈچە ئۇزارتقان بولاتتى»[286].

دېمەك، مەھدىينىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ. بۇ ھەدىستە «مەھدىينىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەلئەسكەرىي» دەپ دەۋا قىلىۋاتقان شىئەلەرگە قارشى رەددىيە بار.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «دۇنيادا (قىيامەتكە) بىر كۈن قالغان بولسىمۇ، ئاللاھ مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن بولغان بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ كىشى زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك بىلەن تولغان يەر يۈزىنى ئادالەت ۋە ئىنساپقا تولدۇرىدۇ»[287] دەپ كەلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئىسمى مېنىڭ ئىسمىمغا ئوخشايدىغان، مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن بولغان بىر ئادەم ئەرەبلەرگە پادىشاھ بولمىغۇچە زامان ئاخىر بولمايدۇ»[288] دەپ كەلگەن.

«ئەرەبلەرگە پادىشاھ بولمىغۇچە» ـ يەنى ئەرەب بولسۇن ياكى ئەجەم بولسۇن، بارلىق مۇسۇلمانلارغا پادىشاھ بولمىغۇچە دېگەنلىك بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىستە بۇ ئادەم ئەرەبلەردە مەيدانغا كېلىپ، مەككە - مەدىنەدە چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەككە - مەدىنىدىكى ئەرەبلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا مۇسۇلمانلار بۇ ئادەمگە ئەگەشكەچكە، ئەرەبلەرنى تىلغا ئالغان بولۇشى ياكى بولمىسا ھەربىر مۇسۇلمان قۇرئان ئوقۇغانلىقى ۋە ئەرەب تىلىنى بىلىدىغانلىقى

[286] ئەبۇ داۋۇد (4282)؛ تىرمىزىي (2394). شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە: («مىنھاجۇسسۇننە» ، 211/4) «سەھىھ» دېگەن.

[287] ئەبۇ داۋۇد (4282)؛ تىرمىزىي (2394). شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە: («مىنھاجۇسسۇننە» ، 211/4) «سەھىھ» دېگەن.

[288] ئەبۇ داۋۇد (4282)؛ تىرمىزىي (2394). شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە («مىنھاجۇسسۇننە» ، 211/4) «سەھىھ» دېگەن.

نۇقتىسىدىن ئەرەب دائىرىسىگە كىرىدۇ.

1. زىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىسمى مېنىڭ ئىسمىمغا ئوخشايدىغان، مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن بولغان بىر ئادەم كەلمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[289].

2. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ناۋادا دەۋردىن پەقەت بىر كۈنلا قالغان بولسىمۇ، چوقۇم ئاللاھ تائالا زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك بىلەن تولغان يەر يۈزىنى ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن تولدۇرىدىغان، مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن بولغان بىر ئادەمنى ئەۋەتەتتى».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ناۋادا بۇ دۇنيادىن پەقەت بىر كۈنلا قالغان بولسىمۇ چوقۇم ئاللاھ تائالا زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك بىلەن تولغان يەر يۈزىنى ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن تولدۇرىدىغان بىر ئادەمنى ئارىمىزدىن ئەۋەتەتتى» دەپ كەلگەن[290].

مانا بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى مەھدىينىڭ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىكەنلىكىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسمى ۋە سۈپەتلىرىگە ئوچۇق دەلىلدۇر.

**يۇقىرىقىلاردىن باشقا مەھدىي مەسىلىسى ھەققىدە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىلىدىغان تۆۋەندىكىدەك بىر تۈركۈم ھەدىسلەر بار.**

3. سەئىد ئەلجەرىرىي رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەبۇ نەزرە مۇنداق دەيدۇ: «بىز جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق.

[289] ئەھمەد (3571). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى ھەسەن» دېگەن.

[290] ئەبۇ داۋۇد (4282)؛ تىرمىزىي (2394). شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە: («مىنھاجۇسسۇننە» ، 211/4) «سەھىھ» دېگەن.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: ‹پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– پات ئارىدا ئىراق ئەھلىگە يا قەفىز[291] يا دىرھەم[292] ئېلىپ كېلىنمەيدۇ، – دېدى. بىز:

– بۇ نەرسىلەر نەدىن كەلتۈرۈلەتتى؟ – دېسەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئەجەملەر[293] تەرىپىدىن (كەلتۈرۈلەتتى)، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى چەكلەيدۇ، – دېدى. ئاندىن:

– پات ئارىدا شام ئەھلىگە دىنار[294] ۋە مۇدىي[295] ئېلىپ كېلىنمەيدۇ، – دېدى. بىز:

– بۇ نەرسىلەر نەدىن كەلتۈرۈلەتتى؟ دېسەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– رۇملۇقلار تەرىپىدىن (كەلتۈرۈلەتتى)، – دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ:

– مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بىر خەلىفە مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇ پۇل - مالنى سانىماي ئوچۇملاپلا ئۇلەشتۈرۈپ بېرىدۇ، – دېدى›». سەئىد ئەلجەرىرىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەبۇ نەزرە بىلەن ئەبۇل ئەلاغا:

– سىلەر ئۇ خەلىفەنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز دەپ قارامسىلەر، – دېسەم، ئۇلار:

---

[291] قەفىز: سا، كىلو، توننا دېگەنلەرگە ئوخشاش ئىراق ئەھلىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى.

[292] دىرھەم: كىشىلەر بۇرۇنقى زاماندا ئىشلەتكەن كۈمۈش پۇل.

[293] ئەجەم دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا سۆزلىسۇن ياكى سۆزلىمىسۇن، ئەرەبلەردىن باشقا كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، كېيىنچە پارسلارغا خاس ئىسىم بولۇپ قالغان.

[294] دىنار: كىشىلەر بۇرۇنقى زاماندا ئىشلەتكەن تىللا.

[295] مۇدىي: «سا، كىلو، توننا» دېگەنلەرگە ئوخشاش شام ئەھلىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى.

– ياق، – دەپ جاۋاب بەردى»[296].

مانا بۇ ھەدىسلەر شۇ دەۋردە فەتىھلەر ۋە غەنىيمەتلەر كۆپ بولغانلىقتىن بارلىق كىشىلەرگە ياخشىلىقنى كۆپ قىلىدىغانلىقى ۋە سېخىيلىقى بىلەن مەشھۇر بولىدىغان مەھدىينى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

4. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلاۋېتىپ چۆچۈپ كەتتى. ئويغانغاندىن كېيىن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇيقۇلىرىدا چۆچۈپ كەتتىلە، ئىلگىرى بۇنداق بولۇپ باقمىغانتىلە، – دېسەم، رەسۇلۇللاھ:

– ھەقىقەتەن غەلىتە (چۈش كۆرۈپتىمەن). ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشى بەيتۇللاھقا كىرىپ پاناھلىنىۋالغان قۇرەيشلىك بىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن بەيتۇللاھنى چېقىۋېتىشنى كۆزلەپ يولغا چىقىپ، بىر دالاغا كەلگەندە ھەممىسىنى يەر يۇتۇپ كېتىپتۇ، – دېدى. بىز:

– ئى رەسۇلۇللاھ! يولدا باشقا ئىنسانلارمۇ بار ئەمەسمۇ؟ – دەپ سورىغاندۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– شۇنداق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىلىپ تۇرۇپ قەستەن چىققانلار، مەجبۇرىي چىققانلار ۋە (ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان) يولۇچىلارمۇ بار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەممىسىنى بىرلا كۈندە بىر - بىرىدىن پەرقلىق تىرىلدۈرىدۇ، – دېدى»[297].

بۇ قوشۇننىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتۇپ بىراقلا ھالاك بولىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنى خىلمۇخىل ھالەتلەردە بولىدۇ. ئۇلار ئەمەل ۋە نىيەتلىرىگە قارىتا بىرسى جەننەتكە، يەنە بىرسى دوزاخقا كىرىدۇ.

---

[296] مۇسلىم (2913).

[297] مۇسلىم (2884).

5. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەجەر ئەسۋەد بىلەن ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئارىلىقىدا بىر كىشىگە بەيئەت قىلىنىدۇ. بەيتۇللاھنى پەقەت ئۇنى بۇزىدىغانلارلا بۇزىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئەرەبلەرنىڭ ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلىكىدىن گەپ ئاچساڭمۇ بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەبەشلەر كېلىپ، بەيتۇللاھنى قايتا ياسىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدىكى بايلىقنى چىقىرىۋالىدىغانلارمۇ ئەنە شۇلاردۇر»[298].

6. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاراڭلارغا چۈشكەندە ئىمامىڭلار يەنىلا سىلەردىن بولسا، قانچە (خۇش) بولۇپ كېتەرسىلەر؟!»[299].

بۇ يەردە ئىمام دېگەندىن مەھدىي مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، 5 - نومۇرلۇق ھەدىس بۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

7. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر قىيامەت كۈنىگىچە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، غەلىبە قىلغان ھالدا دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى تائىپە ئارىسىغا مەريەم ئوغلى ئىيسا چۈشىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئەمىرى: ‹بۇياققا كەلسىلە، بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسىلە› دەيدۇ. ئۇ: ‹ياق، بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ ئەمىرىسىلەر. مانا بۇ ئالالاھنىڭ بۇ ئۈممەتنى ئىززەتلىگىنىدۇر› دەيدۇ»[300].

بۇ ھەدىستىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ نامازدىكى ئىمامىنىڭ مەھدىي

---

[298] ئەھمەد (8099). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[299] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3449)؛ مۇسلىم (155).

[300] مۇسلىم (156).

ئىكەنلىكى مەقسەت قىلىنغان.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەھدىينىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغانلىقى مەھدىينىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى كېسەللىكىدە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغان[301]. يەنە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغان[302]. دېمەك، ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغان ھالەتتە چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن بىر كىشىنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇيدۇ. ئاندىن كېيىن مەھدىي ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلىدۇ ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنلىرى قاتارىدا بولىدۇ.

8. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن دادام بىلەن بىللە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹سىلەرگە 12 خەلىفە بولۇپ ئۆتكەنگە قەدەر بۇ دىن (ئىسلام دىنى) پۈت تىرەپ تۇرىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇ زاتنىڭ يەنە بىرنەرسە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم - يۇ، لېكىن نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدىم. دادامدىن ئۇ زاتنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سورىسام، ئۇ: ‹پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرەيشتىن بولىدۇ" دېدى› دەپ جاۋاب بەردى»[303].

ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە ئادىل 12 ئىمامنىڭ بارلىقىغا دەلىل بار. ھالبۇكى ئۇلار شىئەلەر دەۋا قىلىۋاتقان 12 ئىمام

[301] تىرمىزىي (364). تىرمىزىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[302] سەھىھۇ ئىبنى خۇزەيمە (1645).

[303] مۇسلىم (4279).

ئەمەس. ئەمما، بىز دەۋاتقان ئون ئىككى ئىمام قۇرەيشلەردىن بولىدۇ. ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ئادالەتنى يۈرگۈزىدۇ»[304].

**9.** ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر قوشۇن كەئبەگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چىقىپ، بىر دالاغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى يەر يۇتىدۇ، ئۇلارنىڭ باش تەرىپى ئاخىرىنى چاقىرىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتىدۇ، لېكىن ئۇلاردىن پەقەت ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى خەبەر بېرىدىغان بىر ئادەملا ھايات قالىدۇ»[305].

**10.** مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر خەلىفە ئۆلگەندە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا (خەلىفەلىك ھەققىدە) ئىختىلاپ چىقىدۇ، بىر ئادەم بۇ ئىختىلاپتىن قېچىپ مەدىنەدىن مەككەگە كېلىدۇ. مەككەلىك كىشىلەر ئۇنى مەجبۇرىي كەئبەگە ئېلىپ چىقىپ، ھەجەر ئەسۋەد بىلەن ماقامى ئىبراھىم ئارىسىدا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا قارشى شامدىن لەشكەر ئەۋەتىلىدۇ. (بۇ لەشكەر) مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى بىر دالاغا كەلگەندە، يەر يۇتۇپ كېتىدۇ. ئىنسانلار بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، شام ۋە ئىراق ئەھلىدىن ياخشى كىشىلەر كېلىپ، ماقامى ئىبراھىم بىلەن ھەجەر ئەسۋەد ئارىسىدا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ. كېيىن تاغىلىرى كەلب جەمەتىدىن بولغان قۇرەيشلىك بىر ئادەم چىقىپ، ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىنمۇ غەلىبە قىلىدۇ. كەلب جەمەتىدىن ئېلىنغان بۇ غەنىيمەتتىن نېسىۋىسىنى ئالالمىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇ ئالغان غەنىيمەتلەرنى

---

[304] «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر»، 78/6.

[305] مۇسلىم (2883).

كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زېمىندا ئىسلام ئەھكاملىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇ كىشى يەتتە يىل ياكى (يەنە بىر رىۋايەتتە) توققۇز يىل ياشىغاندىن كېيىن ۋاپات بولىدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدۇ»[306].

مەھدىي ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر شەكسىز سەھىھ بولۇپ، بۇ ھەدىسلەرنى 30 ساھابە رىۋايەت قىلغان. ئىماملار، ھەدىس ۋە مۇسنەد كىتابلىرىنى تۈزگۈچىلەر تەكشۈرۈپ بېكىتكەن، ئۆلىمالار ھۆججەت دەپ قارىغان. ھەتتاكى مەھدىينىڭ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىدە بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلە بولۇپ قالغان. ئىمام سەفارىينىي، شەۋكانىي، مۇھەممەد سىددىقخانغا ئوخشاش بىر تۈركۈم ئۆلىمالار مەھدىي ھەدىسلىرىنى مۇتەۋاتىر دېگەن[307].

- ئۆزىنى مەھدىي دەپ دەۋا قىلىۋاتقان كىشىلەر ھەققىدە قىسقىچە بايان

تارىخىي دەۋرلەرنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىشالمىغان ئەھۋال-لىرىنى ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ سالغان زۇلۇملىرىنى ئويلانغىنىمىزدا، ئۆزلىرىنى مەھدىي دەپ دەۋا قىلسا، كىشىلەر «راست مەھدىيكەن» دەپ ئويلاپ قالىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

1. رافىزىيلەر ئۆزلىرىنىڭ مەھدىينى كۈتۈۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئون ئىككى ئىمامنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئىسمىنىڭ مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەلئەسكەرىي ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئەۋلادىدىن ئەمەس، بەلكى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئەۋلادىدىن

[306] ئەبۇ داۋۇد (4286). ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

[307] ئەسسەفارىينىي: «لوامع الأنوار البهية»، 2/80؛ مۇھەممەد سىددىق خان: «الإذاعة لما كان وما يكون بين يدى الساعة»، 2/114، 145- بەت.

بولىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

بۇلارنىڭ قارىشىچە، مەھدىي بەش ياشقا كىرگەن يىلى يەنى ھىجرىيە 270 - يىلى بۇنىڭدىن (تەخمىنەن) مىڭ يىل ئىلگىرى سەمەررا ئۆڭكۈرىگە كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئاشۇ ۋاقىتتىن بۇيان بۇ لەخمىدە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ، زامان ئاخىرىدا چىقىدۇ.

بۇلار يەنە: «مەھدىي ھەرقايسى شەھەرلەردە بار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن كۆزلەردىن غايىب بولغاچقا كۆزلەرگە كۆرۈنمەيدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى قانۇنىيىتىگە زىت كېلىدىغان ئەخمەقلىق بولۇپ، ئەقلىي ۋە نەقلىي جەھەتتىن ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتى يوق. ئاللاھ ئۆز دەرگاھىدا مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولغان پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلىرىنى ۋاپات تاپقۇزغان تۇرسا، قانداقسىگە رافىزىيلەر دەۋا قىلىۋاتقان مەھدىينى مىڭ يىلدىن بۇيان ھايات قالدۇرۇپ پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلىرىنى ۋاپات تاپقۇزسۇن؟! ئۇنىڭدىن باشقا مەھدىينىڭ بۇنداق ئۇزۇن مەزگىل ھايات ھالەتتە يوشۇرۇنۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۈممەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى بۇنىڭغا قاتتىق ئېھتىياجلىق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن مەھدىي چىقىپ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسمايدۇ؟

ئىمام ئىبنى كەسىر ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان مەھدىي مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ھەققىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەھلى سۈننىيلەر دەۋاتقان مەھدىي مەشرىق شەھەرلىرىدىن چىقىدۇ. رافىزىيلارنىڭ نادانلىرى دەۋاتقاندەك سەمەررا ئۆڭكۈرىدىن چىقمايدۇ. رافىزىيلار ئۇنى ھازىرمۇ ئاشۇ جايدا، زامان ئاخىرىدا چىقىدۇ، دەپ كۈتۈشىدۇ. بۇ ئالجوقا چالۋاقاشتۇر. شەيتاننىڭ ئەخمەق ئېتىشىدۇر. چۈنكى، بۇنىڭ نە قۇرئاندىن، نە سۈننەتتىن، نە ساغلام ئەقىلدىن ھېچبىر دەلىل - پاكىتى يوقتۇر»[308].

[308] «النهاية فى الفتن والملاحم» ، 17 - بەت.

2. ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ: «ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا كۈتۈلۈۋاتقان مەھدىي بولۇپ، پات يېقىندا دۇنياغا قايتىپ كېلىدۇ» دەپ دەۋا قىلغان.

3. مۇختار ئىبنى ئۇبەيد ئەسسەقەفىي: «ھىجرىيە 81 - يىلى ۋاپات تېپىپ كەتكەن مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنى كۈتۈلۈۋاتقان مەھدىي» دەپ دەۋا قىلغان. مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە ئەسلىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب بولۇپ، ئىبنى ھەنەفىيە بەنى ھەنەفىيە قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ئانىسى خەۋلە بىنتى جەئفەرگە مەنسۇپ قىلىنىپ مۇشۇنداق ئاتالغان.

4. كەيسانىييە پىرقىسى: بۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى كەيسانىينىڭ ئەگەشكۈچىلىرى شەكىللەندۈرگەن شىئە پىرقىسىدۇر. ئۇلار ئۆز ئىمامى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنى بارلىق ئىلىملەرنى بىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە «دىن دېگەن بىر كىشىگە ئىتائەت قىلىش دېمەكتۇر» دېگەن ئىدىيە ئەتراپىغا ئۇيۇشقان. بۇ خىل ئىدىيە ئۇلارنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مۇئەييەن شەخسلەرگە تەتبىقلىۋېلىشقا ئېلىپ بارغان. بۇ پىرقە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب ئەلھاشىمىي ئەلقۇرەشىينى مەھدىي دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

5. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب (ئۆ. ھ. 145): تەخەللۇسى «ئەننەفسۇززەكىييە / پاك روھ ساھىبى». بۇ زات ئىنتايىن تەقۋادار بولۇپ كۈندۈزلىرىنى روزا بىلەن، كېچىلىرىنى قىيام بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئۆز زامانىسىدا بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى مەھدىي دەپ دەۋا قىلىپ فىتنەگە دۇچار بولغان ئىدى. بۇ زاتنىڭ مۇئەييەن دائىرىدە سىياسىي ھەرىكەتلىرى ۋە بىر بۆلەك ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى ئىسلاھ قىلماقچى

بولۇپ، ئابباسىيلار خەلىفەسى مەنسۇرغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغاندا، ئابباسىيلار ئۇنىڭغا قارشى ئون مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن جازا يۈرۈش قىلىپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى باستۇرغان ئىدى.

**6. ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مەيمۇن ئەلقەدداھ (ئۆ. ھ. 325): ئۇبەيدۇللاھنىڭ** بوۋىسى يەھۇدىي بولۇپ، ئۇ ھ. 317 - يىلى مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلىپ ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئوغرىلاپ كەتكەن قەرامىتەلەرنىڭ ئاتامانىدۇر.

قەرامىتەلەر كۇفرىلىقتا يەھۇدىي - ناسارالاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان تائىپىدۇر، ئۇلار مىسىر، ھىجاز ۋە شام زېمىنلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۆزلىرىنى ئەھلى بەيتكە مەنسۇپ قىلىدىغان بىر نەسەب نامىنى ئويدۇرۇپ چىقارغان بولۇپ، ئۆزلىرىنى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ نەسلىدىن دەپ قارايتتى. بۇ سەۋەبلىك ئۇلار يەنە «فاتىمىيلار» دەپمۇ ئاتالغان.

قەرامىتەلەر شافىئىي مەزھىبىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مازار - خانىقاھلارنى كۆپلەپ سالغان، مۇسۇلمانلار بۇ سەۋەبلىك زور بالا - قازالارغا مۇپتىلا بولغان. بۇ تائىپە كۆرۈنۈشتە ئىسلامنى دەۋا قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە بارلىق دىنلاردىن چىقىپ كەتكەن دەھرىيلەردۇر، بۇلارنىڭ مەزھىبى ئاتەشپەرەس مەجۇسىيلار ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچى سابىئىيلار تەلىماتىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغاندۇر. مەشھۇر تارىخچى ئىبنى كەسىر رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «فاتىمىيلار 280 يىلدىن ئارتۇقراق ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كاتتىبېشى ئۇبەيدۇللاھ ئەلقەدداھ ئۆزىنى مەھدىي دەپ دەۋا قىلىپ، مەھدىيە شەھرىنى بەرپا قىلغان»[309].

**7. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلبەربەرىي: ئۇ ئىبنى تومەرت** نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بولۇپ، ھ. 541 - يىلى مەھدىيلىك

---

[309] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە» ، 331/12.

دەۋاسى قىلىپ چىققان. ئۇ ئۆزىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جەمەتىدىن دەپ دەۋا قىلغان بولۇپ، ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا تۇتىشىدىغان يالغان نەسەبنامە ئويدۇرۇپ چىققان.

ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئالداپ ئۆزىنىڭ «كارامەت»لىرىنى كۆرسىتىدىغان تۈرلۈك ھىيلە - نەيرەڭلىرى بار ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرقانچە كىشىنى بىر قەبرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، بىر توپ كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ «كارامىتى»نى كۆرسىتىش ئۈچۈن قەبرىستانلىققا باشلاپ كېلىپ: «ئى ئۆلۈكلەر! ئېيتىڭلارچۇ، مەن ھەقىقىي مەھدىي ئەمەسمۇ؟» دەپ ۋارقىرىغان، قەبرە ئىچىدىكىلەر ئۇنىڭغا جاۋابەن: «شۇنداق، سەن مەسۇم مەھدىيدۇرسەن، سەن ھەقىقىي مەھدىيدۇرسەن» دېگەن. ئۇ بۇ ھىيلىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۆزىگە جاۋاب بەرگەن مۇرتلىرىنىڭ ئۈستىگە قەبرىلەرنى كۆمتۈرۈپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

8. سۇدانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسسۇدانىي: ئۇ سوپى بولۇپ، زاھىدلىقى بىلەن تونۇلغان. 38 ياش ۋاقتىدا مەھدىيلىك دەۋاسىنى قىلىشقا باشلىغان ھەمدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە ھوقۇقدارلار ئەگەشكەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ مەھدىي ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرگەنلەرنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا كافىر بولىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش سەپسەتىلەرنى تارقاتقان. گەرچە ئۇنىڭ ناسارالارغا قارشى تۇرۇشتا تۆھپىسى زور بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ ساختا مەھدىيلىك دەۋاسى قىلغانلارنىڭ بىرى خالاس.

9. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلقەھتانىي: سەئۇدىي ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ رىياد شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ 1980 - يىللىرى (ھ. 1400 - يىلى) ئۆزىنى كۈتۈلۈۋاتقان مەھدىي دەپ دەۋا قىلغان، ئۇنىڭغا بىر بۆلۈك كىشىلەر بەيئەت قىلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەرەم مەسجىدى ئارقىلىق قوغدىغان. بۇ ئىش

«ھەرەم فىتنەسى» نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، بۇ فىتنە ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئاياغلاشقان.

■ مەھدىيلىك دەۋاسى قىلغۇچىلارغا قارىتا قانداق پوزىتسىيەدە بولۇش پرىنسىپلىرى

بىز چوقۇم مەھدىي توغرىسىدا كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى تەستىقلاش بىلەن «پالانى مەھدىي» دېگەن ھۆكمىمىزنىڭ ئارىسىنى ياخشى ئايرىۋېلىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسلەرنى بىكاردىنلا دەپ قويمىغان، بەلكى بىزنىڭ ھەقىقىي مەھدىينى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئالامەت ۋە بەلگىلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن. تۆۋەندىكىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىسلىرىدە بايان قىلغان مەھدىينىڭ بىر قىسىم ئالامەتلىرىدۇر:

1. مەھدىي ئۆزىگە بەيئەت قىلىشقا چاقىرمايدۇ، بەلكى كىشىلەر ئۇ خاھلىمىسىمۇ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشىدۇ؛
2. مەھدىينىڭ ئىسمى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسىم - شەرىپى بىلەن ئوخشاش، يەنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بولىدۇ؛
3. نەسەبى ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا تۇتىشىدۇ؛
4. تەقى - تۇرقى ھەدىسلەردە كەلگەندەك «پېشانىسى كەڭ، قاڭشارلىق» دېگەندەك سۈپەتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ؛
5. مەھدىي چىقىشىنىڭ شەرت - شارائىتلىرى:

مەلۇم بىر خەلىفەنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىختىلاپنىڭ يۈز بېرىشى؛

زېمىننىڭ جەبىر - زۇلۇمغا تولۇشى؛

بىر خەلىفەنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئۆزئارا جەڭ قىلىشى؛

مەھدىينىڭ سالىھ، تەقۋادار، ئىلىملىك ۋە دانىشمەن كىشى بولۇشى؛

مەھدىينىڭ مەككەدە مەيدانغا كېلىشى، شۇنداقلا رۇكنى بىلەن

ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ بەيئەت قىلىنىشى.

بىر بۆلۈك كىشىلەرنى، ئۆزى ياكى مەلۇم شەخسلەرنى مەھدىي دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدىغان سەۋەب زادى نېمە؟ مەھدىيلىكنى دەۋا قىلغانلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك يەكۈنگە ئېرىشىمىز:

بۇ دەۋانى قىلغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى نام - شۆھرەتكە ۋە ھوقۇق - مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن مەھدىيلىكنى دەۋا قىلغان. ئۇلار خۇددى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مەيمۇن ئەلقەدداھ ۋە ئىبنى تومەرتلەرگە ئوخشاش ئۆزلىرىدە مەھدىيلىك سۈپىتى تېپىلمىسىمۇ، ئۆزلىرىنى مەھدىي دەپ ئاتىۋالغان.

يەنە بىر قىسىملىرى بولسا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ «ئەننەفسۇز زەكىييە»گە ئوخشاش مەلۇم سۈپەتلىرى مەھدىينىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، ئەگەشكۈچىلىرى تەرىپىدىن «مەھدىي» دەپ دەۋا قىلىنغان ۋە ئەگەشكۈچىلىرى كۆپەيگەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ مەھدىي ئەمەسلىكى ئىسپاتلانغان.

يەنە بەزىلەر بولسا خۇددى ئابدۇللاھ ئەلقەھتانىيغا ئوخشاش چۈش بېشارەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ مەھدىي سانىلىپ قالغان.

### چۈش - بېشارەتلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە

چۈش پۈتۈن بىر ئۈممەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭدىن خېلى كىچىك ئىشلاردىمۇ ھۆكۈم ئاساسى بولالمايدۇ.

بىر كۈنى قازى شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ ھەزرەتلىرى خەلىفە مەھدىينىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ ۋە مەھدىينىڭ ئۆزىگە دەرغەزەپتە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ. قازى شەرىك خەلىفەگە:

– ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! نېمە ئىش سىلىنى بۇنچىۋالا خاپا قىلدى؟ – دەپ سوراپتۇ. خەلىفە ئۇنىڭغا:

– تۇنۇگۇن كېچە سەن چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن، چۈشۈمدە سەن مېنىڭ تۆشىكىمگە دەسسەۋاتقۇدەكسەن. مەن بۇ چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى سورىۋىدىم، تەبىرچى ماڭا سېنىڭ مېنى يامان كۆرىدىغانلىقىڭنى ۋە ماڭا قەست قىلىۋاتقانلىقىڭنى ئېيتىپ بەردى، – دەپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان شەرىك:

– ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سىلىنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى ھەرگىزمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشى ئەمەس، شۇنداقلا سىلىگە تەبىر بەرگەن كىشىمۇ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەمەستۇر، – دەپتۇ.

بۇ جاۋاب قازى شەرىكنىڭ خەلىفەدىن ئىبارەت بىر شەخسكە مۇناسىۋەتلىك چۈشكە بەرگەن رەددىيىسى بولۇپ، پۈتۈن بىر ئۈممەتنىڭ كېلەچىكىگە ئالاقىدار بولغان زور ئىشلاردا سىزنىڭچە چۈشنىڭ ئەھمىيتى قانچىلىك بولار؟!

### ئوغلىنى بوغۇزلاپ چۈش كۆرگەندىن كېيىن ئوغلىنى بوغۇزلىغان دادا

مەن بىر كۈنى مۇنداق بىر خەبەرنى ئوقۇدۇم: «ئافرىقىدا مەلۇم بىر دادا كېچىدە ئوغلىنى بوغۇزلاپ چۈش كۆرۈپ ئەتىسى ئوغلىنى ياتقۇزۇپ بوغۇزلىغان. بۇ دادا خۇددى ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا جەننەتتىن چىققان قوچقارنى ئاتا قىلغىنىدەك، ئۆز ئوغلىغىمۇ كاتتا بىر قۇربانلىقنىڭ ئاتا قىلىنىشىنى كۈتكەن ئىكەن. بۇ ئادەمدىن بۇ ئىش توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: ‹مەن بۇ ئىشنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ قىلدىم، چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلنى بوغۇزلاپ چۈش كۆرگىنىدە مۇنداق دېگەنىدى: ﴿ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمىر) قىلىنىپ چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟ دېدى. ئۇ ئېيتتى: ”ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن“. ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى يېنىچە ياتقۇزدى. بىز ئۇنىڭغا: ”ئى ئىبراھىم، (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ، (يەنى چۈشۈڭدە

بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)“ دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى، (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق﴾ 37/«سافات»: 101 – 107›».

مانا بۇ ئۇچىغا چىققان نادانلىقتۇر. بىر نادانىنىڭ چۈشىنى قانداقمۇ ئاللاھ ۋەھيى قىلىدىغان پەيغەمبەرنىڭ چۈشىگە ئوخشاتقىلى بولسۇن؟!

ئەگەر ياخشى چۈش كۆرسىڭىز، ئاللاھقا ھەمد ئېيتىپ چۈشىڭىزدىن خۇش بېشارەت ئېلىڭ، يامان چۈش كۆرۈپ قالغىنىڭىزدا، ئاللاھقا سىغىنىپ چۈشىڭىزنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەڭ، بۇنداق قىلغاندا، يامان چۈش سىزگە ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ.

قائىدە:

كىمكى مەھدىيلىكنى دەۋا قىلسا، ئەمما ئۇنىڭدا مەھدىينىڭ سۈپەتلىرى تېپىلمىسا، شۇنداقلا شۇ زاماندا دەججال چىقمىسا، ئۇنداقتا ئۇ قېپقىزىل يالغانچىدۇر. كىمكى دەججال چىقماستىن ئۆزىنى مەريەم ئوغلى ئىيسا دەپ دەۋا قىلىدىكەن، ئۇمۇ ھەم قېپقىزىل يالغانچىدۇر.

## مەھدىينى ئۇلۇغلاشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن ئاساستا ئادىللىق نەزەرى بىلەن قاراش لازىم

مەھدىي ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ جاھاننى ئادىللىققا تولدۇرىدىغان ئىماملىرىدىن بىر ئىمام بولۇپ، ئۇ مەسۇم (يەنى بارلىق گۇناھلاردىن پاك) ئەمەستۇر[310].

■ بەزى ئۆلىمالار مەھدىينى ئىنكار قىلغان بولۇپ، بۇ ئۆلىمالاردىن:

● ئىبنى خەلدۇن

ئىبنى خەلدۇن رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مەھدىي مەسىلىسىدە

---

[310] شەيخ ئەبباد: «عقيدة أهل السنة والأثر في المهدي المنتظر». مجلة الجامعة الإسلامية، 1969 - يىللىق 3 - سان، 159 - بەت.

ئىككىلىنىپ قالغان بولۇپ، مەھدىي توغرىسىدىكى ھەدىسلەرگە باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مەھدىي توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىلىرىدىن باشقىلىرى تەنقىدتىن خالىي بولالمىغان»[311].

● مۇھەممەد رەشىد رىزا

مۇھەممەد رەشىد رىزا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مەھدىي توغرىسىدىكى ھەدىسلەرگە باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەھدىي توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەردىكى ئۆزئارا زىتلىق ئىنتايىن ئوچۇق ۋە كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ھەقتە كەلگەن رىۋايەتلەرنى جەملەش بەك قىيىندۇر. ئەكسىچە، بۇ توغرىسىدىكى شەك - شۈبھىلەر بولسا ناھايىتى روشەندۇر. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنى ‹سەھىھ›لىرىدە ھېسابقا ئالمىغان. كۆپلىگەن ئۆلىمالار بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنى زەئىف دەپ قارىغان»[312].

● ئەھمەد ئەمىن

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەھدىي توغرىسىدىكى ھەدىسلەر يالغان - ياۋىداق سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەدىسلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا يامان نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلگەن»[313].

● ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئال مەھمۇد

بۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: «يىغىپ ئېيتقاندا، ‹مەھدىيلىك› دەۋاسى بۇزۇق ئېتىقاد ۋە قىپقىزىل يالغانچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدىغان خۇراپىي سۆز - چۆچەكلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە باشقىلارنى قورقۇتۇش مەقسىتىدە نۇرغۇنلىغان يالغان - ياۋىداق ھەدىسلەر ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان»[314].

● مۇھەممەد فەرىد ۋەجدىي

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەھدىي توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرگە ئەقىل

---

[311] «مقدمة تاريخ ابن خلدون»، 574/1.

[312] «تەفسىرۇ مانار»، 416/9.

[313] «ضحى الاسلام»، 243/3.

[314] «لا مهدى ينتظر بعد الرسول خير البشر»، 58 - بەت.

كۆزىدە قارىغۇچىلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بۇ خىل ھەدىسلەرنى دېيىشتىن پاك، دەپ بىلىشتە كۆڭلىدە ھېچقانداق بىئاراملىق ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ تۈردىكى ھەدىسلەردە تارىخىي رېئاللىقتىن ئىبارەت دەرىجىدە چەتنەش، ئىنسانلارنىڭ ھايات قانۇنىيىتىنى چۈشەنمەسلىك، ئاللاھنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان قائىدە - قانۇنىيەتلىرىدىن زور دەرىجىدە يىراقلاپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇد، شۇ سەۋەبتىن ئۇقۇرمەنلەر بىر قاراپلا بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئەرەب ۋە مەغرىب ئەللىرىدىكى خەلىفەلىك تەمەسىنى قىلىدىغان بىر قىسىم دەۋەتچىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تەرىپىدىن قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان يالغان ھەدىسلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ»[315].

---

[315] «دائرة معارف القرن العشرين» ، 481/10. (يېقىنقى زاماندىكى مەھدىينى ئىنكار قىلغان ئالىملاردىن يەنە ئىمام ھەسەن ئەلبەننا، مۇسا جارۇللاھ، شەيخ ئابدۇلكەرىم ئەلخەتىب، شەيخ مۇھەممەد غەززالىي، شەيخ يۇسۇف ئەلقەرەداۋىي ۋە ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ قاتارلىقلار بار. ئەسلىدە بۇ بىر ئىختىلاپىي مەسىلە بولۇپ، ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى «مەھدى» ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمىنى «سەھىھ» ياكى «ھەسەن» دەپ قاراپ، «زامانى ئاخىردا ئەھلى بەيتتىن بىر قوماندان ئوتتۇرىغا چىقىپ دىنىنى ھۆكۈمران قىلىپ، ئادالەتنى بەرپا قىلىدۇ، ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار ئەگىشىدۇ. ئۇ ‹مەھدى› دەپ ئاتىلىدۇ. ئارقىدىن دەججال چىقىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ. ‹مەھدى› دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئېتىقاد قىلىش ۋاجىب» دەپ قارىغان بولسا، ئاز بىر قىسىم ئالىملار بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرنى زەئىپ دەپ قاراپ «ئىسلامدا بۇنداق بىر ئەقىدە يوق، زامانى ئاخىردا مەھدىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئەقىدە ياكى ئەمەل دائىرىسىگە كىرمەيدۇ» دېگەن. يەنە بىر قىسىم ئالىملار «مەھدى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەل ئۆزىدۇر» دەپ قارىغان. شىئەلەردىكى «كۈتۈلۈۋاتقان مەھدى» ئەقىدىسى بەكلا پەرقلىق بولۇپ، ئۇ ئەھلى سۈننەت قارىشىدا ئېنىق ئازغۇنلۇقتۇر. قاراڭ: ئىبنۇلقەييىم: «ئەلمەنارۇل مۇنىف» ، 148 - بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە» ، 278/6؛ ئىبنى خەلدۇن: «مۇقەددىمە» ، 171/1؛ تاھىر ئىبنى ئاشۇر: «تەھقىقات ۋە ئەنزار» ، 49 62 - بەتلەر. قانداقلا بولمىسۇن، مەھدى مەسىلىسى پەلسەپەۋى ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن تارىختىن بۇيان سەلبىي تەسىر قالدۇرغان ۋە ھەربىر پىرقە سىياسىي غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر خالاس قىلغۇچىنى كۈتۈپ يېتىپ، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلمىغان ياكى مەھدى دەۋاسىنى قىلىپ قارشىلاشقۇچىلار بىلەن ئۇرۇشقان. ت.)

مەھدىي ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ دەلىللىرى:

**1. «قۇرئان كەرىم»دە مەھدىي تىلغا ئېلىنمىغان، ئەگەر مەھدىي راستتىنلا چىقىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ئىشنى تىلغا ئالغان بولاتتى**

بۇلارغا بېرىلىدىغان رەددىيە شۇكى، «قۇرئان كەرىم» قىيامەتنىڭ بارلىق ئالامەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلمىغان، مەسىلەن دەججالنىڭ چىقىشى، زامان ئاخىرىدا يۈز بېرىدىغان كۆپ تۈرلۈك ھادىسەسى قاتارلىقلار. بۇ ئالامەتلەر ھەدىسلەردە بايان قىلىنىپ ئىسپاتلانغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇلار دىندىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇ) ئۆز نەفسى - خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ﴾«نەجم»: 3/53. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا قۇرئان ۋە قۇرئاننىڭ ئوخشىشى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىلدى»[316].

2. مەھدىي توغرىسىدىكى ھەدىسلەر «سەھىھەين»دە كەلمىگەن

بۇ قاراشقا رەددىيە شۇكى، «سەھىھەين» پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارلىق ھەدىسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، شۇنداقلا بۇخارىي ۋە مۇسلىمدىن باشقا، مۇھەققىق ئىماملاردىن سانىلىدىغان مۇھەددىسلەرمۇ بار، بىزنىڭ سەھىھ ھەدىسلەرنى زەئىفلىرىدىن ئايرىۋالالايدىغان ئۇسۇللىرىمىزمۇ بار، ئەگەر ھەدىس سەھىھلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ «سەھىھۇلبۇخارىي» ياكى «سەھىھۇ مۇسلىم»دە كېلىش - كەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ھەدىسنى قوبۇل قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىمام بۇخارىي بىلەن ئىمام مۇسلىم مەھدىي ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى ئىسمىنى ئاتىماستىن، سۈپىتىنى بايان قىلىپ رىۋايەت قىلغان.

3. مەھدىيلىك دەۋاسى قىلغۇچىلارغا يول ئېچىپ بېرىشنى خاھلىمايمىز

[316] ئەبۇ داۋۇد (4604)؛ ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

بۇ قاراشقا رەددىيە شۇكى، بىز ئىشلارنى شەرىئەت ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچىسەكلا بۇلارغا يول ئېچىلمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي مەھدىينىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇئەييەن سۈپەتلىرى، شۇنداقلا چىقىدىغان ۋاقتىنىڭ مۇئەييەن شەرت - شارائىتلىرى بار بولۇپ، بۇ شەرتلەرگە پەقەت ۋە پەقەت بىرلا كىشى لايىق كېلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ھەقىقىي مەھدىيدۇر.

ئاخىرىدا دەيمىزكى،

- مەھدىيگە ئىمان كەلتۈرۈش دەۋەت قىلىش ۋە ئەمەل قىلىشتىن توختاپ تۇرسا بولىدۇ دېگەنلىكنى بىلدۈرەمدۇ؟

ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ تىركىشىشى، بۇزۇقچىلىقنىڭ ئاشكارا بولۇپ كەڭ تارقىلىشى، شۇنداقلا نۇرغۇن ئەللەردىكى دەۋەتنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسى قاپلىۋالدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار مەھدىينىڭ چىقىپ ئۆزلىرىنى غەلىبىگە يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمانلار ئەمەل ۋە دەۋەتتىن توختاپ، ئەمرىمەرۇپ، نەھيىمۇنكەر قىلىش، ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى تارقىتىش قاتارلىق ئەمەللەردىن بوشاڭلىق قىلىدىغان، ھەتتاكى سودا - سېتىق، خىزمەت ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ سەل قارايدىغان، بەزىلەر ئۆز - ئۆزىگە: «ئەھۋال بۇنىڭدىنمۇ جىددىي، بۇ مەھدىي چىقىدىغان زاماندۇر» دەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئاللاھنىڭ مەھدىي ئارقىلىق دىنغا ياردەم بېرىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ رۇملۇقلار ۋە ناسارالار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى قاتارلىق ئىشلارغا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قىيامەت ئالامەتلىرىدىن خۇش بېشارەت بېرىدىغان ھەدىسلەرگە قانداقراق پوزىتسىيەدە بولۇش توغرىسىدا شەرىئەتتە يوليورۇقلار بار.

بىز بۇ تۈردىكى خۇش بېشارەتلەرگە قارىتا ئۇنىڭ مۆئمىنلەرگە خۇشاللىق ۋە سەبىر بېغىشلىغۇچى، دىنىمىزنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن

قوغدىلىدىغان ۋە ياردەم بېرىلىدىغانلىقىغا بېشارەت ئىكەنلىكىنى، لېكىن بىزنىڭ شۇنىڭغا ماس ھالدا شەرىئەت بۇيرۇغان دىنغا ياردەم بېرىش، مۇسۇلمان دىيارلىرىنى قوغداش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئىسلام تۇغىنى لەپىلدىتىش قاتارلىق ئەمەللەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

بىز نۇسرەتنىڭ ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسەكمۇ ئاسماندىن تۇيۇقسىزلا چۈشۈشىنى ياكى زېمىندىن چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇر-ماسلىقىمىز كېرەك.

بۇ دەۋردە بىز مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلەر بىلەن جەڭ قىلىش، كافىر ۋە ناسارا باسقۇنچىلىرىنى مۇسۇلمان دىيارلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق كۆرۈشىمىز لازىم، ھەرگىزمۇ مەھدىينىڭ چىقىپ بىزنى غەلىبىگە يېتەكلىشىنى كۈتۈپ خار بولۇپ ئولتۇرماسلىقىمىز، بەلكى ئەتتىپاقلىشىپ دىنىمىزنى قوغدىشىمىز، ئەگەر ھەقىقىي مەھدىي دۇنياغا كەلسە، ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇشىمىز لازىمدۇر.

# قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى

- دەججالنىڭ چىقىشى
- ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىنغا چۈشۈشى
- يەجۈج - مەجۈجلەرنىڭ چىقىشى
- ئۈچ قېتىملىق يەر يۇتۇشنىڭ يۈز بېرىشى
- ئاسماننى تۈتۈن قاپلىشى
- بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى
- قۇياشنىڭ مەغرىپتىن چىقىشى
- كىشىلەرنى مەھشەرگاھقا ھەيدەيدىغان بىر ئوتنىڭ چىقىشى

# قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى

بىز ئىلگىرى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ چوڭ ئالامەتلەر ۋە كىچىك ئالامەتلەر دەپ بۆلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، كىچىك ئالامەتلەردىن 131 ئالامەتنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئەمدى قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بېرىدىغان چوڭ ئالامەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى خۇددى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجانلار تۆكۈلگىنىدەك بىرى يۈز بەرسە قالغانلىرى ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «(قىيامەتنىڭ) ئالامەتلىرى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجانلارغا ئوخشاش بولۇپ، يىپى ئۈزۈلسە (مارجانلار بىر - بىرلەپ چۈشكىنىدەك) ئۇلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىدۇ»[317].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «(قىيامەتنىڭ) ئالامەتلىرى خۇددى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجانلار (يىپ ئۈزۈلسە) ئارقا - ئارقىدىن چۈشكىنىگە ئوخشاش ئارقا - ئارقىدىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يۈز بېرىدۇ»[318].

قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىنىڭ بىر قىسمى كىچىك ئالامەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، مەھدىي چىقىدۇ، كەينىدىنلا ئۇنىڭ زامانىدا يۈز بېرىدىغان بىر قاتار كىچىك ئالامەتلەر يۈز بېرىدۇ. ئۇندىن كېيىن دەججال چىقىدۇ، ۋەھاكازالار. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

---

[317] ئەھمەد (7040). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىف» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[318] ئىبنى ھىببان (6833). تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت» ، (4271). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 3210) «سەھىھ» دېگەن

## 1 - دەججالنىڭ چىقىشى

ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلەردىن خاھلىغىنىنى ۋە خالىغىنىنى پەيدا قىلىدۇ. دەججال ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

- دەججال كىم؟
- ئۇ بۈگۈن مەۋجۇدمۇ؟
- ئۇنى ئىلگىرى بىراۋ كۆرۈپ باققانمۇ؟
- ئۇنىڭ سۈپەتلىرى قانداق؟
- ئۇنىڭ چىقىش سەۋەبلىرى قايسىلار؟
- ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان ئىش نېمە؟
- دەججال ھەققىدىكى خاتا ئېتىقادلار قايسى؟

■ دەججال كىم؟

دەججال بولسا ئاللاھ تائالا ئادەم ئەۋلادلىرىدىن باشقا ئىنسانلارغا بەرمىگەن ئالاھىدە قۇدرەتلەرنى بەرگەن بىر كىشىدۇر. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى سىناش ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قۇدرەت ئاتا قىلغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئۇنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئەگىشىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە يارىتىلىش سۈپەتلىرىدىن خەبەر بەرگەن.

بىزنىڭ بۇ يەردە دەججال ھەققىدە سۆزلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بىر شەيئىنى بىلىش ئۇنى بىلمەسلىكتىن ياخشى. ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆزىگە يامانلىق يېتىپ قېلىشتىن قورقۇپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يامانلىق ھەققىدە سورايتتى[319].

---

[319] بۇخارىي (3606).

دەججال بولسا ئەڭ چوڭ سىناقتۇر. چۈنكى، دەججال بىلەن بىرگە نۇرغۇن شۈبھە ۋە پىتنەلەر بولغاندىن سىرت ئۇ يەنە ئۆزىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، دەيدىغان خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭدىن ھوشيار بولۇشنى، ھەزەر ئەيلەشنى ۋە دىققەت قىلىشنى بۇيرۇغان.

دەججالنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پىتنەلىرىدىن ساقلىنىش يوللىرىنى بىلىۋالساق، ئاللاھ تائالا بىزنى ئۇنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

■ دەججالنىڭ «مەسىھ دەججال» دەپ ئاتىلىشى

دەججالنىڭ «مەسىھ» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ سول كۆزى قۇيۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇ پەقەت بىر كۆزى بىلەنلا كۆرىدىغان يەكچەشمىدۇر. يەنە بىر سەۋەب «ئۇ زېمىننى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى قىرىپ، ۋەيران قىلىپ ماڭىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «يۈزىنىڭ يېرىمىدا قاش ياكى كۆز بولمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان» دېگەن قاراشمۇ بار. ۋەيەنە «ئۇنىڭ دەججاللىقى، يەنى يوشۇرغانلىقى، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغانلىقى ۋە نەيرەڭۋازلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان» دېگەن قاراشمۇ ھەم بار.

■ دەججال نېمىنى دەۋا قىلىدۇ؟

دەججال ئۆزىنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دەججال يەكچەشمىدۇر، پەرۋەردىگارىڭلار يەكچەشمە ئەمەس» دېگەن[320].

بۇنىڭ تەپسىلاتى كېيىنكى مەزمۇنلاردا سۆزلىنىدىغان بولۇپ، دەججالنىڭ كىشىلەرنى سىنايدىغان شۈبھە ۋە ئازدۇرۇشلىرى بار.

---

[320] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3336)؛ مۇسلىم (169).

## ■ ئىبنى سەييياد قىسسەسى

پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا مەدىنەدە ئىبنى سەييياد ئىسىملىك بىر يەھۇدىي بالا بولۇپ، ئىشلىرى گۇمانلىق ئىدى. پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى دەججالمىكىن دەپ گۇمان قىلغان ۋە پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن:

سالىم: مەن ئاتام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر توپ كىشىلەر ئىبنى سەييادنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنى بەنى مەغالە قەلئەسىنىڭ يېنىدا كىچىك باللار بىلەن ئويناۋاتقىنىنى كۆردى. شۇ كۈنلەردە ئىبنى سەييياد بالاغەت يېشىغا يېقىنلاپ قالغان (يەنى يېشى 15 كە يېقىنلاپ قالغان) ئىدى. پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ مۈرىسىگە يەڭگىل ئۇرغانغا قەدەر ئۇ پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەلگەنلىكىنى سەزمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى سەييادقا:

– مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟

– دەپ سورىغانىدى، ئىبنى سەيياد پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قارىۋېتىپ:

– سېنىڭ ساۋاتسىزلارنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، – دېدى ۋە ئارقىدىنلا:

– مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟

– دېۋىدى، پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– مەن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم، – دېدى، ئاندىن:

– نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىسەن؟ – دەپ سورىغانىدى، ئىبنى سەيياد:

– يېنىمغا راستچىل ۋە يالغانچى كېلىدۇ، – دېدى. پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئۇنداقتا سەن راست - يالغاننى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋېتىپسەن، – دېدى. ئاندىن:

– مەن سەندىن بىرنەرسە يوشۇرۇدۇم (ئۇنى تاپقىن)، – دېگەندى، ئىبنى سەيياد:

– ئۇ دۇخ (تۇت)، – دېدى. (يەنى دۇخان (تۇتۇن) دېمەكچى بولۇپ دېيەلمىدى). پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

– يوقال، ھەرگىز قۇدرىتىڭ يەتمەيدۇ (يەنى دېيەلمەيسەن، سەن پەقەت ئالدامچى كاھىنسەن)، – دېدى. بۇ چاغدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەسۇلۇللاھقا:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئىجازەت بەرسىلە، ئۇنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلاي، – دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئەگەر ئۇ (دەججال) بولسا ئۇنىڭغا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ[321]. ئەگەر ئۇ بولماي قالسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتە ساڭا ياخشىلىق يوق، – دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇبەي ئىبنى كەئب ئىككىسى ئىبنى سەيياد تۇرىدىغان خورمىزارلىققا باردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىزارلىققا كىرىپ، ئىبنى سەييادقا كۆرۈنمەستىن بىرنەرسە ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، خورما شاخلىرى بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سېلىنچا ئۈستىدىكى كۆرپىدە گودۇڭشىغان ھالدا ياتقىنىنى كۆردى. دەل شۇ پەيتتە ئىبنى سەييادنىڭ ئانىسى خورما شاخلىرى ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئىبنى سەييادقا: (ئۇنىڭ ئىسمى ساف ئىدى) ‹ئى ساف! مۇھەممەد ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ› دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىبنى سەيياد ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ئەگەر (ئانىسى) ئۇنى ئۆز

[321] يەنى ناۋادا ئىبنى سەيياد دەججال بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرەلمەيسەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام چۈشكەندىن كېيىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى تەقدىر قىلغان.

هالىغا قويغان بولسا، (ئۇنىڭ ماھىيىتى) ئاشكارا بولاتتى، دېدى»[322].

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭغا (ئىبنى سەييادقا) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار مەدىنە يوللىرىنىڭ بىرىدە ئۇچرىشىپ قالدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

- مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟

- دېۋىدى، ئۇ:

- مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟

- دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە ۋە كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈردۇم، نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ - دېدى. ئۇ:

- سۇ ئۈستىدىكى تەختنى كۆرۈۋاتىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- شەيتاننىڭ دېڭىز ئۈستىدىكى تەختىنى كۆرۈپسەن، يەنە نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ - دېدى. ئۇ:

- ئىككى راستچىل ۋە بىر يالغانچىنى ياكى ئىككى يالغانچى ۋە بىر راستچىلنى كۆرۈۋاتىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- بولدى قىلىڭلار، ئۇ ئېلىشىپ قاپتۇ، - دېدى»[323].

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق، ئىبنى سەييادمۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى. بىز بىر مەنزىلگە چۈشتۇق، كىشىلەر تارقاپ كېتىشتى، ئىبنى سەيياد ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق. مەن ئۇ توغرۇلۇق دېيىلىۋاتقان گەپلەر سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن

---

[322] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1354)؛ مۇسلىم (2930).

[323] مۇسلىم (2925).

بەكمۇ چۆچۈپ تۇراتتىم. ئۇ يۈك - تاقلىرىنى ئېلىپ، مېنىڭ يۈك - تاقلىرىمنىڭ يېنىغا قويدى. مەن ئۇنىڭغا:

– ھاۋا بەك ئىسسىق، نەرسىلەرنى ئاۋۇ دەرەخنىڭ ئاستىغا قويغان بولساڭ، – دېگەنىدىم، ئۇ ماقۇل بولۇپ، دەرەخنىڭ ئاستىغا قويدى (بۇ دەرەخ ئەبۇ سەئىدگە يىراق ئىدى). دەل شۇ پەيتتە، نېرىدا بىر قوي كۆرۈندى، ئۇ بېرىپ، ئۇنىڭ سۈتىدىن چوڭ بىر جام ئېلىپ كەلدى ۋە ماڭا:

– ئى ئەبۇ سەئىد! ئىچكىن، – دېدى. ئۇنىڭ قولىدىن ئىچىشنى خاھلىمىغانلىقىم ئۈچۈن: – ھاۋا بەك ئىسسىق، سۈتمۇ ئىسسىق، كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ، – دېگەنىدىم، ئۇ:

– كىشىلەر مېنىڭ ئۈستۈمدىن تارقاتقان سۆز - چۆچەكلىرى سەۋەبىدىن، ئۆزەمنى ئارغامچا بىلەن دەرەخكە ئېسىپ، ئۆلۈۋالغىم كېلىدۇ. ئى ئەبۇ سەئىد! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسى باشقىلارغا مەخپىي قالغان بولسىمۇ، سىلەر ئەنسارلار جامائىتىگە مەخپىي قالغان ئەمەس. سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلارنىڭ بىرى ئەمەسمىدىڭ؟! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ (دەججال) تۇغماس (پەرزەنت كۆرەلمەيدۇ)» دېمىدىمۇ؟! ھالبۇكى مەن بالامنى مەدىنىدە قويۇپ كەلدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ (دەججال) مەككە بىلەن مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ» دېمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، مەن مەدىنەدىن كېلىۋاتىمەن ۋە مەككىگە قاراپ كېتىۋاتىمەن، – دېدى. ئاخىرى مەن ئۇنى ئەيىبسىز دەپ قارىغىلى تاس قاپتىمەن. شۇ ئارىدا ئۇ:

– ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن دەججالنىڭ نەدە تۇغۇلغانلىقىنى ۋە ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، – دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا:

– كەچكىچە بېشىڭنى يەرسەن! – دېدىم»[324].

ئەھلى ئىلىملەرنىڭ قاراشلىرىنىڭ توغرىسى، ئىبنى سەيياد مەسىھ

---

[324] مۇسلىم (2927).

دەججال ئەمەس. لېكىن ئۇ دەججاللار (ئالدامچىلار) ئارىسىدىكى بىر دەججال بولۇپ، ئۇنىڭ كاھىنلىق ۋە باشقا ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدىغان شەيتانلىرى بار ئىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ئىشلىرىدىن ئۇنىڭ تەۋبە قىلىپ ھالىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقىرالايمىز. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## ■ قۇرئاندا دەججالنى بايان قىلماسلىقتىكى ھېكمەت

پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۈممەتلىرىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇرغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۈممىتىدىن ئەنسىرىگەن فىتنەلەرنىڭ ئەڭ يامىنى دەججال فىتنەسى ئىدى. شۇڭا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ھەر نامازدىن كېيىن دەججالنىڭ فىتنەسىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەشكە بۇيرۇغان.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە قىيامەتنىڭ چوڭ - كىچىك ئالامەتلىرىدىن بىرقانچىنى بايان قىلغان. مەسىلەن، ئاينىڭ يېرىلىشى ۋە يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ چىقىشى دېگەندەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى﴾[«قەمەر»: 54/1]، ﴿يەجۇج - مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەربىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ﴾[«ئەنبىيائ»: 21/96].

شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەججالنىڭ ئىسمىنى «قۇرئان كەرىم»دە ئوچۇق زىكىر قىلمىغان. ئۇنداقتا بۇنىڭدىكى ھېكمەت نېمە؟!

بۇنىڭدىكى ھېكمەت ھەققىدە بىر قانچىلىغان قاراشلار دېيىلگەن:

**بىرىنچىسى:** ئۇ ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدە زىكىر قىلىنغان: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ﴾[«ئەنبىيائ»: 21/157].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈچ نەرسە بار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقسىلا ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. ئۇلار: دەججالنىڭ چىقىشى، زېمىندىن بىر

خىل ھايۋانىنىڭ چىقىشى ۋە قۇياشنىڭ مەغرىپتىن چىقىشىدۇر»[325].

**ئىككىنچىسى:** ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدە ئىيسا ئىبنى مەريەمنىڭ چۈشۈشىگە ئىشارەت قىلىنغان: ﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلەر ۋە ناسارالاردىن) ھەرقانداقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىيسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ﴾«نىسائ»: 4/159. ﴿(قۇرئاندا) مەريەمنىڭ ئوغلى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام) مىسال كەلتۈرۈلسە، ناگاھان سېنىڭ قەۋمىڭ (خۇشاللىقتىن) سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار: «بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى ئىيسامۇ؟» دېدى. ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت خۇسۇمەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر. ئۇ (يەنى ئىيسا) (ناسارالار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس)، پەقەت پەيغەمبەرلىك نېئمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر، ئۇنى بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر دەلىل قىلدۇق. ئەگەر بىز خاھلىساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە زېمىندا ئورۇنباسار بولىدىغان پەرىشتىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەتتۇق. ئۇ (يەنى ئىيسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر، ئۇنىڭغا (يەنى قىيامەتكە) شەك كەلتۈرمەڭلار. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ (مېنىڭ دەۋەت قىلغىنىم) توغرا يولدۇر﴾«زۇخرۇف»: 43/57 – 61.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەججالنى ئۆلتۈرۈدىغانلىقى ئېنىق، شۇڭا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بايانى دەججالنىڭ بايانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ■ دەججالنىڭ چىقىشى قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان ھەدىسلەر

ھۇزەيفە ئىبنى ئەسىد غىفارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن تۆۋەندىكى ئون ئالامەت يۈز بەرمەي تۇرۇپ قىيامەت بولمايدۇ. ئۇلار:

[325] مۇسلىم (158).

تۈتۈن، دەججالنىڭ چىقىشى، (زېمىندىن) بىر تورلۇك ھايۋاننىڭ چىقىشى، قۇياشنىڭ مەغرىپتىن چىقىشى...»[326]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈچ نەرسە بار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقسىلا ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. ئۇلار: دەججالنىڭ چىقىشى، زېمىندىن بىر خىل ھايۋاننىڭ چىقىشى ۋە قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدۇر»[327].

■ دەججال فىتنەسىنىڭ يەر يۈزىدە يۈز بېرىدىغان ئەڭ چوڭ فىتنە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئىمران ئىبنى ھۇساين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان كۈندىن قىيامەتكىچە بولغان ئارىلىقتا دەججال فىتنەسىدىنمۇ چوڭ فىتنە بولمايدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە: «دەججالدىنمۇ چوڭ بىر ھادىسە بولمايدۇ» دەپ كەلگەن[328].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتتى، ئاندىن دەججالنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: ‹ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇرىمەن، ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى، لېكىن مەن سىلەرگە دەججال توغرىسىدا ھېچبىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە دەپ بەرمىگەن بىر سۆزنى دەپ بېرىمەن، ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتەن دەججال يەكچەشمىدۇر، ئاللاھ يەكچەشمە ئەمەستۇر›»[329].

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ سىلەر

---

[326] مۇسلىم (2901).

[327] مۇسلىم (158).

[328] مۇسلىم (2946).

[329] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (3336)؛ مۇسلىم (169).

ئۇچۇن ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم دەججالدىن باشقا بىر نەرسەمىتى؟ ئەگەر دەججال چىققاندا مەن ئاراڭلاردا بولىدىغان بولسام، سىلەرنى ئۇنىڭدىن مەن ئۆزۈم ھىمايە قىلىمەن، ئەگەر ئۇ چىققان چاغدا مەن ئاراڭلاردا بولمىسام، ھەركىم ئۆزىنى ئۆزى ھىمايە قىلسۇن. ئاللاھ تائالا ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇچۇن مېنىڭ ۋەكىلىمدۇر»[330].

■ دەججال چىقىشتىن ئىلگىرى يۈز بېرىدىغان ھادىسەلەر

نافىئ ئىبنى ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئەرەب ئارىلىغا ئۇرۇش ئېچىپ، ئۇنى فەتىھ قىلىسىلەر. پارسلار بىلەن ئۇرۇشىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە فەتھىنى مۇيەسسەر قىلىدۇ. رۇملۇقلار بىلەنمۇ ئۇرۇشىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە يەنە فەتھىنى مۇيەسسەر قىلىدۇ. كېيىن دەججال بىلەن ئۇرۇشىسىلەر، ئاللاھ ئۇنىمۇ مەغلۇپ قىلىپ (دەججال ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كىشىلەر بار جايلارنى) فەتىھ قىلىپ بېرىدۇ»[331].

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئاۋاتلىشىشى يەسرىب (مەدىنە) نىڭ خارابلىشىشىدۇر، يەسرىبنىڭ خارابلىشىشى چوڭ جەڭنىڭ يۈز بېرىشىدۇر، چوڭ جەڭنىڭ يۈز بېرىشى كونستانتىنپولنىڭ فەتىھ قىلىنىشىدۇر، كونستانتىنپولنىڭ فەتىھ قىلىنىشى دەججالنىڭ چىقىشىدۇر»[332].

دەججال چىقىشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلار بىلەن رۇملۇقلار ۋە ناسارالار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش كۆپىيىدۇ، مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىدۇ[333].

زىي مەخبەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر

---

[330] مۇسلىم (2937).

[331] مۇسلىم (2900).

[332] ئەبۇ داۋۇد (4294). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «زەئىپ» دېگەن. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

[333] قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرىدىن (105) - نومۇرلۇق ئالامەتكە قاراڭ.

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەر رۇملۇقلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈسىلەر، ئاندىن كەينىڭلاردىكى دۈشمەنگە قارشى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشىسىلەر ۋە غەلىبە قازىنىپ، غەنىيمەتلەرنى قولغا كىرگۈزۈسىلەر. ئاندىن ساق - سالامەت قايتىپ تۆپىلىككە جايلاشقان ‹مەرج›[334] دېگەن جايغا چۈشكىنىڭلاردا، خرىستىيانلاردىن بىرى كرېستنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: ‹كرېست غەلىبە قىلدى› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى غەزەپلىنىپ ئۇنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ، شۇ چاغدا رۇملۇقلار كېلىشىمنى بۇزۇپ چوڭ جەڭگە تەييارلىنىدۇ». بەزىلەر يۇقىرىقى ھەدىسكە تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇپ رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمانلار قوراللىرىنى ئالماقچى بولىدۇ - دە، ھەممىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ شۇ جامائەتنى شەھىدلىك شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ»[335].

يەنە بىر ھەدىستە بۇ جەڭنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «رۇملۇقلار ئەئماق ياكى دابىق دېگەن يەرگە[336] چۈشمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ. ئۇ چاغدا مەدىنەدىن شۇ چاغلاردىكى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇن چىقىدۇ. ئۇلار قارىمۇقارشى سەپ تۈزۈپ تۇرغاندا، رۇملۇقلار:

- بىزنىڭ يولىمىزنى توسماڭلار، بىز ئادەملىرىمىزنى ئەسىر ئالغانلار بىلەن ئۇرۇشىمىز[337]، - دەيدۇ. لېكىن، مۇسۇلمانلار:

---

[334] ئەھلى ئىلىملەردىن بۇ جاينى ئېنىق بېكىتكەنلەرنى ئۇچراتمىدىم. ئۇنىڭ «رۇملۇقلار ئەئماق ياكى دابىق دېگەن يەرگە چۈشمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ» دېگەن ھەدىستە كەلگەن «مەرج دابىق» بولۇشى چوڭ ئېھتىمال.

[335] ئەبۇ داۋۇد (4292). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[336] بۇ شام زېمىنىدىكى ھەلەبكە يېقىن بىر ئورۇن بولۇپ، ئۇ چوڭ جەڭنىڭ ئورنىدۇر.

[337] بۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن رۇملۇقلار ئارىسىدا ئىلگىرى ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىپ ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىنى ئەسىرگە ئالغانلىقىنى، ئاندىن بۇ ئەسىرلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە

– ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قېرىنداشلىرىمىزنى سىلەرگە تاشلاپ قويمايمىز، – دەپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش باشلىنىدۇ. (مۇسۇلمانلارنىڭ) ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇرۇش مەيدانىنى تاشلاپ قاچىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى مەڭگۇ قوبۇل قىلمايدۇ. ئۈچتىن بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلىدۇ، بۇلار ئاللاھنىڭ نەزەرىدە شەھىدلەرنىڭ ئەۋزەللىرى ھېسابلىنىدۇ. قالغان ئۈچتىن بىر قىسمى غەلىبە قىلىدۇ[338]، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھېچقانداق قىيىن سىناققا دۇچ كەلمەيدۇ. ئۇلار كونستانتىنوپول (ئىستانبۇل) نى فەتىھ قىلىدۇ، ئۇلار قىلىچلىرىنى زەيتۇن دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپ، غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقىنىدا، شەيتان:

– دەججال بالىچاقىلىرىڭلارغا ئىگە بولۇۋالدى، – دەپ توۋلايدۇ[339]. ئۇلار يۈگۈرۈپ چىقىدۇ، لېكىن بۇ يالغان بولۇپ چىقىدۇ. شامغا يېتىپ كەلگەنلىرىدە، دەججال ھەقىقەتەن چىقىدۇ»[340].

## دەججال چىقىشتىن ئىلگىرى يۈز بېرىدىغان باشقا ئىشلار

ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– دەججال چىقىشىنىڭ ئالدىدا ئۈچ يىل قەھەتچىلىك بولۇپ، بۇ يىللاردا كىشىلەرگە قاتتىق ئاچارچىلىق يېتىدۇ. بىرىنچى يىلى ئاللاھ ئاسماننى يامغۇرنىڭ ئۈچتىن بىرىنى توختىتىشقا، زېمىننىمۇ ئۆسۈملۈك، زىرائەتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى چىقارماسلىققا بۇيرۇيدۇ. ئىككىنچى يىلى ئاسماننى يامغۇرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى توختىتىشقا، زېمىننى ئۆسۈملۈك، زىرائەتلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى چىقارماسلىققا بۇيرۇيدۇ، ئۈچىنچى يىلى بولسا ئاسماننى پۈتۈنلەي يامغۇر ياغدۇرماسلىققا بۇيرۇيدۇ، ئاسماندىن بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغمايدۇ. زېمىننى پۈتۈنلەي ئۆسۈملۈك، زىرائەت ئۈندۈرمەسلىككە

---

جىھاد قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

[338] ئۇلار شۇ زېمىننى فەتىھ قىلىپ غەنىيمەتكە ئېرىشىدۇ.

[339] يەنى ئۇلارنى قورقۇتماقچى بولىدۇ.

[340] مۇسلىم (2897).

بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ خاھلىغىنىدىن باشقا سايىسى بار بارلىق نەرسىلەر ھالاك بولىدۇ (دەرەخلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىدىن باشقا ھەممىسى قۇرۇپ تۈگەيدۇ)، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھتىن:

- ئۇ چاغدا ئىنسانلار نېمە يەپ جان باقىدۇ؟ - دەپ سورىلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇلار تەھلىل، تەكبىر، تەسبىھ ۋە ھەمد ئېيتىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ، ئاشۇ ئىبادەت - زىكرىلەر ئۇلارغا تاماقنىڭ ئورنىدا كۇپايە قىلىدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى»[341].

راشىد ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «ئىستەخرۇ[342] فەتھى قىلىنغاندا، بىر جاكارچى:

- ئاگاھ بولۇڭلار، دەججال چىقتى! - دەپ توۋلىدى. سەئب ئىبنى جەسسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنداق دېدى:

- بۇ سۆزنى سىلەر ئېيتمىغان بولساڭلار، مەن ئېيتاتتىم. چۈنكى، مەن سىلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹دەججال كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگۈچە، ئىماملار ئۇنى مۇنبەردە تىلغا ئېلىشتىن توختىمىغۇچە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم»[343].

## ■ دەججالنىڭ بەدەن شەكلى

بويى پاكار، مايماق دەسسەپ ماڭىدۇ (ئىككى پاچىقىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغانلىقى سەۋەبلىك مېڭىشىدا ئەيىب بار)، بۇدرە چاچ (چېچى يۇمشاقمۇ ئەمەس ھەم تۈزمۇ ئەمەس)، چېچى قويۇق، بىر كۆزى قارىغۇ بولۇپ، پولتىيىپ چىققان ئۈزۈمگە ئوخشايدۇ، سول كۆزى يەكچەشمە، تېرىسى ئاق، پېشانىسى كەڭ، ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ك ف ر»

[341] ئىبنى ماجە (4077). ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

[342] پارس زېمىنىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، پارسلارنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بىرى، پارس پادىشاھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خەزىنىلىرى شۇ يەرگە جايلاشقان.

[343] ئەھمەد (16718). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىف» دېگەن.

دەپ يېزىقلىق بولۇپ، ھەرقانداق مۇئمىن مەيلى ساۋاتلىق ۋەياكى ساۋاتسىز بولسۇن، ئۇنى ئوقۇيالايدۇ، دەججال تۇغماس بولۇپ، بالىلىق بولالمايدۇ.

دەججالنىڭ يۇقىرىقى سۈپەتلىرىنى جەملىسەك ئۇ بويى پاكار، بەدىنى كېلەڭسىز، بېشى يوغان، ھەر ئىككى كۆزىدە ئەيىب بار، يەنى ئوڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ، پولتىيىپ چىققان ئۈزۈمگە ئوخشايدۇ، سول كۆزىدە تېرە بار. چېچى قويۇق ۋە بۈدرە، تېرىسى ئاق، ئىككى پۇتى ياكى يوتىسىنىڭ ئارىلىقى يىراق، ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا«ك ف ر» دەپ يېزىقلىق.

## ■ دەججال چىقىدىغان ئورۇن

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن دەججال كۈن چىقىشتىكى خۇراسان دېيىلىدىغان جايدىن چىقىدۇ، ئۇنىڭغا يۈزلىرى قالقاندەك (كەڭ، يۇمىلاق)، گۆشلۈك بولغان كىشىلەر ئەگىشىدۇ»[344].

ئۇ ئالدى بىلەن ئىراق بىلەن شامنىڭ ئارىسىدا چىقىدۇ. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەججال ھەققىدە: «دەججال ئىراق بىلەن شامنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يولدىن چىقىدۇ»[345] دېگەن.

## ■ جەسساسە ۋە دەججال قىسسەسى

فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاكارچىسىنىڭ: ‹ئەي جامائەت، نامازغا كېلىڭلار!› دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مەسجىدكە بېرىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇدۇم. ئەرلەرنىڭ

---

[344] تىرمىزىي (2237). تىرمىزىي: «ھەسەن غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.
[345] مۇسلىم (2937).

ئارقىسىدا سەپ تۈزۈپ تۇرغان ئاياللارنىڭ قاتارىدا ئىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنبەردە ئولتۇرۇپ: «ھېچكىم (ناماز ئوقۇغان) يېرىدىن قىمىرلىمىسۇن» دېدى، ئاندىن: «سىلەرنى نېمە ئۈچۈن يىغقىنىمنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. جامائەت: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلگۈچىدۇر» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرنى بىرەر ئىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ياكى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شۇنداق بىر ئىش ئۈچۈن چاقىردىمكى، تەمىم ئەددارىي بىر ناسارا ئىدى. ئۇ كېلىپ ماڭا بەيئەت قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇ ماڭا مېنىڭ سىلەرگە دەججال ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىمگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: "مەن لەخم ۋە جۇزام قەبىلىسىدىن 30 كىشى بىلەن بىرلىكتە كېمىگە چىقتىم، كېمىدە بىر ئاي دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن ئېلىشتۇق. دولقۇنلار بىزنى كۈن پېتىش تەرەپتىكى بىر ئارالغا ئېلىپ باردى. كېيىن كىچىك قېيىقلارغا ئولتۇرۇپ ئارالغا كىردۇق. ئالدىمىزغا ئاجايىپ تۈكلۈك بىر مەخلۇق ئۇچرىدى، ئۇنىڭ تۈكى شۇنداق كۆپ ئىدىكى، ئارقا تەرىپىدىن قارىسا، ئالدى تەرىپى كۆرۈنمەيدىكەن. ئۇنىڭدىن:

– سەن كىم؟ – دەپ سورىغانىدۇق، ئۇ:

– مەن جەسساسە، – دېدى. بىز:

– جەسساسە دېگەن نېمە؟ – دەپ سورىدۇق، ئۇ:

– ئى جامائەت! چېركاۋدىكى پالانى ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ سىلەرنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ، – دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قورقتۇق ۋە ئۇنى شەيتانمىكىن دەپ گۇمان قىلدۇق. ئاندىن دەرھال چېركاۋغا بېرىپ قامەتتى بەكمۇ يوغان بىر ئادەمنى كۆردۇق، ھاياتىمىزدا بۇنداق قامەتلىك ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدۇق. ئۇنىڭ قوللىرى بوينىغا چىڭ باغلانغان بولۇپ، تىزىنىڭ ئاستىغا ئىشكەل سېلىنغان ئىدى. ئۇنىڭدىن:

– ۋاي بىچارە! بۇ نېمە ئەھۋال؟ – دەپ سورىدۇق. ئۇ:

– سىلەر مېنىڭ ھالىمدىن خەبەر تاپتىڭلار، ئەمدى ئۆزۈڭلارنى تونۇشتۇرۇڭلار، – دېدى. بىز:

– بىز ئەرەبلەردىن بىر جامائەتمىز، كېمىگە چىقىپ دېڭىزغا يول ئالدۇق. بىز دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن بىر ئاي ئېلىشتۇق. ئاخىرى دولقۇنلار بىزنى بۇ ئارالغا ئېلىپ كەلدى. قېيىقلارغا ئولتۇرۇپ ئارالغا كىرىپ كەلدۇق. ئاندىن بەدىنىدىكى تۈكنىڭ كۆپلۈكىدىن ئالدى بىلەن ئارقىسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر ئادەمنى ئۇچراتتۇق. ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىغان ئىدۇق، ئۇ ئۆزىنىڭ جەسساسە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىز جەسساسە دېگەن نېمە؟ دەپ سورىساق، ئۇ بىزنىڭ مۇشۇ چېركاۋغا كېلىشىمىزنى، بۇ يەردە بىزنى كۈتۈۋاتقان ۋە خەبىرىمىزگە ئىنتىزار بولۇۋاتقان بىرەيلەننىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سۆزىگە ئاساسەن بۇ يەرگە كەلدۇق ۋە سېنى كۆردۇق. ئۇنىڭ شەيتان ئىكەنلىكىدىن گۇمانلاندۇق، – دېدۇق. ئۇ:

– ماڭا بەيسان خورمىلىقىدىن خەبەر بېرىڭلار، – دېدى. بىز:

– نېمە ئۈچۈن بۇنى سوراپ قالدىڭ؟ – دېۋىدۇق، ئۇ:

– ئۇنىڭ خورمىسىنى سورىماقچىمەن، ئۇ خورما دەرەخلىرى ھازىرمۇ مېۋە بېرىۋاتامدۇ؟ – دەپ سورىدى. بىز:

– ھەئە، – دېدۇق. ئۇ:

– ئەمما، ئۇنىڭ خورما بەرمەسلىكىگە ئاز قالدى. ئەمدى تەبەرىيە كۆلى ھەققىدە خەبەر بېرىڭلار، – دېدى. بىز:

– ئۇنىڭ نېمىسىنى سورايسەن؟ – دېگەن ئىدۇق، ئۇ:

– ئۇنىڭدا سۇ بارمۇ؟ – دەپ سورىدى. بىز:

– سۈيى كۆپ، – دېدۇق. ئۇ:

– ئەمما، ئۇنىڭ سۈيىنىڭ تۈگىشىگە ئاز قالدى. ئەمدى زۇغەر بۇلىقى ھەققىدە خەبەر بېرىڭلار، – دېدى. ئۇنىڭدىن:

– ئۇنىڭ نېمىسىنى سورايسەن؟ – دەپ سورىغاندۇق، ئۇ:

– ئۇ بۇلاقتا ھازىرمۇ سۇ بارمۇ؟ ئادەملەر ئۇنىڭ سۈيى بىلەن ئېتىزلىرىنى سۇغىرىۋاتامدۇ؟ – دەپ سورىدى. بىز:

– ھەئە، ئۇنىڭ سۆيى كۆپ، ئۇنىڭ سۆيىدىن ئادەملەر ئېتىزلىرىنى سۇغىرىۋاتىدۇ، – دېدۇق. ئۇ:

– ئەمدى ساۋاتسىز پەيغەمبەرنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىڭلار! – دېدى. بىز:

– ئۇ مەككەدىن چىقىپ مەدىنەگە كەلدى، – دېدۇق. ئۇ:

– ئەرەبلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتىمۇ؟ – دەپ سورىدى. بىز:

– ھەئە، – دېدۇق. ئۇ:

– ئۇلارنى نېمە قىلدى؟ – دەپ سورىدى. بىز:

– ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇلار ئۇنىڭغا بويسۇندى، – دېدۇق. ئۇ:

– ھەقىقەتەن شۇنداق بولدىمۇ؟ – دەپ سورىدى. بىز:

– ھەئە، – دېدۇق. ئۇ:

– ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى بەكمۇ ياخشىدۇر، مەن سىلەرگە ئۆزەمنى تونۇشتۇراي. مەن دەججال بولىمەن. يەر يۈزىگە چىقىشىم ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلىدىغانغا ئاز ۋاقىت قالدى. مەن مەككە بىلەن مەدىنەدىن باشقا ھەممە يەرنى كېزىپ، يەر يۈزىدە 40 كۈن تۇرىمەن. مېنىڭ مەككە بىلەن مەدىنەگە كىرىشىم ھارام قىلىنغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە كىرىشنى خاھلىسام قولىدا قىلىچ تۇتقان بىر پەرىشتە مېنى ئۇ يەردىن قوغلايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەربىر ئىشىكىنى قوغداشقا مەسئۇل پەرىشتىلەر بار، – دېدى». بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاسىسىنى مۇنبەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: ‹بۇ تەيبە، بۇ تەيبە، بۇ تەيبە، (يەنى مەدىنە)، بۇنى سىلەرگە دېمىگەنمىدىم؟› دېدى. جامائەت بىردەك: ‹دېگەن ئىدىلە› دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹تەمىمنىڭ ئېيتقانلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى، چۈنكى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى مېنىڭ سىلەرگە مەككە بىلەن مەدىنە ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىمگە بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇ شام ياكى يەمەن دېڭىزىدا، ياق، شەرق تەرەپتە، شۇنداق، ئۇ شەرق تەرەپتىن چىقىدۇ، شەرق تەرەپتىن چىقىدۇ› دېدى ۋە قولى بىلەن شەرق تەرەپنى كۆرسەتتى».

(فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان راۋىي ئامىر ئىبنى شەراھىل مۇنداق دەيدۇ): «فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ‹مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇشۇنداق ئاڭلاپ يادلىۋالغانتىم› دېگەن ئىدى»[346].

- بېرمۇدا ئالۋاستى ئۈچ بۇرجەك رايونىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەسىھ دەججال بىلەن بولغان ئالاقىسى

بېرمۇدا سىرلىق ئۈچ بۇرجەك رايونى توغرىسىدىكى بايانلار خۇراپىي ھېكايىلەر ۋە فانتازىيىلىك چۆچەكلەرگە ئوخشايدۇ.

### ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى

ئۇ ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ غەربىگە، ئامېرىكا فىلورىدا شىتاتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن تەپسىلى قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ رايون غەربتە مېكسىكا قولتۇقىدىن جەنۇبتىكى لىيوردا ئارىلىغىچە سوزۇلىدىغان ئۈچ بۇرجەك رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بېرمۇدا 300 دىن ئارتۇق كىچىك ئاراللار توپىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ ئارالدا 65 مىڭ نوپۇس ئولتۇراقلاشقان. مېكسىكا قولتۇقى ۋە پاناما ئارىلىغىچە سوزۇلىدۇ.

### بېرمۇدا رايونىدىكى غايىپ بولۇش دائىرىسى

ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ غەربىي شىمالىدا دېڭىز يۇسۇنىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن باشقا رايونلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان سارگاسسو (بىرخىل دېڭىز يۇسۇنى) دەپ ئاتىلىدىغان مەلۇم بىر دېڭىز رايونى بولۇپ، بۇ رايوندا يۇسۇنلار سۇ يۈزىدە لەيلىۋېلىپ كېمىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە توسالغۇ بولىدىغان توساق پەيدا قىلغان.

سارگاسسو دېڭىزى بولسا ھەر دائىم تىنىچ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ يەردە شامال ۋە ھاۋا ئېقىملىرى كەمدىن - كەم كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇ رايونغا «خەۋپ دېڭىزى»، «ئاتلانتىك ئوكيان قەبرىستانلىقى»

---

[346] مۇسلىم (2942).

دېگەنـدەك نـاملار قويۇلغـان. تەكشۈرۈشـلەر ئارقىلىـق بـۇ رايوندىكـى چوڭقۇر دېڭىــز ئاســتىدا تارىخــى هــەر خىــل بولغــان ســۇ ئاســتى پاراخوتلىــرى، قولۋاقلار، كېمىلەر ۋە پاراخوتلارنىڭ بارلىقى ئىسپاتلاندى.

## بېرمۇدا رايونىدا غايىب بولۇش ھادىسەسىنىڭ باشلىنىشى

1850 - يىلــى بــۇ رايونــدا ۋە بــۇ رايــون ئەتراپىــدا ئەللىكتىــن ئارتــۇق پاراخــوت غايىــب بولغــان. بــەزى كاپىتــانلار خەتەرگــە ئۇچراشــتىن ئىلگىــرى بىــر قىســىم ســىگناللارنى تارقاتقــان بولســىمۇ، لېكىــن بــۇ ســىگناللار ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، ھېچكىم چۈشىنەلمىگەن.

بــۇ غايىــب بولغــان پاراخوتلارنىــڭ كۆپىنچىســى ئامېرىــكا قوشــما شــتاتىغا تــەۋە پاراخــوتلاردۇر. بــۇ پاراخوتلارنىــڭ تونجىســى 340 يولۇچىنــى ئــۆز ئىچىگــە ئالغــان «ئىنشۇرگەنت» نامىلىـق پاراخوتتۇر. ئۇنىڭدىــن باشــقا يەنــە «ســىكورپىيون» نامىلىـق سـۇ ئاسـتى پاراخوتىمۇ غايىـب بولغـان بولـۇپ، ئۇنىڭدا 99 ماتروس بار ئىدى.

## ئايروپىلانلارنىڭ غايىپ بولۇش ھادىسىلىرى

ئاتلانتىــك ئوكياندىكــى بېرمــۇدا رايونــى ئاســمىنى دائىرىســىدە ئايروپىلانلارنىڭ ئىز - دېرەكسىز غايىپ بولۇش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەن.

1945 - يىلـى ئامېرىـكا فىلورىـدا شـتاتىدىن بـەش ئايروپىـلان بېرمـۇدا رايونىغــا قــاراپ قوزغالغــان، بــۇ ئايروپىــلانلار خــۇددى دېڭىــزدا لەيلەۋاتقــان كېمــە قالدۇقلىرىغــا ئوخشــاش بىــر - بىرىگــە يېقىــن، ئۇچــبۇلۇڭ شــەكلىدە ئۇچقــان. ھــاۋا ئارمىيــە بازىســى، ئۇچقۇچــىلار ئەترىتىدىــن ئايروپىــلان يېتىــپ بارغــان ئورۇننــى بەلگىلــەش ۋە قونــۇش تەلىماتلىــرى ھەققىــدە ئۇچــۇر كۈتــۈپ تۇرغــان ۋاقىتتــا، ئۇچقۇچــىلار قوماندانىــدىن تۆۋەندىكىــدەك غەلىتــە بىــر ئۇچۇرنــى قوبــۇل قىلغــان: «بىــز جىددىــي ھالەتتــە، ئۇچــۇش ســىزىقىنىڭ يۆتۈنلــەي ســىرتىدا، ئايروپىلانىــڭ ئاســتىدىكى جايلارنىــمۇ كۆرەلمىــدۇق، ئورنىمىزنىــمۇ بەلگىلىيەلمىــدۇق، ئۆزىمىزنــى بوشــلۇقتا يوقىتىــپ قويغانىدەكلا ھەممە نەرسە پۈتۈنلەي باشقىچە ۋە قالايمىقان بولـۇپ كەتتى، تەرەپلەرنىمــۇ ئېنىــق ئايرىيالمىــدۇق، ھەتتــا ئالدىمىزدىكــى دېڭىــز - ئوكيانىمۇ باشقىچە كۆرۈنۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنىمۇ بېكىتەلمىدۇق».

ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بازا بىلەن ئۈچقۇچىلار ئارىسىدىكى ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قېلىپ، بۇ ئايروپىلانلار يوقاپ كەتكەن.

## بۇ ئۈچ بۇرجەك رايوننىڭ سىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان مەلۇماتلار

يەر تەۋرەش نەزەرىيەسى ۋە ئۇنىڭ بىرمۇدا ئۈچ بۇرجەك رايونىدا يۈز بەرگەن ھادىسەلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى: دېڭىز - ئوكيان ئاستىدىكى يەر تەۋرەش ھادىسەسىدىن ئىنتايىن شىددەتلىك ۋە كۈچلۈك دولقۇنلار پەيدا بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پاراخوتلارنى شىددەت بىلەن چۆكتۈرۈپ، ئوكيان ئاستىغا ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ. ئاشۇ يەر تەۋرەشتىن پەيدا بولغان دولقۇنلار ھاۋادىكى ئايروپىلانلارغا نىسبەتەن ئۈچقۇچىلار كونترول قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئايروپىلان تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**ماگنىتنىڭ تارتىش كۈچى نەزەرىيەسى ۋە ئۇنىڭ بىرمۇدا ئۈچ بۇرجەك رايونىدا يۈز بەرگەن ھادىسەلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى:** ئايروپىلانلار بىرمۇدا ئۈچ بۇرجەك رايونىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئۆلچەش ئەسۋابلىرى قالايمىقان شەكىلدە تەۋرەپ ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنىڭدەك كېمە كومپاسلىرىنىڭمۇ قالايمىقان ھەرىكەت قىلىشى ماگنىتلىق كۈچ ۋە باشقىچە كۈچلۈك تارتىش كۈچى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

■ مەسىھ دەججال چىقىشتىن ئىلگىرى يۈز بېرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار

### ئەرەبلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى

ئۇممۇ شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

– كىشىلەر دەججالدىن تاغلارغا قاراپ قاچىدۇ، – دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇ زاتتىن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا ئەرەبلەر قەيەردە بولىدۇ؟ – دەپ سورىغانىدىم، رەسۇلۇللاھ:

- ئۇلار بەك ئاز، - دەپ جاۋاب بەرگەندى»[347].

## چوڭ ئۇرۇش ۋە كونستانتىنپولنىڭ فەتھ قىلىنىشى

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بەيتۇلمۇ-قەددەسنىڭ ئاۋاتلىشىشى يەسرىب (مەدىنە) نىڭ خارابلىشىشىدۇر، يەسرىبنىڭ خارابلىشىشى چوڭ جەڭنىڭ يۈز بېرىشىدۇر، چوڭ جەڭنىڭ يۈز بېرىشى كونستانتىنپولنىڭ فەتھ قىلىنىشىدۇر، كونستانتىنپولنىڭ فەتھ قىلىنىشى دەججالنىڭ چىقىشىدۇر»[348].

## فەتىھلەرنىڭ بولۇشى

نافىئ ئىبنى ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە بىر غازاتقا چىقتۇق. ئۇ ئارىدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا مەغرىب تەرەپتىن بىر قەۋم كەلدى. ئۇلار يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئېگىز تۆپىلىكتە ئۇچراشتى. ئۇلار تىك تۇراتتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولسا ئولتۇرغان ئىدى. نەپسىم ماڭا: ‹بېرىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇرغىن! ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويمىسۇن› دەيتتى. ئىچىمدە: ‹بەلكىم ئۇلار بىلەن بىر پايدىلىق ئىشنى مەسلىھەت قىلىۋاتقان بولسا كېرەك› دەپ ئويلىدىم - دە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ تۇردۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلارغا ئېيتقان سۆزلىرىدىن تۆت ئېغىزنى يادقا ئېلىۋالدىم. ئۇلارنى قولۇم بىلەن (بارماقلىرىم بىلەن بىر - بىرلەپ) ساناپ بېرىمەن: ‹ئەرەب ئارىلىغا ئۇرۇش ئېچىپ، ئۇنى فەتىھ قىلىسىلەر، پارسلار بىلەن ئۇرۇشسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلىدۇ. رۇملۇقلار بىلەنمۇ ئۇرۇشسىلەر، ئاللاھ

---

[347] مۇسلىم (2945).

[348] ئەبۇ داۋۇد (4294). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «زەئىپ» دېگەن. ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

سىلەرگە يەنە غەلىبە ئاتا قىلىدۇ. كېيىن دەججال بىلەن ئۇرۇشسىلەر، ئاللاھ بۇنىڭدىمۇ سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلىدۇ»[349].

## يامغۇر ياغماي، ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈنمەسلىكى

### دەججال چىقىشتىن ئىلگىرى ئۈچ يىل ئاچارچىلىق بولىدۇ.

ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دەججال چىقىشتىن بۇرۇن، ئىنسانلار ئۈچ يىل قاتتىق ئاچارچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. بىرىنچى يىلى ئاللاھ تائالا ئاسمانغا يامغۇرنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ياغدۇرماسلىقنى ۋە زېمىنغىمۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۈندۈرمەسلىكنى بۇيرۇيدۇ. ئىككىنچى يىلىدا ئاسمانغا يامغۇرنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ياغدۇرماسلىقنى ۋە زېمىنغىمۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئۈندۈرمەسلىكنى بۇيرۇيدۇ. ئۈچىنچى يىلى ئاسمانغا يامغۇرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قېلىپ، بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغدۇرماسلىقنى، زېمىنغا بىرەر تال گىياھنىمۇ ئۈندۈرمەسلىكنى بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ خاھلىغان نەرسىدىن باشقا تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ»[350].

## فىتنەلەر كۆپىيىپ، كىشىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان ئۇزۇن بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاندىن باياشات تۇرمۇش فىتنەسى بولىدۇ. بۇ فىتنەنىڭ سەۋەبچىسى ئەھلى بەيتىمدىن بولغان بىر كىشى بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مېنىڭ ئەھلىمدىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ، ئۇ مەندىن ئەمەس. مېنىڭ ھەقىقىي دوستلىرىم تەقۋادارلاردۇر. كېيىن ئادەملەر كەم ئەقىل، بىلىمسىز بىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ. ئاندىن زۇلمەت فىتنەسى چىقىدۇ. بۇ فىتنەگە دۇچار بولمايدىغان بىرمۇ ئىنسان قالمايدۇ. بۇ

---

[349] مۇسلىم (2900).

[350] ئىبنى ماجە (4077). ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

فىتنە ئەمدى تۈگەيدىغۇ دەپ تۇرسا، تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. كىشىلەر مۆئمىن هالدا تاڭ ئاتقۇزۇپ، كافىر هالدا كەچ قىلىدۇ، ھەتتاكى ئىنسانلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىرى نىپاق بولمىغان ئىمان گۇرۇھى، يەنە بىرى بولسا ئىمان بولمىغان نىپاق گۇرۇھىدۇر. ئۇ زامان كەلگەندە شۇ كۈنىڭ ئۆزىدە ياكى ئەتىسى دەججالنى كۈتۈڭلار!»[351]

## ئوتتۇز كاززابنىڭ چىقىشى

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئوتتۇز نەپەر كاززاب چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى يەكچەشمە كاززاب (دەججال) بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[352].

■ دەججال قانداق چىقىدۇ؟

يۇقىرىقى سەھىپىلەردە بايان قىلىنغان تەمىم ئەددارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدىكى دەججال ۋە جەسساسەنىڭ ھېكايىسىدە مۇنداق بايانلار كەلگەن: «دەججال تا ھازىرغىچە دېڭىز ئاراللىرىنىڭ بىرىگە سولانغان، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ھايات بولۇپ قامەتلىك ناھايىتى يوغان بىر كىشى ئىدى. تەمىم ئەددارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئوتتۇز ئەر بىلەن كۆرگەندە، ئۇ زەنجىر بىلەن باغلانغان ئىدى. ئۇلار ئارىسىدا مۇنازىرىمۇ بولغان ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ دەججال ئىكەنلىكى ۋە (ئاچچىقى كەلگەن چاغدا ئىشكەللەرنى بۇزۇپ) چىقىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ خەبەر بايان قىلغان».

■ دەججالنىڭ چىقىش سەۋەبى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق

---

[351] ئەبۇ داۋۇد (4242). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 972) «سەھىھ» دېگەن. بۇ ھەقتە كىچىك ئالامەتلەرنىڭ (99)، (100)، (101) - نومۇرلۇق ئالامەتلىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

[352] ئەھمەد (20190). ھاكىم: «سەھىھ» دېگەن. بۇ ئالامەت كىچىك ئالامەتلەرنىڭ (11) - نومۇرلۇق ئالامەتتە بايان قىلىنىپ بولغان.

دەيدۇ: «مەن مەدىنە كوچىلىرىنىڭ بىرىدە ئىبنى سەييادقا ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىدىغان بىر سۆزنى قىلدىم، ئىبنى سەيياد ۋارقىراپ - جارقىراپ كوچىنى بېشىغا كىيدى، كېيىن ئىبنى ئۆمەر ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىردى، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولغان ۋەقەدىن خەبەر تاپقان ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىبنى ئۆمەرگە: ‹ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن! ئىبنى سەيياد بىلەن نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: "ئۇ (دەججال) ئاچچىقى كەلتۈرۈلگەن چاغدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟› دېدى»[353].

## ■ ئۇنىڭ زېمىندىكى سۈرئىتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەججالنىڭ زېمىندىكى سۈرئىتى ھەققىدە سورالغاندا: «ئۇنىڭ سۈرئىتى شامال ھەيدەپ كەلگەن بۇلۇتتەك بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى[354].

بۇ ھەدىس دەججالنىڭ زېمىندا بەك تېز ھەرىكەت قىلىپ، زېمىننىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر دىندا سۇسلىشىپ، ئىلىمدىن قاچقاندا دەججال چىقىدۇ، ئۇ زېمىندا قىرىق كۈن ئايلىنىدۇ، ئۇ قىرىق كۈننىڭ بىرىنچى كۈنى بىر يىلدەك، ئىككىنچى كۈنى بىر ئايدەك، ئۈچىنچى كۈنى بىر ھەپتىدەك، ئۇنىڭدىن باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنۈڭلەردەك بولىدۇ. ئۇنىڭ مىنىدىغان بىر ئېشىكى بولۇپ، ئىككى قۇلىقىنىڭ كەڭلىكى قىرىق گەز كېلىدۇ. دەججال كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار› دەيدۇ. ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار يەكچەشمە ئەمەس. دەججالنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىغا ‹ك ف ر› دەپ يېزىلغان، ئۇنى خەت بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان ھەرقانداق مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ. ئۇ ھەرقانداق سۇ ۋە بۇلاق

[353] مۇسلىم (2932).

[354] مۇسلىم (2937).

بار ماكاندىن ئۆتىدۇ، لېكىن مەدىنە بىلەن مەككەدىن ئۆتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇ ئىككىسىنى ئۇنىڭغا ھارام قىلغان ۋە پەرىشتىلەرمۇ مەدىنە ۋە مەككەنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ»[355].

## ■ دەججال بارىدىغان ئورۇنلار

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دەججالنىڭ يەر يۈزىدە مەككە ۋە مەدىنەدىن باشقا دەسسىمەيدىغان يېرى قالمايدۇ»[356] دېگەن.

دەججالنىڭ مەككە ۋە مەدىنەگە كىرىشىگە ھەرگىز رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «مەدىنەنىڭ يول ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر بولۇپ، شۇڭا مەدىنەگە ۋابا ۋە دەججال كىرەلمەيدۇ»[357].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «دەججال شەرق تەرەپتىن چىقىپ، مەدىنەگە كىرمەكچى بولىدۇ ۋە ئۇھۇد تېغىنىڭ ئارقىسىغا چۈشىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى شام تەرەپكە ئۆرۈپ قويىدۇ، ئۇ شۇ تەرەپتە ھالاك بولىدۇ»[358]. يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، مىھجەن ئىبنى ئەدرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەپ:

– ئى مەدىنە خەلقى! قۇتۇلۇش كۈنى، قۇتۇلۇش كۈنى دېگەن نېمە؟ – دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

[355] ئەھمەد (14997). ھەيسەمي: «ئىمام ئەھمەد ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان. بىرىنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن. «ئەلمۇستەدرەك» (8613). ھاكىم: «سەھىھ» دېگەن. زەھەبىيمۇ: «ئىمام مۇسلىم شەرتى بويىچە سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[356] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (1881)؛ مۇسلىم (2943).

[357] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (1880)؛ مۇسلىم (1379).

[358] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (3417)؛ مۇسلىم (1380).

ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

– قۇتۇلۇش كۈنى دېگەن نېمە؟ – دەپ سورىلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– دەججال كېلىپ ئۇھۇد تېغىغا چىقىدۇ، ئاندىن ئەگەشكۈچىلىرىگە: «بۇ ئاق قەسىرنى كۆردۈڭلارمۇ؟ بۇ ئەھمەد مەسجىدى (يەنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدى)» دەيدۇ. ئاندىن مەدىنىگە كەلسە، مەدىنىنىڭ ھەربىر ئىشىكىدە بىردىن قىلىچ تۇتقان پەرىشتىلەرنى كۆرىدۇ. ئاندىن جۇرۇف شورلۇقىغا كېلىپ چېدىر ئۆيلەرنى قۇرىدۇ. ئاندىن مەدىنە ئۈچ قېتىم تەۋرەپ، بىرمۇ مۇناپىق، بىرمۇ پاسىق قالماي ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ، مانا بۇ قۇتۇلۇش كۈنىدۇر، – دەپ جاۋاب بەردى»[359].

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دەججالنىڭ يەر يۈزىدە مەككە ۋە مەدىنەدىن باشقا دەسسىمەيدىغان يېرى قالمايدۇ. چۈنكى، پەرىشتىلەر يول ئېغىزلىرىدا قاتار تىزىلىپ، بۇ ئىككى شەھەرنى قوغدايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شورلۇق زېمىنغا چۈشۈپ (بىر رىۋايەتتە، جۇرۇف شورلۇقىغا كېلىپ) چېدىر ئۆيلەرنى قۇرىدۇ (يەنى شۇ يەرگە چۈشكۈن قىلىپ بارگاھ قۇرىدۇ)».

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «قىزىل سايلىقنىڭ يېنىغا (بۇ مەدىنىگە يېقىن بىر جاي)، يەنى بىر پارچە شورلۇق زېمىننىڭ يېنىغا چۈشكۈن قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەدىنە شەھىرى شەھەر ئاھالىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ قېتىم تەۋرەيدۇ، شەھەردىكى ھەربىر كافىر ۋە مۇناپىقلار مەدىنەدىن چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا بارىدۇ»[360].

[359] ئەھمەد (18996). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىپ» دېگەن؛ «ئەلمۇستەدرەك» (8631). ھاكىم «سەھىھ» دېگەن. زەھەبىيمۇ: «ئىمام مۇسلىم شەرتى بويىچە سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[360] ئىبنى ماجە (4077). ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ئۇزۇن ھەدىسنىڭ بىر قىسمى. ئالبانىي: «زەئىپ» دېگەن. بۇ ھەدىس «سەھىھەين»دە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن «قىزىل سايلىق» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنماي رىۋايەت قىلىنغان.

«جۇرۇف» مەدىنەنىڭ ئەتراپىدىكى بىر جاي بولۇپ، مەدىنەنىڭ شىمالىدىن ئۈچ مىل يىراقلىقتىكى ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. بەزىلەر: «جۇرۇف شام يولىدىن قەسساسىنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايدۇر» دېگەن. جۇرۇف رايونى بۈگۈنكى كۈندە «ھەييۇل ئەزھەرىي» دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىقىلار بىزگە شۇنى يەكۈنلەپ بېرىدۇكى، مەسىھ دەججال شۇ يەردىكى شورلۇق زېمىنلارنىڭ بىرىنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ، سادىقىيەنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئاشۇ شورلۇق زېمىننىڭ كەينىگە، يەنى شىمالىي سۇر دېگەن جايغا بارگاھىنى ياكى چېدىرىنى تىكلەيدۇ. بۇ يەردە كىچىك قىزىل تاغلار بار بولۇپ، بۇنى كۆرگەن كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ قالىدۇ.

تەمىم ئەددارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەججال ۋە جەسساسە بىلەن بولۇپ ئۆتكەن قىسسەسىدە، دەججال تەمىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا مۇنداق دېگەن: «ئۇزۇنغا قالماي چىقىشىمغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا مەن چىقىپ زېمىنلارنى ئايلىنىمەن ۋە قىرىق كۈن ئىچىدە يەر يۈزىدە مەككە بىلەن تەيبە (مەدىنەنىڭ يەنە بىر ئىسمى)دىن باشقا ھەممە يۇرتقا بارىمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ماڭا ھارام قىلىنغان. قاچانكى ئۇلارنىڭ بىرەرىگە كىرمەكچى بولىدىكەنمەن، بىر پەرىشتە قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئالدىمغا چىقىپ مېنى توسىدۇ. ھەقىقەتەن مەككە - مەدىنەنىڭ ھەربىر تۆپىلىكلىرىدە پەرىشتىلەر تۇرۇپ ئۇلارنى قوغدايدۇ»[361].

## ■ دەججالنىڭ فىتنەلىرى

**دەججالنىڭ فىتنەلىرى (1)** -ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دەججالنىڭ جەننەتى ھەم دوزىخى بار، ئۇنىڭ دوزىخى جەننەت، جەننەتى دوزاختۇر»[362].

[361] مۇسلىم (2942).

[362] مۇسلىم (2934).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «ھەقىقەتەن دەججالنىڭ سۈيى ھەم ئوتى بار، ئۇنىڭ ئوتى سوغۇق سۇدۇر، سۈيى بولسا ئوتتۇر» دېگەن[363].

ئۇ زات يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن دەججالنىڭ يېنىدا نېمە بارلىقىنى بىلىمەن، ئۇنىڭ ئىككى دەرياسى بار. بىرىدە قارىماققا ئاپئاق سۇ كۆرۈنىدۇ، يەنە بىرىدە بولسا قارىماققا لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت كۆرۈنىدۇ. سىلەردىن بىراۋ ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قالسا، ئوت كۆرۈنگىنىگە كىرىپ كۆزىنى يۇمسۇن - دە، ئاندىن بېشىنى ئوتقا ئېگىپ (پەس قىلىپ) ئۇنىڭدىن ئىچسۇن، ئۇ ھەقىقەتەن سوغۇق سۇدۇر»[364].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىشىلەر سۇ دەپ كۆرگىنى (ئەمەلىيەتتە) كۆيدۈرگۈچى ئوتتۇر، كىشىلەر ئوت دەپ كۆرگىنى بولسا سوغۇق، لەززەتلىك سۇدۇر. سىلەردىن كىمكى ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسا ئوت كۆرۈنگىنىگە كىرسۇن، ئۇ ھەقىقەتەن تاتلىق ۋە سۈزۈك سۇدۇر» دەپ كەلگەن.

**دەججال فىتنەلىرى (2) -ئۇنىڭ جانسىز نەرسىلەر ۋە ھايۋانلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى:**

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «دەججال بىر قەۋمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارنى دەۋەت قىلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاسماننى بۇيرۇيدۇ، ئاسمان يامغۇر ياغدۇرىدۇ، زېمىننى بۇيرۇيدۇ، زېمىن ئوتياشلارنى ئۇندۇرىدۇ، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ مال - چارۋىلىرى يۇڭلىرى ئۆسكەن، يېلىنلىرى سۈتكە تولغان، قورساقلىرى تويۇپ سەمرىگەن ھالدا كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە بىر قەۋمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارنى دەۋەت قىلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىدۇ (يەنى ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ). شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېتىدۇ. ئەتىسى ئۇلارنىڭ يەرلىرى قۇرغاقلىشىپ زىرائەتلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ خارابىلىكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا: ‹دەپىنە -

[363] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7130)؛ مۇسلىم (2934).
[364] مۇسلىم (2934).

دۇنيالىرىڭنى چىقارغىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرنىڭ دەپىنە - دۇنيالىرى خۇددى ھەسەل ھەرىلىرى باشلىقىغا ئەگەشكەندەك توپلىنىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ»[365].

**دەججال فىتنەلىرى (3)** -«دەججال بىر ئەئرابىيغا: ‹ئېيتقىنا، ئەگەر مەن ئاتا - ئاناڭنى تىرىلدۈرسەم، سەن مېنى پەرۋەردىگارىم دەپ گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟› دەيدۇ، ئۇ كىشى: ‹شۇنداق› دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەججال ئۇ كىشىگە ئىككى شەيتاننى ئاتا - ئانىسىنىڭ سۈرىتىدە كۆرسىتىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىككىسى: ‹ئوغلۇم! ئۇنىڭغا ئەگەشكىن، ئۇ سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ› دەيدۇ»[366].

**دەججال فىتنەلىرى (4)** -مەسىھ دەججال ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر كىشىنى چاقىرىپ، ئۇنى قىلىچ بىلەن ئىككى پارچە قىلىپ تاشلايدۇ، ئاندىن كىشىلەرگە: «بۇ بەندەمگە قاراڭلار! مەن ئۇنى تىرىلدۈرىمەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ‹مېنىڭ پەرۋەردىگارىم باشقا› دەپ تۇرىۋالىدۇ» دەيدۇ. دەججال بۇ كىشىنى تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنى دەججال تىرىلدۈرمەستىن، بەلكى ئاللاھ تىرىلدۈرگەن ئىدى، لېكىن ئىپلاس دەججال ئۇ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن كىشىنى بىرلەشتۈرۈپ تىرىلدۈردۈم، دەپ تۇرىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

– پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ – دەپ سورايدۇ، ئۇ كىشى:

– پەرۋەردىگارىم ئاللاھتۇر، سەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دەججال، – دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتى دەججالنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش يوللىرى دېگەن ئورۇندا بايان قىلىنىدۇ.

## ■ دەججال توغرىسىدىكى خاتا قاراشلار

دۇنيادا ئاچارچىلىق يۈز بېرىۋاتقاندا، ئۇنىڭ تاغدەك دۆۋىلەنگەن نان

[365] مۇسلىم (2937).

[366] ئىبنى ماجە (4077). ئالبانىي: «زەئىپ» دېگەن.

ۋە تائاملىرى بولىدۇ.

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھېچكىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دەججال توغرىسىدا مەندەك كۆپ سوئال سورىغان ئەمەس، رەسۇلۇللاھ ماڭا:

- ئۇنىڭ ساڭا نېمە زىيىنى بار؟ - دېۋىدى، مەن:

- چۈنكى، كىشىلەر: ‹ئۇنىڭ دەريالىرى ۋە ناندىن بولغان تاغلىرى بار› دېيىشىۋاتىدۇ، - دېسەم، رەسۇلۇللاھ:

- ئۇ ئاللاھقا ئۇنچىلىك بولۇشتىنمۇ قەدىرسىزدۇر؟ - دېدى»[367].

## ■ دەججالنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى

دەججال بىرقانچە خىل كۈچ - قۇدرىتى، تۈرلۈك فىتنە - پاساتلىرى، شۇنداقلا كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈش ۋە چوقۇندۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغان خىلمۇخىل ئۇسۇللىرى ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى فىتنەگە تاشلايدۇ. ئۇلار ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ئازغىنە ياخشىلىقلارغا قىزىقىپ ياكى ئۇنىڭدىن كېلىدىغان بىر قىسىم يامانلىقلاردىن قورقۇپ ۋەياكى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا جەڭ ئېلان قىلىشقا قىزىقىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. يەھۇدىيلەر، مۇشرىكلار، مۇناپىقلار، بىلىمسىز ئەئرابىيلار، يۈزلىرى تېرە قالقانغا ئوخشاش كىشىلەر ۋە ئاياللار ئاشۇ ئەگەشكۈچىلەردىندۇر.

### يەھۇدىيلەر:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «دەججالغا ئىسپاھان[368] يەھۇدىيلىرىدىن يېپەك تون[369] كىيگەن 70 مىڭ كىشى ئەگىشىدۇ»[370].

[367] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7122)؛ مۇسلىم (2152).

[368] ئىراننىڭ ئوتتۇرا رايونىغا جايلاشقان بىر شەھەر.

[369] بۇ يەردىكى تون، باشقا كىيىپ بەدەنىنىڭ قالغان يېرىگە تاشلىۋالىدىغان كىيىمنى كۆرستىدۇ.

[370] مۇسلىم (2944).

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «چوقۇمكى، دەججال خۇزىستان[371] ۋە كەرمان[372] دېگەن جايلاردىن يۈزلىرى خۇددى تېرە قالقانغا ئوخشاپ قالىدىغان 70 مىڭ كىشى بىلەن چىقىدۇ»[373].

تېرە قالقانغا ئوخشىتىشتىكى مەقسەت، ئۇلارنىڭ باشلىرى دىقماق، يۈزلىرى يۇمىلاق ياكى ئېللىپىس شەكلىدە بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوۋۇزغىسى (مەڭىز سۆڭىكى) ۋە كۆز - بۇرۇن قۇرۇلمىلىرى كۆتۈرۈلۈپ چوقچىيىپ تۇرىدىغان ھەمدە كۆز ئايلانمىسى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، يۈز قىسمى كەڭرى دېمەكچى.

بۇ ئىككى سۆز دەججالغا ئەگىشىدىغان ئۇ كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىنىڭ كەڭرى، گۆشلۈك ئىكەنلىكىگە ئوخشىتىشتۇر.

**سوئال:** نېمە ئۈچۈن دەججالغا ئەگىشىدىغانلارنىڭ كۆپ قىسمى يەھۇدىيلەر؟

**جاۋاب:** چۈنكى، يەھۇدىيلەرنىڭ ئېتىقادىدا دەججال ئۇلار كۈتۈۋاتقان مەسىھتۇر.

يەھۇدىيلەر: «ئاللاھ تائالا ئۇلارغا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىدىن ئۆزلىرى كۈتۈۋاتقان پادىشاھنىڭ چىقىدىغانلىقىغا ۋە بۇ پادىشاھنىڭ ئۇلار ئۆز كىتابلىرىدا ‹مىسىياھ› دەپ ئاتىۋالغان يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن» دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ.

يەھۇدىيلەرنىڭ دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ بىرى مەسىھ دەججالنى چىقىشقا قىزىقتۇرىدىغان دۇرۇد - سالاملار مۇراسىمى بولۇپ، ئۇلار «پاسخا بايرىمى»نىڭ بىر كېچىسىنى مەخسۇس شۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا ئاجراتقان.

---

[371] هازىر ئىراننىڭ غەربى رايونى خۇزىستان دەپ ئاتىلىدۇ.

[372] ئىراننىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى بىر رايون.

[373] ئەھمەد (8223). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى ئىككى ئۇستاز (بۇخارىي بىلەن مۇسلىم) شەرتىگە چۈشىدۇ» دېگەن.

«تالمۇد» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «مەسىھ دەججال كەلگەن ۋاقىتتا زېمىن پېتىر نانلارنى، يۇڭ كىيىملەرنى ۋە ئۆكۈزنىڭ بۆرىكىدەك چوڭلۇقتىكى بۇغدايلارنى چىقىرىدۇ. شۇ چاغدا ھۆكۈمرانلىق يەھۇدىيلەرگە قايتىدۇ، بارچە ئۈممەتلەر مەسىھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھەربىر يەھۇدىينىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان 2800 خىزمەتكارى بولىدۇ. 310 كائىنات ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولىدۇ. لېكىن، مەسىھ يامانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاندىن كېلىدۇ. ئىسرائىلنىڭ كېلىشى بىلەن يەھۇدىي ئۈممىتىنىڭ كۈتكەن تىلەكلىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ كەلگەندە بۇ ئۈممەت قالغان ئۈممەتلەرگە ھۆكۈمران بولىدۇ»[374].

## كافىرلار ۋە مۇناپىقلار:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «دەججالنىڭ يەر يۈزىدە مەككە ۋە مەدىنەدىن باشقا دەسسىمەيدىغان يېرى قالمايدۇ. چۈنكى، پەرىشتىلەر يول ئېغىزلىرىدا قاتار تىزىلىپ، بۇ ئىككى شەھەرنى قوغدايدۇ. ئۇ بىر پارچە شورلۇق زېمىنغا چۈشكۈن قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەدىنە شەھىرى شەھەر ئاھالىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ قېتىم تەۋرەپ كېتىدۇ، ھەربىر كافىر ۋە مۇناپىق مەدىنەدىن چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا بارىدۇ»[375].

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق.

## بىلىمسىز ئەئرابىيلار:

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇزۇن بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «دەججالنىڭ فىتنەسىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ بىر ئەئرابىي كىشىگە:

- ئېيتقىنا، ئەگەر مەن ئاتا - ئاناڭنى تىرىلدۈرسەم، سەن مېنى

---

[374] «الكنز المرصود فى قواعد التلمود»، الفصل السابع، (المسيح وسلطان اليهود).

[375] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1881)؛ مۇسلىم (2943).

پەرۋەردىگارىم دەپ گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ – دەيدۇ، ئۇ كىشى:

– شۇنداق، – دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەججال ئۇ كىشىگە ئىككى شەيتاننى ئاتا - ئانىسىنىڭ سۈرىتىدە كۆرسىتىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىككىسى:

– ئوغلۇم! ئۇنىڭغا ئەگەشكىن، ئۇ سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ، – دەيدۇ»[376].

### يۈزلىرى تېرە قالقانغا ئوخشايدىغان كىشىلەر

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ھەقىقەتەن دەججال كۈن چىقىشتىكى خۇراسان دېيىلىدىغان جايدىن چىقىدۇ، ئۇنىڭغا يۈزلىرى قالقاندەك (كەڭ، يۇمىلاق)، گۆشلۈك بولغان كىشىلەر ئەگىشىدۇ»[377].

### ئاياللار

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دەججال مەررە قەناتتىكى شورلۇق زېمىنغا چۈشىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا چىقىدىغانلار-نىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار بولۇپ، ھەتتا ئەر كىشىلەر يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئانىسى، قىزى، ھەمشىرىسى ۋە ھامملىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، دەججالنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنى مەھكەم باغلاپ قويىدۇ»[378].

شورلۇق زېمىن بىلەن «مەررە قەنات» دېگەن جاي توغرۇلۇق يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق.

■ دەججالنىڭ زېمىندا تۇرۇش مۇددىتى

[376] ئىبنى ماجە (4077). ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

[377] تىرمىزىي (2237). تىرمىزىي: «ھەسەن غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[378] ئەھمەد (5353). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىف» دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دەججالنىڭ زېمىندا قانچىلىك تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە سورالغىنىدا:

- قىرىق كۈن، ئۇنىڭ بىرىنچى كۈنى بىر يىلدەك، ئىككىنچى كۈنى بىر ئايدەك، ئۈچىنچى كۈنى بىر ھەپتىدەك، ئاندىن قالغان كۈنلىرى سىلەرنىڭ كۈنلىرىڭلاردەك، - دېدى. ساھابەلەر:

- يارەسۇلەللاھ! بىر يىلدەك ئاشۇ بىر كۈندە بىزگە بىر كۈنلۈك ناماز كۇپايە قىلامدۇ؟ - دېگەندە:

- ياق، ئۇنىڭ (ئۇ كۈندىكى بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلىش) ئۈچۈن (ئادەتتىكى كۈنلەردەك) ۋاقىت مۆلچەرلەڭلار، - دېدى»[379].

## ■ دەججالنىڭ فىتنەسىدىن قۇتۇلۇش يولى

### ئۇنىڭغا ئۇچراپ قېلىشتىن يىراق تۇرۇش

ئىمران ئىبنى ھۇساين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دەججالنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭدىن يىراق تۇرسۇن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىشى ئۆزىنى مۇئمىن ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئېيتقان شۈبھىلىك سۆزلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىدۇ» [380].

ھەدىسنىڭ مەنىسى: دەججالنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭدىن يىراقلاشسۇن ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىسۇن! چۈنكى ئۆزىنىڭ ئىمانى كۈچلۈك دەپ ھېسابلايدىغان كىشىلەر دەججالنىڭ يېنىغا بېرىپ، سېھىرگەرلىك، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلارغا دۇچ كېلىپ، دەججالنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ياردەمچىلىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئۇممۇ شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر

[379] مۇسلىم (2937).

[380] ئەبۇ داۋۇد (4319)؛ ئەھمەد (19982). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىمام مۇسلىم شەرتىگە ئاساسەن سەنەدى سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىنسانلار دەججالدىن تاغلارغا قاچىدۇ»[381] دېگەن.

شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارغا ئادىل خەلىفە ئىمام مەھدىي يولباشچى بولىدۇ.

## ئاللاھتىن ياردەم تىلەش

ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى دەججالنىڭ ئۇتى بىلەن سىنالسا، ئاللاھتىن ياردەم تىلىسۇن»[382] دېگەن.

## ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى بىلىش

چۈنكى دەججال يەكچەشمىدۇر، ئاللاھ يەكچەشمە ئەمەستۇر، ئاللاھ بارلىق ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاكتۇر. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[«شۇرا»: 42/11].

## «كەھف» سۈرىسىنىڭ ئاۋۋالقى ئون ئايىتىنى ئوقۇش

ئەبۇددەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ‹كەھف› سۈرىسىنىڭ بېشىدىن ئون ئايەتنى يادقا ئالسا، دەججالنىڭ فىتنەسىدىن ساقلىنىدۇ»[383].

بۇ ئون ئايەت مۇنۇلاردۇر:

﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، (ئاللاھ ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرگە ئۇبدان مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىدىغانلىقى

---

[381] مۇسلىم (2945).

[382] ئىبنى ماجە (4077). ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

[383] مۇسلىم (809).

بىلەن خۇش خەبەر بېرىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد) گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى (1–2) ئۇلار (يەنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەر) جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ (3) ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگۈچىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ (4) ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بۇ بوھتانلىرىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ (5) ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن (6) ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق (7) بىز چوقۇم يەر يۈزىدىكى (دەل - دەرەخ، تاغ ۋە بىنا قاتارلىق) نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىپ، يەر يۈزىنى تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز (8) ئەسھابۇلكەھفنى ۋە رەقىم (يەنى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختا) نى (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ قىزىقى دەپ قارىدىڭمۇ؟ (9) ئۆز ۋاقتىدا بىرقانچە يىگىت غارنى پاناھ جاي قىلىۋالدى، ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن» دېدى (10)﴾.

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن كىمكى ئۇنى (يەنى دەججالنى) كۆرسە، ئۇنىڭغا ‹كەھف› سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇسۇن»[384].

بۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا بەزىلەر: «‹كەھف› سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئاللاھ تائالانىڭ غاردىكى بىرقانچە يىگىتلەرنى ئۇلارغا زۇلۇم قىلماقچى بولغان ھەددىدىن ئاشقۇچى، زالىمدىن ئەمىن قىلغانلىقى بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن» دېسە، يەنە بەزىلەر: «بۇ ئون ئايەتتە ئەسھابۇل

[384] مۇسلىم (2937).

كەھف (غاردىكى يىگىتلەر) نىڭ ئاجايىب غارايىب قىسسەسى ۋە ئۆلارنىڭ قانداق قۇتۇلغانلىقى سۆزلىنىپ، مۇسۇلمانلارغا دەججال بىلەن ئۇچراشقاندا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئەسلىتىدىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك» دەپ بايان قىلىشقان.

### «كەھف» سۈرىسىنى تولۇق ئوقۇش

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ‹كەھف› سۈرىسىنى نازىل قىلىنغىنىدەك (تولۇق ھالەتتە) ئوقۇپ، ئاندىن دەججالغا ئۇچرىسا، دەججالنىڭ ئۇ ئادەمگە كۈچى يەتمەيدۇ ياكى ئۇ ئادەمنى بويسۇندۇرالمايدۇ»[385].

### مەككە - مەدىنەنىڭ بىرىدە پاناھلىنىش

چۈنكى دەججال مەككە - مەدىنەگە كىرەلمەيدۇ.

### نامازلارنىڭ ئاخىرىدا دەججالنىڭ فىتنەسىدىن پاناھ تىلەش

تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا سالام بېرىشتىن ئىلگىرى تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇش كېرەك:

«ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ دوزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھاياتلىق ۋە ماماتلىق فىتنەسىدىن، دەججالنىڭ فىتنەسىدىن پاناھ تىلەيمەن»[386].

### دەججالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەججالنىڭ ئىشنى بايان قىلىپ تۇرۇش

سەئىب ئىبنى جەسسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دەججال كىشىلەر ئۇنىڭ

---

[385] «ئەلمۇستەدرەك» (8562). ھاكىم: «سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: («ئەسسىلسىلە-تۇسسەھىھە» ، 2651) «سەھىھ» دېگەن.

[386] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1377)؛ مۇسلىم (588).

گېپىنى قىلمايدىغان بولۇپ كەتكەندە چىقىدۇ»[387] دېگەن.

## شەرئىي ئىلىملەر بىلەن قوراللىنىش

ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش بىلەن بىرگە بولغان شەرئىي ئىلىملەر ھەرقانداق فىتنەنىڭ، شۇنداقلا دەججالنىڭ فىتنەسىنىڭ ئالدىدا قورال بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تىلغا ئالغان مەدىنەلىك باتۇر، مۇئمىن ياشنىڭ دەججالغا يۈزلىنىش قىسسەسىدە بىزگە فىتنەلەردىن ساقلىنىشتا ئىمان بىلەن بىرگە بولغان ئىلىمنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دەججال چىقىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەدىنەگە كىرىشى چەكلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەدىنەنىڭ ئەتراپىدىكى شورلۇق بىر يەرگە چۈشىدۇ. ئۇ كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

– گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سۆزلەپ بەرگەن دەججالسەن، – دەيدۇ. دەججال باشقىلارغا قاراپ:

– نېمە دەيسىلەر؟ مەن بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن تىرىلدۈرسەم، بۇ ئىشتىن شۈبھىلىنەمسىلەر؟ – دەپ سورايدۇ. ئۇلار:

– ياق، – دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەججال ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن تىرىلدۈرىدۇ. (يەنە بىر رىۋايەتتە: دەججال ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ، ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىۋېتىدۇ). (ئۇ ئادەم قايتا تىرىلگەندىن كېيىن دەججال ئۇنى چاقىرىدۇ، ئۇ ئادەم كۈلگەن ھالەتتە كېلىپ:

– ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈن مەن سېنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىڭنى - بەشرەڭنى تونۇپ يەتتىم، – دەيدۇ».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «دەججال مەيدانغا كەلگەندە، مۇئمىنلەردىن بىر

[387] ئەھمەد (16718). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىف» دېگەن.

كىشى دەججال تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. ئۇنىڭغا دەججالنىڭ پايلاقچىلىرى يولۇقۇپ:

- نەگە بارماقچىسەن؟ - دەيدۇ. مۇئمىن:

- دەججالنىڭ يېنىغا، - دەيدۇ. ئۇلار:

- بىزنىڭ رەببىمىزگە ئىمان كەلتۈرمەمسەن؟ - دەيدۇ. مۇئمىن:

- رەببىمىز يوشۇرۇن ئەمەس، - دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى:

- ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار، - دېسە، يەنە بەزىلىرى:

- رەببىڭلار سىلەرنى رۇخسەتسىز بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشۈڭلارنى مەنئى قىلغان ئەمەسمۇ؟! - دەيدۇ. ئۇلار ئۇ مۇئمىننى دەججالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. مۇئمىن دەججالنى كۆرگەندە:

- ئى خالايىق! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلەپ بەرگەن دەججال مانا مۇشۇ، - دەيدۇ. دەججالنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ قوزۇقلارغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. يەنە:

- ئۇنى تۇتۇپ باش - كۆزلىرىنى يېرىڭلار، - دەيدۇ. مۇئمىننىڭ قورساق - دۈمبىلىرىگە راسا ئۇرۇلىدۇ. دەججال:

- ماڭا ئىمان ئېيتامسەن؟ - دەيدۇ. مۇئمىن:

- سەن كاززاب دەججالسەن، - دەيدۇ. بۇيرۇق بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھەرىدىلىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىلىدۇ. ئاندىن دەججال ھەرىدىلىپ ئىككىگە بۆلۈنگەن جەسەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ مۇئمىنگە:

- تۇر، - دەيدۇ. مۇئمىن ئورنىدىن ساپساق ھالەتتە تۇرىدۇ. دەججال مۇئمىنگە:

- ماڭا ئىمان كەلتۈرەمسەن؟ - دەيدۇ. مۇئمىن:

- مېنىڭ سېنىڭ دەججال ئىكەنلىكىڭگە بولغان چۈشەنچەم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، ئى خالايىق! ئۇ ماڭا قىلغانلىرىنى ئەمدى ھېچكىمگە قىلالمايدۇ، - دەيدۇ. دەججال ئۇنى بوغۇزلىماقچى بولغاندا، ئاللاھ مۇئمىننىڭ بويىنىدىن ئومۇرەك سۆڭىكىگىچە بولغان يەرلەرنى تۇچتىن

قىلىپ قويىدۇ. دەججال مۇئمىننى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىككى قولى، ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ تاشلايدۇ، كىشىلەر دەججال ئۇنى دوزاخقا تاشلىدى، دەپ گۇمان قىلىدۇ - يۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ جەننەتكە تاشلانغان بولىدۇ». ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ نەزەرىدە شەھىد بولغانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ھېسابلىنىدۇ»[388].

بۇ ھەدىس شەرئىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ياش يىگىت دەججال توغرىسىدا مەلۇماتقا ئىگە بولمىغان بولسا ئىدى، دەججالنى بىلەلمىگەن بولاتتى. شۇڭا ناھەق ئىش قىلغۇچىلارغا قارشى تۇرىدىغان ھەربىر ئادەم شەرئىي ئىلىملەر بىلەن قوراللىنىشى كېرەك.

بۇ ياش دەججالنى ئېنىق بىلىپ، دەججالدىن باشقا كىشىنىڭ مۇشۇنداق ئۆلتۈرۈشنى ئېلىپ بارمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن. چۈنكى، بۇ ياش تالىبۇل ئىلمى بولۇپ، ھەدىس ئوقۇغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغان ياش ئىكەنلىكىنى بىلگەن.

## دەججال مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن مۇئمىنلەردەك ھازىرلىق كۆرۈش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۇلار رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇشۇپ بولۇپ، دەججال بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن سەپ تۈزۈپ تۇرۇشىغا، نامازغا تەكبىر ئېيتىلىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، ئۇلارغا ئىمام بولىدۇ»[389].

ھۇزەيفە ئىبنى ئەسىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەججالنىڭ چىقىدىغانلىقى، مەھدىي ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ دەججال بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ‹دەججال

---

[388] مۇسلىم (2938).
[389] مۇسلىم (2897).

ھەتتا مەدىنەنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، مەدىنەنىڭ سىرتىنى قول ئاستىغا كىرگۈزۈپ بولىدۇ، لېكىن مەدىنەنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ. كېيىن ئىلىيا (بەيتۇلمۇقەددەس) تېغىغا كېلىپ، بىر توپ مۇسۇلمانلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ. مۇئمىنلەر قاتتىق قىيىنچىلىققا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارغا باش بولغانلىرى: "بۇ زالىم بىلەن ئۇرۇش قىلماي نېمىنى كۈتۈپ تۇرىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قېلىپ يا شەھىد بولايلى، يا ئاللاھ بىزگە غەلىبە ئاتا قىلار" دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاڭ ئاتقان چاغدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بىرلىككە كېلىدۇ. ئاندىن ئۇلار تاڭ ئاتقۇزىدۇ ۋە ئىيسا ئەلەيھسسالامنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ...›»[390]

## مۇسۇلمانلار دەججالغا يولۇققاندا قىلىدىغان بىر قىسىم ئىشلار

ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «... ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسىدا ‹ك ف ر› دېگەن سۆز يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى ھەرقانداق مۇئمىن ئوقۇيالايدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قالسا، ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ، ‹كەھف› سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇسۇن. دەججالغا ئادەم بالىلىرىدىن بىرىنى ئۆلتۈرەلەيدىغان ئاندىن تىرىلدۈرەلەيدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بېرىلىدۇ»[391].

ئەبۇ قىلابە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابەلىرىدىن بولغان بىر كىشىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن يالغانچى ئازغۇن (دەججال) كېلىدۇ، ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئارقا تەرەپ چېچى قاتتىق بۇدۇرلۇكىدىن پاخپايغان بولىدۇ. ئۇ: ‹مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار› دەيدۇ. كىمكى: ‹سەن يالغان ئېيتتىڭ، سەن بىزنىڭ رەببىمىز ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ رەببىمىز ئاللاھتۇر، بىز ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلدۇق، ئاللاھقىلا تەۋبە قىلدۇق، ئاللاھقا سىغىنىپ سەندىن

[390] «ئەلمۇستەدرەك» (8612). ھاكىم: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.
[391] «ئەلمۇستەدرەك» (8620). ھاكىم: «مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن سەھىھ» دېگەن، زەھەبىيمۇ: «مۇسلىم شەرتىگە چۈشىدۇ» دېگەن.

پاناھ تىلەيمىز› دېسە، دەججالنىڭ بۇ كىشىگە كۈچى يەتمەيدۇ»[392].

## ■ دەججالنىڭ ھالاك بولۇشى

### دەججالنىڭ شام دىياردا ھالاك بولىدىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «دەججال شەرق تەرەپتىن چىقىپ، مەدىنەگە كىرمەكچى بولىدۇ ۋە ئۇھۇد تېغىنىڭ ئارقىسىغا چۈشىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى شام تەرەپكە ئۆرۈپ قويىدۇ، ئۇ شۇ تەرەپتە ھالاك بولىدۇ»[393].

### دەججالنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلتۈرىدىغانلىقى

مۇجەممى ئىبنى جارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى بابۇلۇدتا[394] ئۆلتۈرىدۇ»[395].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئۇلار (مۇسۇلمانلار) سەپنى تۈزەپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، نامازغا تەكبىر ئېيتىلىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ»[396].

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىر جۈپ رەڭلىك كىيىم كىيگەن، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا قويغان ھالەتتە دەمەشقنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا چۈشىدۇ. ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلسا بېشىدىن سۇ تامچىيدۇ،

---

[392] ئەھمەد (23207). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[393] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3417)؛ مۇسلىم (1380).

[394] بەيتۇل مۇقەددەسكە يېقىن بىر جاينىڭ ئىسمى.

[395] تىرمىزىي (2410). تىرمىزىي: «ھەسەن» دېگەن. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

[396] مۇسلىم (2897).

بىشىنى كۆتۈرسە مەرۋايىتتەك سۇزۇك سۇ تامچىلىرى تۆكۈلىدۇ، ئۇنىڭ تىنىقىنى ھىدلىغان كافىرلارنىڭ ھېچبىرى ھايات قالمايدۇ»[397].

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىنىقى كۆزى كۆرگەن يەرلەرگىچە بارىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ كۆزى يەتكەن جايلارنىڭ دائىرىسىدىكى كافىرلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق خەۋەر بەرگەنكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەن ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار نامازغا تەييارلىق قىلىپ بولغان بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ رەھبىرى ۋە ئىمامى مەھدىي بولىدۇ. مەھدىي ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ناماز بامداتنى باشلاي دەپ تۇرۇشىغا ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھدىي كەينىچىلەپ ئارقىغا چېكىنىپ ئىمامىلىقنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بوشىتىپ بېرىدۇ. (چۈنكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئەۋزەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئىمامىلىققا ئەۋزەل كىشىنىڭ ئۆتۈشىنى مەقسەت قىلىپ شۇنداق قىلىدۇ). ئەمما، ئىيسا ئەلەيھىسسالام قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ: ‹ئۆزۈڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىمام بولۇۋەرگىن، چۈنكى بۇ سېنىڭ› دەيدۇ. (ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن بولغان بىر كىشىنىڭ ئىماملىق قىلىشى بۇ ئۈممەت ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر ھۆرمەتتۇر). شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىمامى ئۇلارغا ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ. نامازنى ئوقۇپ بولغان چاغدا، ئىيسا ئەلەيھىسسالام: ‹ئىشىكنى ئېچىڭلار› دەپ بۇيرۇيدۇ. ئۇلار ئىشىكنى ئاچىدۇ ۋە ئىشىكنىڭ ئالدىدا دەججال ۋە قولىدا يالتىراق قىلىچ تۇتقان 70 مىڭ يەھۇدىينىڭ تۇرغىنىنى كۆرىدۇ. دەججال ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشى بىلەنلا تۇز سۇدا ئېرىگەندەك ئېرىشكە باشلايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئورنىدىن چاچراپ چىقىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى بابۇلۇدتا تۇتۇپ ئۆلتۈرگىنىدە، ئۇ تۇز سۇدا ئېرىگەندەك ئېرىشكە باشلايدۇ. لېكىن، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى (ئۇ ئېرىپ بولۇشتىن ئىلگىرى) تۇتىدۇ ۋە قولىدىكى نەيزە بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، نەيزىدىكى قان يۇقنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا

[397] مۇسلىم (2937).

يەھۇدىيلەرنى مەغلۇپ قىلىدۇ. يەر يۈزىدە يەھۇدىيلەر يوشۇرۇنۇۋالىدىغان قانداقلا نەرسە بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى سۆزلەتكۈزىدۇ، لېكىن غەرقەد دەرىخى بۇنىڭ سىرتىدا (ئۇ يەھۇدىيلەر دەرىخىنىڭ بىر تۈرىدۇر)[398].

يەنە بىر رىۋايەتتە: ھۇزەيفە ئىبنى ئەسىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دەججال ھەتتا مەدىنەنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، مەدىنەنىڭ سىرتىنى قول ئاستىغا كىرگۈزۈپ بولىدۇ، لېكىن مەدىنەنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ. كېيىن ئىلىيا (بەيتۇلمۇقەددەس) تېغىغا كېلىپ، بىر توپ مۇسۇلمانلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ. مۇئمىنلەر قاتتىق قىيىنچىلىققا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارغا باش بولغانلىرى: ‹بۇ زالىم بىلەن ئۇرۇش قىلماي نېمىنى كۈتۈپ تۇرىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يا شەھىد بولايلى، يا ئاللاھ بىزگە غەلىبە ئاتا قىلار› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاڭ ئاتقان چاغدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بىرلىككە كېلىدۇ. ئاندىن ئۇلار تاڭ ئاتقۇزىدۇ ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە: ‹ئاللاھ ھەمد ئېيتقۇچىلارنىڭ ھەمدىسىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئاللاھ دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ، مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىدۇ› دەيدۇ. ئاندىن ئۇ دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ھەتتاكى دەرەخ، تاش ۋە لايلار: ‹ئى مۇئمىن! بۇ يەھۇدىي مېنىڭ يېنىمدا ئۇنى ئۆلتۈرگىن› دەيدۇ»[399].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇنى بابۇلۇدتا تۇتۇپ ئۆلتۈرىدۇ» دەپ كەلگەن[400].

«ئاندىن كېيىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەججالنىڭ فىتنەسىدىن ساقلىنىپ قالغان بىر قەۋم كېلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىلايدۇ ۋە ئۇلارغا جەننەتتىكى دەرىجىلىرىگە قارىتا خىتاب قىلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ: ‹مەن بىر تائىپە بەندىلىرىمنى چىقاردىمكى، ھېچكىم

[398] ئىبنى ماجە (4077). ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

[399] «ئەلمۇستەدرەك» (8612). ھاكىم: «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

[400] تىرمىزىي (2410). تىرمىزىي: «ھەسەن» دېگەن. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

ئۇلارغا تەك كېلەلمەيدۇ، شۇڭا سەن بەندىلىرىمنى (يېنىڭدىكى مۆئمىنلەرنى) تۇر تېغىغا ئېلىپ كەل› دەيدۇ»[401].

بۇ بىر بۆلۈك كىشىلەر يەجۇج - مەجۇجلەردۇر. ئۇلار ھەققىدە كېيىن تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ.

■ كىشىلەرنىڭ دەججال بىلەن ئەڭ قاتتىق ئۇرۇشىدىغانلىرى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بەنى تەمىم قەبىلىسى ھەققىدە ئۈچ نەرسىنى ئاڭلىغاندىن بېرى ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىم. بىرىنچىسى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ئۈممىتىم ئىچىدە دەججال بىلەن ئەڭ قاتتىق ئۇرۇشىدىغىنى بەنى تەمىم قەبىلىسىدۇر› دېدى. ئىككىنچىسى، ئۇلارنىڭ زاكاتلىرى كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹مانا بۇ بىزنىڭ قەۋمىمىزنىڭ زاكاتلىرىدۇر› دېدى. ئۈچىنچىسى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ئۇلاردىن ئەسىر ئېلىنغان بىر ئايال بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئائىشەگە): ‹ئۇنى ئازاد قىلىڭ! چۈنكى ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن› دېدى»[402].

ئىكرىمە ئىبنى خالىد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر كىشى ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: ‹پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا بەنى تەمىم تىلغا ئېلىنىۋىدى، بىر كىشى:

– بەنى تەمىمدىن بولغان بۇ قەۋم بۇ ئىشنى (زاكاتنى) كېچىكتۈردى، – دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزەينەگە قاراپ:

– ئۇلاردىن بولغان قەۋم كېچىكتۈرۈپ باقمىدى، – دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى:

---

[401] مۇسلىم (2937).

[402] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (2543)؛ مۇسلىم (2525).

– بەنى تەمىمدىن بولغان ئاشۇ قەۋم زاكاتنى كېچىكتۈردى، – دېدى. ئاندىن بەنى تەمىمنىڭ قىزىل ۋە قارا رەڭلىك مال - چارۋىلىرى كەلگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئۇلار مېنىڭ قەۋمىمنىڭ مال – چارۋىلىرىدۇر، – دېدى. بۇ كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا بەنى تەمىمنىڭ يامان گېپىنى قىلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– بەنى تەمىم ھەققىدە ياخشىلىقتىن باشقىنى سۆزلىمىگىن، چۈنكى ئۇلار دەججالغا قارشى نەيزىلىرى ئەڭ ئۇزۇن كىشىلەردۇر، – دېدى››»[403].

## ■ دەججالنىڭ چىقىشىنى ئىنكار قىلغۇچىلار

بۇرۇن مۇئتەزىلە ۋە جەھمىيەگە ئوخشاش بەزى ئازغۇن پىرقىلەر دەججالنىڭ چىقىشىنى ئىنكار قىلغان ئىدى.

بىز تۆۋەندە دەججالنىڭ چىقىشىنى ئىنكار قىلىدىغان يېقىنقى زاماندىكى بىر قىسىم مەشھۇر كىشىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز:

### شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ[404]

ئۇ مۇنداق دېگەن: «دەججال خۇراپاتلىق، يالغانچىلىق، جادۇگەرلەرگە سىمۋول قىلىنغان»[405].

### مۇھەممەد فەھىم ئەبۇ ئەبيە

ئۇ ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «كىتابۇل مەلاھىم»دىكى دەججال ھەققىدىكى ھەدىسلەرگە قىلغان شەرھىسىدە: «دەججال دېگەنلىك

[403] ئەھمەد (17568). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[404] مۇھەممەد ئەبدۇھ ئىبنى ھەسەن خەيرۇللاھ. مۇتەپەككۇر ئالىملاردىن، قازى ۋە ئۆز زامانىدا مىسىر دىيارىنىڭ مۇپتىسى. ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ سىمۋوللىرىدىن بىرى. ئۇستازى جامالۇددىن ئافغانىي بىلەن بىللە يېڭى پىكرىي ھەرىكەتكە باشلامچىلىق قىلغان. ھ. 1323 / م. 1905 - يىلى ۋاپات بولغان.

[405] ئەللامە مۇھەممەد رەشىد رىزا: «تەفسىرۇ مانار» ، 317/6 - بەتتە ئۇنىڭدىن نەقىل قىلغان.

**فىتنە - پاسات ۋە يامانلىقلارنىڭ تارقىلىشى دېگەنلىكتۇر» دېگەن[406].**

## ئەللامە مۇھەممەد رەشىد رىزا[407]

**ئەللامە مۇھەممەد رەشىد رىزا ئىلىم ۋە پەزىلەت ئىگىسىدۇر. ئۇ: «دەججال چىقىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېچقانداق فىتنە - پاسات بولمايدۇ» دېگەن[408]. لېكىن ئۇ مۇشۇ مەسىلىدە خاتالاشقان. چۈنكى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولغان بىرەر ئىشنى ئىنكار قىلىش ئېغىر خاتالىقتۇر.**

**ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبە سۆزلەپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەقىقەتەن سىلەردىن كېيىن بىر قەۋم كېلىدۇ، ئۇلار چالما - كېسەك قىلىشنى، دەججالنى، شاپائەت قىلىشنى، قەبرە ئازابىنى ۋە جازالانغىنىدىن كېيىن دوزاختىن چىقىدىغان قەۋمنى ئىنكار قىلىدۇ»[409].**

**«چالما - كېسەك قىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ» - يەنى توي قىلغان زىناخورلارنىڭ چالما - كېسەك قىلىنىشنى ئىنكار قىلىدۇ.**

**«ئازابلانغىنىدىن كېيىن دوزاختىن چىقىدىغان قەۋمنى ئىنكار قىلىدۇ» - يەنى تەۋھىد ئەھلىدىن بولغان، دوزاخقا كىرگەن كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ دوزاختىن چىقىشى بىلەن شاپائەت قىلىنىشنى ئىنكار قىلىدۇ.**

**مەن دەججال توغرىسىدىكى سۆزۈمنى تۆۋەندىكى بەش مەسىلىنى تىلغا ئېلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:**

---

[406] «النهاية فی الفتن والملاحم»، 118/1 - ، 119.

[407] ئەللامە مۇھەممەد رەشىد رىزا ئىبنى ئەلى رىزا ئەلقەلمۇني، ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇر، ئەدىب ۋە تىلشۇناس. تېگى باغدادتىن، شامدا يېتىلگەن. كېيىن مىسىرغا يەرلەشكەن، ئىمام مۇھەممەد ئەبدۇھنىڭ شاگىرتى. «مانار» ژۇرنىلىنىڭ قۇرغۇچىسى. «مانار»دىن 34 جىلد چىققان. 12 تومدا «تەفسىرۇ مانار» يازغان، لېكىن تولۇقلىيالماي ھ. 1354 / م. 1935 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

[408] ئەللامە مۇھەممەد رەشىد رىزا «تەفسىرۇ مانار»، 490/9.

[409] ئەھمەد (156). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىف» دېگەن.

1. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «مەن سىلەرگە مېنىڭ نەزەرىمدە سىلەر ئۈچۈن دەججالدىنمۇ قورقۇنچلۇقراق ئىشنى دەپ بېرەيمۇ؟! (ئۇ بولسىمۇ) يوشۇرۇن شېرىك كەلتۈرۈشتۇر، يەنى ئۇ بىر كىشىنىڭ نامازغا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا باشقا بىر كىشىنىڭ قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكتىن نامىزىنى چىرايلىق ئوقۇشىدۇر»[410].

رىيا خەتەرلىك ئىشتۇر. ئۇ بىر كىشىنىڭ ياخشى ئەمەلنى كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى ۋە مەدھىيىلەشىنى كۆزلەپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ يوشۇرۇن شېرىك بولۇپ ئەمەللەرنى يوق قىلىۋېتىدۇ. قىيامەت كۈنى رىياخورلارغا: «سىلەر دۇنيادىكى چاغدا ئەمەلىڭلارنى كۆرسەتكەن كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، قاراپ بېقىڭلار. ئۇلاردىن مۇكاپات ئالالامسىلەر؟» دېيىلىدۇ[411].

2. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئۇممىتىم ئۈچۈن دەججالدىنمۇ قورقۇنچلۇقراق بولغىنى ئازدۇرغۇچى يولباشچىلاردۇر»[412].

ئازدۇرغۇچى يولباشچى ۋە رەھبەرلەرنىڭ ئۇممەتكە بولغان خەتىرى ناھايىتى چوڭدۇر. ئەگەر كىشىلەرگە باش بولغان ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان كىشىلەر ئازغۇن بولسا، ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدىكى كىشىلەرمۇ ئازىدۇ. ئازغۇن يولباشچىلار بەزىدە پادىشاھ، ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرگە ئوخشاش دۇنيالىق ئىشلاردا يولباشچى بولىدۇ، بەزىدە ئۆلىما ۋە دەۋەتچىلەرگە ئوخشاش دىن ئىشلىرىدا يولباشچى بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەرگە ئازغۇن رەھبەرلەر باش بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشى بۇزۇلىدۇ.

3. ئىمران ئىبنى ھۇساين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

---

[410] ئەھمەد (11270). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىف» دېگەن. «ئىبنى ماجە» ، (4204). ئالبانىي: «ھەسەن» دېگەن.

[411] ئەھمەد (23680). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى زەئىف» دېگەن.

[412] ئەھمەد (21334). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشى تاكى ئۇلارنىڭ ئاخىرى دەججال بىلەن ئۇرۇشقانغا قەدەر ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ھالدا، ھەق ئۈستىدە تۇرۇپ جىھاد قىلىپ تۇرىدۇ»[413].

يۇقىرىقى ھەدىستىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، جىھاد بۇ ئۈممەتتە ئارقا - ئارقىدىن داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋۋىلى بىلەن ئاخىرى بىر - بىرىگە باغلىنىشلىقتۇر. شۇنداقلا جىھاد تاكى بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرى دەججال بىلەن ئۇرۇشقانغا قەدەر ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

4. فىتنە - پاسات بولۇپ كەتكەن چاغدا (دىندا) مۇستەھكەم تۇرۇش شەرىئەتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەججالنىڭ فىتنىسىنى تىلغا ئالغان چاغدا: «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مۇستەھكەم تۇرۇڭلار (سەباتلىق بولۇڭلار)» دېگەن[414].

بىز فىتنە ھەققىدىكى ھەدىسلەر سەۋەبىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز ۋە ئىشەنچىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز كېرەك. بەلكى ئىمانىمىزنى كۈچەيتىشكە ۋە سەباتلىق بولۇشقا ھېرىسمەن بولۇشىمىز لازىم.

5. بىز دەججال ھەققىدىكى ھەدىستىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەردىن زامان ئاخىرىدىكى ئۇرۇشنىڭ قىلىچ، نەيزە ۋە ئاتقا ئوخشاش قوراللار بىلەن بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

---

[413] ئەبۇ داۋۇد (2484)؛ ئەھمەد (19934). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىمام مۇسلىم شەرتىگە ئاساسەن سەنەدى سەھىھ» دېگەن. «ئەلمۇستەدرەك» (2392). ھاكىم «سەھىھ» دېگەن. زەھەبىيمۇ: «ئىمام مۇسلىم شەرتى بويىچە سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

[414] مۇسلىم (2937).

## 2 - ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىنغا چۈشۈشى

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىلىك ۋە مۇقەررەب (يېقىن) پەيغەمبەرلىرىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئابىد ۋە سالىھلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان مەريەمنىڭ ئوغلىدۇر ۋە (ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن) مەريەمدىن دادىسىز تۇغۇلغان.

ئاللاھ تائالا مەريەم توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ﴿زەكەرىيا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى» دەيتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن خاھلىغان ئادەمگە (جاپا - مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ﴾[3/«ئال ئىمران»، 37].

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىدىن مەريەمگە بىر ئورۇن راسلاپ بەرگەن بولۇپ، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قىش پەسلىدە يازلىق مېۋە - چېۋىلەرنى، ياز پەسلىدە قىشلىق مېۋە - چېۋىلەرنى كۆرەتتى - دە، ھەيران قالغانلىقتىن: ﴿«ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟»﴾ دەيتتى، مەريەم: ﴿«ئۇ، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن خاھلىغان ئادەمگە (جاپا - مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ»﴾ دەيتتى. ﴿پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنى (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن) تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى. ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىللە رۇكۇ قىل»﴾[3/«ئال ئىمران»، 42، 43] دېگەن ئايەتتە پەرىشتىلەر مەريەمنىڭ ياشىغان زامانىدىكى ئاياللار ئارىسىدىن ئاللاھنىڭ تاللىشىغا ۋە دادىسىز يارىتىلىپ پەيغەمبەر بولىدىغان ﴿بۆشۈكتىمۇ، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە سۆزلەيدىغان﴾[3/«ئال ئىمران»، 46] بالىغا ئانا بولۇش سالاھىيىتىگە نائىل

بولغانلىقىنى بىشارەت بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. مەريەم بۇنداق ھۆرمەتلەشكە لايىق بولۇشى ۋە نېئمەتكە شۈكرى قىلىشى ئۈچۈن كۆپ ئىبادەت قىلىشقا، بولۇپمۇ كۆپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغان. مەريەمنىڭ پۇتلىرى ئىششىپ كەتكۈچە ناماز ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ساڭا (ئۈلگە قىلىشقا) ئەھلى جاھان ئاياللىرىدىن تۆتى كۇپايىدۇر. ئۇلار: ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە، خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە ۋە مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە قاتارلىقلاردۇر»[415].

■ مەريەمنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئېغىرئاياغ بولغانلىقى

مالائىكىلەر ئاللاھ تائالانىڭ مەريەمنى تاللاپ ئۇنىڭغا مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلىدىغان، پەيغەمبەر بولىدىغان، چىچەن، ئېسىل، پاك بىر بالىنى ئاتا قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزگىنىدە، مەريەم ياتلىق بولمىغاچقا، دادىسىز بالىلىق بولۇشتىن ھەيران قالدى. مالائىكىلەر مەريەمگە ئاللاھنىڭ ھەرنەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە بىرەر ئىشنى قىلىشنى ئىرادە قىلسا «ۋۇجۇدقا كەل» دېسە، ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى ئەسلەتكىنىدە، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، بۇ بۇيرۇقتا چوڭ سىناقنىڭ بارلىقىنى بىلدى. چۈنكى، كىشىلەر بالا توغرىسىدا ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەستىن، ئىشنىڭ زاھىرىغىلا قاراپ ئويلانماستىن، ئەقىل ئىشلەتمەستىن سۆز - چۆچەك قىلىشاتتى.

ئۇ ھەيز كۆرگىنىدە ياكى سۇ، يېمەك - ئىچمەك ئەكىلىش قاتارلىق زۆرۈر ئىشلار ئۈچۈن مەسجىدتىن سىرتقا چىقاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بەزىبىر ئىشلار ئۈچۈن ئەقسا مەسجىدىنىڭ شەرق تەرىپىگە يالغۇز چىقتى. دەل شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى مەريەمنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام مەريەمگە بىجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى. مەريەم ئۇنى كۆرۈپلا: «مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك ئاللاھقا سىغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن

[415] تىرمىزىي (4242). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)» دېدى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام مەريەمگە: «مەن ئىنسان ئەمەس، بەلكى پەرىشتىمەن، ئاللاھ تائالا مېنى سېنىڭ يېنىڭغا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، مەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىمەن» دېدى. مەريەم: «ماڭا ئەر كىشى يېقىنلاشمىغان، مەن پاھىشە قىلمىغان تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغۇل بالام بولسۇن؟!» دېدى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ پەرزەنت كۆرۈشتىن تەئەججۇبلىنىشىگە قارىتا جاۋاب بېرىپ: «ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر، لېكىن پەرۋەردىگارىڭ: ‹ئۇ ماڭا ئاساندۇر، ئۇنى كىشىلەرگە ھەر تۈرلۈك يارىتىشلارغا بولغان مۇكەممەل قۇدرىتىمىزگە دەلىل قىلدۇق› دېگەن. بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى. ئەمدى سىزدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت يارىتىدۇ. بۇ ئىش ئاللاھقا ئاسان، چۈنكى ئۇ ھەممىگە قادىر زات» دېدى.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل قىلىمىز﴾ («مەريەم»: 19/ 21) دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى، ئۇنى يارىتىشنى تۈرلۈك مەخلۇقاتلارنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئىسپاتى قىلىمىز دېگەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئەر - ئايالنىڭ ۋاستىسىسىز ياراتتى. ھەۋۋانى ئەردىن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئايالدىن ياراتتى. باشقا ئىنسانلارنى ئەر - ئايالدىن ياراتتى.

ئاللاھ تائالا مەريەمنىڭ ئىككى قات ھالىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ھەمدە ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىيساغا ھامىلىدار بولدى)﴾ («تەھرىم»: 66/ 12)[21]. يەنى جىبرىل ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى تەرىپىدىن بىر پۈۋلىۋىدى، دەم ئۇدۇل ئۇنىڭ پەرجىگە كىردى ۋە ئايال كىشى ئېرى بىلەن جىما قىلغاندا ھامىلىدار بولغاندەكلا ھامىلىدار بولدى. شۇنداق! جىبرىل ئۇنىڭ پەرجىگە ئەمەس، ياقىسىغا پۈۋلىدى. دەم پەرجىگە كىردى ۋە قارارگاھقا يول ئالدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق﴾. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مەريەم ھامىلىدار بولدى، (ئائىلىسىدىن) يىراق بىر جايغا كەتتى﴾ («مەريەم»: 19/ 22)[22]. بۇنىڭ سەۋەبى، مەريەم ھامىلىدار بولغاندا ئىچى بەكلا سىقىلىپ،

كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە سۆز - چۆچەك قىلىشىدىغانلىقىنى پەملىدى. ھامىلىدارلىقى مەلۇم بولغۇدەك بولغاندا، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق بىر جايغا غايىب بولدى.

## ■ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى

ئېيتىدۇ: ﴿تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەريەم ئېيتتى: «كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ!»﴾ «مەريەم»: 19/23

يەنى مەريەمنىڭ تولغىقى قاتتىق تۇتقاندا خورما دەرىخىگە يۆلىنىۋېلىپ كىشىلەرنىڭ ئۇنى يالغانچى دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلىپ، بۇ ئىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىشىنى ياكى بۇ دۇنيادا يارىتىلمىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿جىبرىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلدى: «غەم قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرىدىغان) بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى. خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ. (بۇ شېرىن خورمىدىن) يېگىن، (بۇ تاتلىق سۇدىن ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن، بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ (ئۇ بالا توغرۇلۇق سورىسا): مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ۋەدە بەردىم، بۈگۈن ھېچ ئادەمگە سۆز قىلمايمەن دېگىن». مەريەم بوۋاقنى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى) كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇلار ئېيتتى: «ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش قىلدىڭ. ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى»﴾ «مەريەم»: 19/24 – 28.

## ■ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆشۈكتە تۇرۇپ سۆز قىلغانلىقى

مەريەمگە قەۋمىنىڭ سۆزى ئېغىر كېلىپ سىقىلغانلىقىنى ئاللاھ تائالا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەريەم بوۋاقنى كۆرسەتتى﴾ يەنى

ئۇنىڭغا گەپ قىلىڭلار! ئۇنىڭدىن سوراڭلار، - دېدى. ﴿ئۇلار: «بۆشۈكتىكى بوۋاقىقا قانداق سۆزلەيمىز» دېدى﴾. يەنى جاۋاب بېرىشنى ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان بۆشۈكتىكى بىر بوۋاقىقا ھاۋالە قىلامسىز؟ - دېدى. ﴿بوۋاق ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتاب («ئىنجىل») نى بەردى ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ). قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقىي قىلمىدى. مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە (ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىقتا ئىرىشىمەن»﴾[19/«مەريەم»: 29 – 33].

مانا بۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان تۇنجى سۆزى: ﴿«مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن»﴾. ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېمىدى. چۈنكى، ئاللاھ يېگانىدۇر، شېرىكى يوقتۇر، خوتۇنى ياكى بالىسى يوقتۇر. جىمى مەخلۇقاتلارنى يوقتىن بار قىلغان، ھەربىر نەپسكە يول كۆرسەتكەن زات پاكتۇر.

مانا بۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىتىدۇر. ھەقتائالا دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇ ئىيسا ئىبنى مەريەمنىڭ (قىسسەسىدۇر). ئىيسا ئۇلار دەتالاش قىلىشىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئىشىنىڭ (ھەقىقىتى) ئۈستىدە ھەق گەپنى قىلدى. ئاللاھنىڭ شەنىگە بالىسى بولۇش لايىق ئەمەس، ئاللاھ (بالىدىن، شېرىكتىن) پاكتۇر، ئاللاھ بىرەر ئىش قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا ۋۇجۇدقا كەل دەيدۇ - دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ﴾[19/«مەريەم»: 34، 35].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئىيسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى ئاللاھ (ئاتا - ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دېدى - دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى (ئىيسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)﴾[3/«ئال ئىمران»: 59].

ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان نېئمەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: ئى مەريەم ئوغلى

ئېيسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېئمىتىمنى ئەسلىگىن، ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىل) بىلەن مەدەت بەردىم، (كىچىككىنىدە) بۆشۈكتە ۋە (پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ، ئەينى زاماندا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، «تەۋرات»نى ۋە «ئىنجىل»نى ئۆگەتتىم، ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ - دە، ئۇنى پۈۋلىسەڭ ئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتىڭ، ئەينى زاماندا، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلەردىن) چىقىراتتىڭ، ئەينى زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كافىرلار: «بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر» دېدى. ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا: «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدىم. ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (ئەمرىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز» دېدى﴾ 5/«مائىدە»: 110، 111.

ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى يەتكۈزگەنلىكى ھەققىدە ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئېيسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن «تەۋرات»نى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇشخەبەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى. ئېيسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى﴾ 61/«سەف»: 6.

دېمەك، ئېيسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىدۇر. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەن زاماندا ئۇنى باشقىلارنىڭ تونۇپ، ئۇ زاتقا ئەگىشىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۈپىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان بولۇپ، كېيىنكىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار ئەلچىگە - ئۇممىي[416]

[416] ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان.

پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل»لاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىېلىنغان تاقاق، كويزا - كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ 7/«ئەئراف»: 157.

ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

- بىزگە ئۆزلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىلە، - دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- مەن بوۋام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە بەرگەن بېشارىتىدە، ئانام ماڭا ئېغىرئاياغ بولغاندا ئۆزىدىن بىر نۇر چىقىپ شامدىكى بۇسرانىڭ قەسىرلىرىنى يورۇتقانلىقىنى كۆرگەن (چۈشىدە بار ئىدىم)،- دېگەن[417].

## ■ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلىشى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار مىكىر ئىشلەتتى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى)، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى (ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). ئاللاھ مىكىر قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئوبدان بەرگۈچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئىيسا! مەن سېنى ئۇخلىتىپ، دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن). سېنى كافىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن

[417] ئەھمەد (22315). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

ساقلايمەن)﴾[3/«ئال ئىمران»، 54، 55].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەنە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىيسا ئىبنى مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىيسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى (ئىيسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، ئىيسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسىلىسى) دە شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ ھەقىقىتى)نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىيسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى. بەلكى ئاللاھ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلەر ۋە ناسارالاردىن) ھەرقاندىقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىيسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىيسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلەرنىڭ ئىيسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى) غا گۇۋاھ بولىدۇ﴾[4/«نىسائ»: 157 – 159].

دېمەك، ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلىرىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇيقۇ بىلەن ۋاپات تاپقۇزغاندىن كېيىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكى، شۇ زاماندىكى كافىر پادىشاھلارنىڭ بىرىگە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى چېقىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان يەھۇدىيلەردىن قۇتقۇزغانلىقىدىن خەبەر بەردى. دەرۋەقە شۇ چاغدا كافىر پادىشاھ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە، دارغا ئېسىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ھويلىسىدا قورشىۋالىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ تېمىدىكى بىر تۆڭلۈكتىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىدا بولغان ھەمراھلىرىدىن بىر ياشنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدە قىلىپ قويىدۇ. پادىشاھنىڭ ئەۋەتكەن ئادەملىرى كىرىپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ

سۈرتىنگە ئوخشاش قىلىپ قويۇلغان ياشنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىيسا دەپ ئويلاپ قېلىپ قولغا ئالدۇ. ئاندىن ئۇنى دارغا ئاسىدۇ، خارلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا شوخا - تىكەنلەرنى قويۇشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى كۆرمىگەن ناسارالار ئامىسى يەھۇدىيلەرگە بويسۇنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ناسارالار ناھايىتى قاتتىق ئازىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئىشلارنى خەبەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلەر ۋە ناسارالاردىن) ھەرقانداق جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىيسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ﴾. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاخىر زاماندا قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئىلگىرى زېمىنغا چوقۇم چۈشىدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، كىرېستنى چېقىپ تاشلايدۇ، جىزيەنى بىكار قىلىدۇ، ئۇ پەقەت (كىشىلەردىن) ئىسلامنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

### ■ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسىھ دەپ ئاتىلىشى

«مەسىھ» ـ بەزىدە «سىلىغۇچى، سۈرتكۈچى» دېگەن مەنىدە، يەنە بەزىدە «سىلانغۇچى، سۈرتۈلگۈچى» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەسىھ» دەپ ئاتىلىشى بەلكىم مۇنداق سەۋەبلەردىن بولۇشى مۇمكىن:

ئۇ بىرەر مېيىپنى سىلاپ قويسىلا ساقىيىپ كېتەتتى. بۇ شۇنداق ئاتىلىشى سەۋەبىدىكى كۈچلۈك قاراشتۇر.

بەزىلەر: «ئۇ ‹سۈرتۈلگەن› دېگەن مەنىدە، چۈنكى ئۇ ماي سۈرتۈلگەن ھالدا تۇغۇلغان» دېگەن.

بەزىلەر: «زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئۇنى سىلاپ قويغان» دېگەن.

بەزىلەر: «ئۇ زېمىننى سىلىغان، يەنى پۈتۈن زېمىننى ساياھەت قىلىپ چۆرگىلىگەن» دېگەن.

بەزىلەر: «ئۇنىڭ پۈتىنىڭ تاپىنىنىڭ ئوتتۇرىسى يوق تۈپتۈز ئىدى» دېگەن[418].

---

[418] زۇبەيدىي: «تاج العروس»، 1750/1.

بەزىلەر: «ئۇ ‹راستچىل› دېگەنلىك بولىدۇ» دېگەن.

## ■ ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرگىنى يوق

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆلمىدى، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ھەقتە كەلگەن بەزى ئايەتلەرنى كىشىلەر توغرا چۈشىنەلمەي قالىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن:

1. ﴿إِذۡ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَىٰٓ إِنِّي مُتَوَفِّيكَ وَرَافِعُكَ إِلَيَّ وَمُطَهِّرُكَ مِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئىيسا! مەن سېنى ئۇخلىتىپ، دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن). سېنى كافىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)﴾3/«ئال ئىمران»: 55 [419].

2. بۇ ئايەتتىكى ﴿إِنِّي مُتَوَفِّيكَ﴾نىڭ مەنىسى: «مُتَوَفِّي» دېگەن سۆز «التَّوَفِّي»دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ﴿ٱللَّهُ يَتَوَفَّى ٱلۡأَنفُسَ حِينَ مَوۡتِهَا وَٱلَّتِي لَمۡ تَمُتۡ فِي مَنَامِهَا / ئاللاھ ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۇيقۇسىدا ئۆلمىگەنلىرىنىڭمۇ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان (يەنى ئەجىلى يەتكەنلەر) نىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكۈچە) قويۇپ بېرىدۇ﴾39/«زۇمەر»: 42، ﴿وَهُوَ ٱلَّذِي يَتَوَفَّىٰكُم بِٱلَّيۡلِ / ئاللاھ سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ﴾6/«ئەنئام»: 60 دېگەن ئايەتلىرىدە كەلگىنىدەك، «ئۇخلىتىش» دېگەن مەنىدە، «ئۆلۈم» دېگەن مەنىدە ئەمەس.

3. يەنە بىر قاراشتا، ﴿إِنِّي مُتَوَفِّيكَ﴾نىڭ مەنىسى: «مەن سېنى ئۆزۈم تەرەپكە ئالىمەن، قولۇمغا ئالىمەن» دېگەنلىك بولۇپ، ئەرەبلەر «پالانچى پالانچىدىن قەرزىنى تاپشۇرۇپ ئالدى» دېگەننى «تَوَفَّى فلانٌ دينه من فلانٍ» دەيدۇ.

بۇ ئىككى قاراشنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

---

[419] بۇ ئۇرۇنغا مۇناسىپ كېلىشى ئۈچۈن يەنە بىر خىل تەفسىرگە ئاساسەن «مەن سېنى ئۇخلىتىپ» دەپ تەرجىمە قىلىندى. قاراڭ: «تەفسىرۇ تەبەري» ، 7171. ت.

4. ﴿وَإِن مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ إِلَّا لَيُؤۡمِنَنَّ بِهِۦ قَبۡلَ مَوۡتِهِۦۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَكُونُ عَلَيۡهِمۡ شَهِيدٗا﴾

﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلەر ۋە ناسارالاردىن) ھەرقاندىقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىيسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىيسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلەرنىڭ ئىيسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى)غا گۇۋاھ بولىدۇ﴾[4/«نىسائ»: 159].

5. بۇ ئايەتتىكى ﴿قَبۡلَ مَوۡتِهِۦۖ﴾نىڭ مەنىسى: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈش ئالدىدا ياكى جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن» دېگەنلىك بولۇپ، يەنى ئاخىر زاماندا ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەندىن كېيىن ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئەھلى كىتابتىن ھېچكىم قالماي ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ؛ چۈنكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام پەقەت ئىسلامنىلا قوبۇل قىلىدۇ؛ (شۇ چاغدىكى) ھەربىر كافىر ئۇنىڭ تىنىقىنى ھىدلىشى بىلەنلا ئۆلىدۇ.

6. بەزىلەر ﴿قَبۡلَ مَوۡتِهِۦۖ﴾نى: «ئەھلى كىتابتىن ھەرقاندىقى ئۆلۈشتىن بۇرۇن» دەپ تەفسىرلىگەن. يەنى ئەھلى كىتابتىن ھەرقاندىقىغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنىڭغا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى، پەيغەمبەر ۋە ئىنسان ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىلاھ ئەمەسلىكى روشەن بولىدۇ - دە، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئىمان ئېيتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىمانىنىڭ ئۇنىڭغا پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، جان ھەلقۇمغا يەتكەندە تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

سوئال: ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن باشقا پەيغەمبەرلەر ئوتتۇ-رىسىدا نېمە پەرق بار؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پەيغەمبەرلەر ئۆز قەبرىلىرىدە تىرىكتۇر»[420] دېگەنىدەك، باشقا پەيغەمبەرلەرمۇ تىرىك ئەمەسمۇ؟

[420] ھافىز ئىبنى ھەجەر («فەتھۇلبارىي»، 487/6): «بۇ ھەدىسنى ئىمام بەيھەقىي ‹حياة الأنبياء بعد وفاتهم› دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلىپ: ‹سەھىھ› دەپ قارىغان» دېگەن. ئالبانىي («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 621): «سەھىھ» دېگەن.

جاۋاب: ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى تەن ۋە روھ جەھەتتىن ھەقىقىي ھاياتتۇر. باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى بولسا خاس بىر تۈرلۈك بەرزەخ (قەبرە) ھاياتىدۇر. لېكىن، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆلمىدى، قەبرىگىمۇ كىرمىدى، ئۇ تېنى ۋە روھى بىلەن ئاسماندا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا. ئەمما، باشقا پەيغەمبەرلەر بولسا ئۆلۈم سەكراتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، جانلىرى تەنلىرىدىن ئايرىلغان ھەمدە ئۇلار قەبرىلەردە مەخسۇس ھاياتقا ئىگە بولغان.

## ■ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەلىللەر

يۇقىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلەر ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەندە، ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، شەرئىي دەلىللەر ئۇنىڭ ئاخىر زاماندا چۈشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ چۈشىدىغانلىقى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىر زاماندا چۈشىدىغانلىقى ھەققىدىكى دەلىللەر كۆپ بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن:

### قۇرئاندىن دەلىللەر

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿(قۇرئاندا) مەريەمنىڭ ئوغلى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام) مىسال كەلتۈرۈلسە، ناگاھان سېنىڭ قەۋمىڭ (خۇشاللىقتىن) سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار: «بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى ئىيسامۇ؟» دېدى. ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت خۇسۇمەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر. ئۇ (يەنى ئىيسا) (ناسارالار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) پەقەت پەيغەمبەرلىك نېئمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر، ئۇنى بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر دەلىل قىلدۇق. ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە زېمىندا ئورۇنباسار بولىدىغان پەرىشتىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەتتۇق. ئۇ (يەنى ئىيسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر، ئۇنىڭغا (يەنى قىيامەتكە) شەك كەلتۈرمەڭلار. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) «ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر»﴾[43/«زۇخرۇف»: 57 – 61].

1. بۇ ئايەتتىكى ﴿وَإِنَّهُۥ لَعِلْمٌ لِّلسَّاعَةِ﴾نىڭ مەنىسى: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر» دېگەنلىكتۇر. يەنە بىر قىرائەتتە: «لَعَلَمٌ» دەپ ئوقۇلغان. يەنى يېقىنلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى ۋە ئىسپاتى.

2. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى ﴿وَإِنَّهُ لَعَلَمٌ لِلسَّاعَةِ﴾ دېگەنىنىڭ مەنىسى: قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدىغانلىقى قىيامەتنىڭ بىر ئالامىتىدۇر»[421].

ئىمام تەبەرىي[422] مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ مەنىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى كىشىلەر قىيامەتنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىدىغان بىر ئالامەتتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ چۈشۈشى قىيامەتنىڭ ئالا-مەتلىرىدىندۇر، ئۇنىڭ زېمىنغا چۈشۈشى دۇنيانىڭ يوقىلىدىغانلىقىنىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ كېلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر»[423].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەنە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىيسا ئىبنى مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ۋاھالەنكى، ئۇلار ئىيسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى (ئىيسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، ئىيسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسىلىسى)دە شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ ھەقىقىتى)نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىيسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى. بەلكى ئاللاھ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلەر ۋە ناسارالاردىن)

---

[421] ئەھمەد (2921). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى ھەسەن» دېگەن.

[422] ئىمام تەبەرىي: مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرىي (ئەبۇ جەئفەر). مۇھەددىس، تارىخشۇناس، مۇجتەھىد ۋە كاتتا مۇفەسسىر. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ھ. 310 - يىلى ۋاپات بولغان. ت.

[423] «تەفسىرۇ تەبەرىي» ، 631/21.

ھەرقانداق جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلەرنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى)غا گۇۋاھ بولىدۇ﴾«نىسائ»: 4/157 – 159.

بۇ ئايەتتىكى ﴿لَيُؤْمِنَنَّ بِهِۦ﴾ ۋە ﴿قَبْلَ مَوْتِهِۦ﴾ دېگەن ئىككى جاي ھەققىدە توختىلىمىز:

1. كۆپىنچە تەفسىرشۇناسلار: «﴿بِهِۦ﴾ ۋە ﴿مَوْتِهِۦ﴾دىكى كىشىلىك ئالماشتىن ئىسا ئەلەيھىسسالام مەقسەت قىلىنىدۇ»[424] دېگەن.

2. ﴿وَإِن مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ إِلَّا لَيُؤْمِنَنَّ بِهِۦ قَبْلَ مَوْتِهِۦ﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە ئەبۇ مالىك: «ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەندە، ئەھلى كىتابتىن ھېچكىم قالماي ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ»[425] دېگەن.

ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «دېمەك، ئاللاھ تائالا ئىشىنىڭ يەھۇدىيلەر دېگەندەك بولمىغانلىقىنى، بەلكى ئۇلارغا شۇبھە سېلىنغانلىقىنى، ئۇلار تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىتىپ قويۇلغان كىشىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى ۋە يەنە ئىسانى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن چۈشىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئاللاھ خالىسا بىز بىر ئازدىن كېيىن كەلتۈرىدىغان مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرمۇ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسىھ دەججالنى ئۆلتۈرۈدىغانلىقىنى، كىرېستلارنى چاقىدىغانلىقىنى، چوشقىلارنى ئۆلتۈرۈپ، جىزيەنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى يەنى ئىسلامدىن باشقا ھەرقانداق دىن ئەھلىدىن جىزيە قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى پەقەت ئىسلامنى ياكى قىلىچنى (ئۇرۇشنى) قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ئايەت شۇ چاغدا ئەھلى

---

[424] تەفسىرۇ تەبەري (379/9)؛ «تەفسىرۇ بەغەۋىي» ، (307/2)؛ تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر (487/1)؛ شىنقىتىي: «ئەزۋائۇل بايان» ، 231/7.

[425] تەفسىرۇ تەبەري (380/9).

كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىدىغانلىقى، ئۇلاردىن ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتماي قالمايدىغانلىقىنى خەبەر بەرگەن»[426].

سۈننەتتىن دەلىللەر

1. ھۇزەيفە ئىبنى ئەسىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز قىيامەت ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمىزغا چىقىپ:

- نېمە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. بىز:

- قىيامەت ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق، - دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- سىلەر قىيامەتتىن بۇرۇن ئون خىل ئالامەتنى كۆرمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئۇلار تۈتۈن، دەججال، غەلىتە مەخلۇق، قۇياشنىڭ مەغرىپتىن چىقىشى، مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى، يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ چىقىشى، مەشرىقتە بىر قېتىم، مەغرىبتە بىر قېتىم ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىر قېتىم يەر يۇتۇش ھادىسەسىنىڭ يۈز بېرىشى، ئەڭ ئاخىرىدا يەمەندىكى ئەدەن تەرەپتىن بىر ئوت چىقىپ، ئىنسانلارنى مەھشەرگە ھەيدىشى، - دېدى»[427].

2. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ ئادىل ھۆكۈمران بولۇپ چۈشۈشىگە ئاز قالدى. ئۇ چۈشكەندە كىرېستنى چېقىپ تاشلايدۇ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، ھېچقانداق كافىردىن جىزيە قوبۇل قىلمايدۇ. مال - دۇنيا كۆپىيىپ كېتىپ، زاكات (ياكى

[426] تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر (454/2).
[427] مۇسلىم (2901).

**سەدىقە) قوبۇل قىلىدىغان ھېچكىم تېپىلماي قالىدۇ، ھەتتا (ئۇ چاغدا قىلىنىدىغان) بىر سەجدە دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىراق بولىدۇ»[428].**

**يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئىيسا چوقۇم ئادىل ھۆكۈمران بولۇپ چۈشىدۇ، كىرېستلارنى چېقىپ تاشلايدۇ، توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، (ئۇ چاغدا مال - مۈلۈك كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئەرەبلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئەڭ ئېسىل) ياش چىشى تۆگىلەر تاشلىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم قىزىقمايدۇ. (قىيامەتنىڭ ئەنسىزلىكلىرى دەستىدىن) دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەتخورلۇق بولمايدۇ، مال - دۇنيا (نى ئېلىشقا) چاقىرسا، قوبۇل قىلىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ»[429].**

**ھەدىسنىڭ مەنىسى:**

**«كىرېستنى چېقىپ تاشلايدۇ» - كىرېست: تونۇشلۇق نەرسە بولۇپ، ئۇ ناسارالارنىڭ سىمۋولى. ناسارالار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كىرېستقا ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن دەپ دەۋا قىلىشىدۇ.**

**«توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ» - توڭگۇز ھەممىمىزگە تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ، ئىسلامدا يېيىش ھارام قىلىنغان[430]. شۇڭا ئىيسا ئەلەيھىسسالام**

---

[428] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (2222)؛ مۇسلىم (155).

[429] مۇسلىم (221).

[430] ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توڭگۇزنى ئۆلتۈرۈشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى يارىتىشىدا ھېكمەت يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ياراتقان ھەرقانداق ھايۋان يېيىلمەيدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ تائالا ئىت، بۆرە، چىۋىن ۋە پاشىلارنى يېيىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقا ئىشلار ئۈچۈن ياراتقان. توڭگۇزنىمۇ مەلۇم ھېكمەت ئۈچۈن ياراتقان، لېكىن ئۇنى يېيىش جىمى دىيانەتلەردە ھارام قىلىنغان. مەسىلەن، ئىسلامدا، يەھۇدىزم ۋە خرىستىيانىزمدا ھارام قىلىنغان. شۇنداقتىمۇ خرىستىيانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنى ھالال قىلىۋالغان. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بىر قىسىم خرىستىيانلار ھازىرمۇ توڭگۇز گۆشى يېمەيدۇ. ئىبراھىمىزمدىكىلەردىن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرمۇ توڭگۇز گۆشى يېمەيدۇ. زىرادەشتلەرمۇ يېمەيدۇ. بۇددىزمدا توڭگۇزنى تۇتۇپ بېقىشقىمۇ بولمايدۇ.

ئۇنى تېخىمۇ ھارام قىلىش، تېخىمۇ چەكلەش ئۈچۈن ئۇنى يوقىتىشقا، ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ[431].

«جىزيەنى بىكار قىلىدۇ» - جىزيە دېگەن مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەتلىرىدە تۇرىدىغان ئەھلى كىتابلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ كاپالىتى ئاستىدا تۇرغانلىقى، دۆلەتنىڭ مۇلازىمەت ۋە سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولغانلىقى ۋەجىدىن، مۇسۇلمان تىجارەتچىلەردىن زاكات ئېلىنغىنىدەك، ئېلىنىدىغان سېلىقتۇر. مانا بۇ تامامىي ئادالەتتۇر.

«ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈمران بولغاندىن كېيىن ئىنسانلاردىن ئىسلامدىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدۇ» - بۇ دېگەنلىك ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىسلامغا مەجبۇرلايدۇ دېگەننى ئۇقتۇرمايدۇ. بەلكى ئۇلار ئىختىيارلىقى بىلەن كىرىدۇ. چۈنكى، ئۆزلىرىنى بىز ئىيسانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى دەپ دەۋا قىلىدىغان ناسارالار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشكەنلىكىنى كۆرسە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا گەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىن ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگەن خاتا ئېتىقاد يوقايدۇ ۋە توغرا دىنغا ئىمان ئېيتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلەر ۋە ناسارالاردىن) ھەرقاندىقى ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا (يەنى ئىيسانىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ﴾«نىسائ»: 4/159. يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاياتى تۈگەپ، ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئەھلى كىتاب ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ. كىمكى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىسا، ئۇنداق ئادەمگە ئۇ ئۇرۇش ئاچىدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «دىن بىر بولىدۇ»[432] دەپ كەلگەن. يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە دىن بىر بولىدۇ، يەنى ئىسلاملا بولىدۇ.

---

[431] توڭگۇزنى يېيىش «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»نىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن ھارام قىلىنغان. شۇنداقتىمۇ خرىستىيانلارنىڭ بىر قىسمى ئۇنى ھالال قىلىۋالغان. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توڭگۇزنى ئۆلتۈرۈشىمۇ دەل خرىستىيانلارنىڭ ئۇنى ھالال قىلىۋالغانلىقىنى پاش قىلىپ ئۇلارنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ت.

[432] ئەھمەد (9110). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ ھەدىس» دېگەن.

«بىراخمانىزم، بۇددىزم، يەھۇدىزم، خرىستىيانىزم، سىك ۋە ئاتەشپەرەسلىك» دېگەندەك ھېچبىر (باتىل) دىن بولمايدۇ.

«(ئۇ چاغدىكى) بىر سەجدە دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ياخشىراق بولىدۇ» ـ يەنى ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئازلاپ، دۇنيا تەمەسىدە بولمىغانلىقتىن ۋە قىيامەتنىڭ يېقىنلىقىغا ئىشەنگەنلىكتىن، نامازغا ۋە بارلىق تائەت ـ ئىبادەتلەرگە ناھايىتى قىزىقىدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغدا رىزىق مول بولىدۇ، مۇسۇلمان كىشى تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىبادەتلىرىدىن مەشغۇل بولمايدۇ.

«ياش چىشى تۆگىلەر تاشلىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم قىزىقمايدۇ» ـ بۇ خىل تۆگىلەر ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مال ـ مۈلكى بولۇپ، ئەرەبلەر ئۇلارغا بەكمۇ قىزىقاتتى. دېمەك، شۇ چاغلار كەلگەندە كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ، ئۇنى بېقىپ، يېمەك ـ ئىچمەك بېرىپ يۈرمەيدۇ. ئۇ خىل تىجارەتنىمۇ قىلمايدۇ.

1. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمىرى مەھدىي ئۇنىڭغا: ‹بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسىلە› دەيدۇ. ئۇ: ‹ياق، بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ ئەمىرىسىلەر. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بۇ ئۈممەتنى ئىززەتلىگىنىدۇر› دەيدۇ»[433].
2. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىيسا ئىبنى مەريەم ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان كىشى بىز (نىڭ ئىچىمىز) دىن چىقىدۇ»[434].

---

[433] ھافىز ئەبۇ نۇئەيم ئەلئەسفەھانىي: «الأربعون فى المهدى» ، (40). ئىمام ئىبنۇلقەييىم («ئەلمەنارۇل مۇنىيف 147 - ، 148- بەتلەر) : «سەنەدى ياخشى» دېگەن. بەزى سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئالبانىيمۇ بۇنى قوللىغان.

[434] ھافىز ئەبۇ نۇئەيم ئەلئەسفەھانىي: «الأربعون فى المهدى» ، (38). مۇناۋىي («فەيزۇلقەدىير» 17/6) سەھىھ سەنەد بىلەن كەلتۈرگەن.

**ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەلىللەر مۇتەۋاتىردۇر**

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىزدىن مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر كەلگەن. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرىي، تەبەرىي، ئىبنى كەسىر، سەفارىينى ۋە شەۋكانىي[435] قاتارلىق ئالىملار بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنى مۇتەۋاتىر دېگەن[436].

ئىبنى كەسىر ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كەلگەن مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر بولۇپ، ئۇلاردا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق شەكىلدە، نەگە چۈشىدىغانلىقى، ئۇنىڭ شامغا ياكى (شامنىڭ) دەمەشقتىكى شەرقى مۇنارىنىڭ يېنىغا، بامدات نامىزىغا تەكبىر ئېيتىلىۋاتقاندا چۈشىدىغانلىقى، ‹سەھىھۇلبۇخارىي› ۋە ‹سەھىھۇ مۇسلىم›دا تىلغا ئېلىنغاندەك توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى، كرېستنى سۇندۇرىدىغانلىقى، جىزيەنى بىكار قىلىدىغانلىقى، ئىسلامدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. مانا بۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ خەبىرى، قارارى ۋە شەرىئىتىدۇر، شۇ زاماندىكى يۇقىرىقى ئىشلاردا ئىساغا بېرىلگەن رۇخسەتتۇر. شۇ ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئىللەت - نۇقسانلىرى تۈگەپ، كۆڭۈللىرىدىن شەك - شۈبھىلەر يوقايدۇ. شۇ جەھەتتىن ھەممە كىشىلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىكتىن، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئىسلامغا كىرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا: ﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلەر ۋە ناسارالاردىن) ھەرقانداق جان ئۇزۇش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ

[435] ئىمام شەۋكانىي: مۇھەممەد ئىبنى ئەلى. يەمەننىڭ ئەللامىسى، مەشھۇر مۇجتەھىد، نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ھ. 1173 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1250 - يىلى سانئادا ۋاپات بولغان. ت.

[436] «طبقات الحنابلة» ، 241/1 243؛ «مقالات الإسلاميين واختلاف المصلين» ، 345/1؛ «تەفسىرۇ تەبەرىي» ، 291/3. «تەفسىرۇ ئىبنى كەسىر» ، 223/7. «لوامع الأنهار البهية» ، 94/1، 95.

بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىيسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلەرنىڭ ئىيسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى)غا گۇۋاھ بولىدۇ﴾4/«نىسائ»: 159 دېگەن. بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئۇ (يەنى ئىيسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر﴾ 43/«زۇخرۇف»: 61. يەنى قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى ۋە دەلىلىدۇر. چۈنكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەججال چىققاندىن كېيىن چۈشىدۇ. ئاللاھ تائالا دەججالنى ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆلتۈرىدۇ. ئاللاھ ئۇ چۈشكەن كۈنلەردە يەجۇج - مەجۇجلەرنى چىقىرىدۇ. ئاللاھ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىدىن ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ»[437].

ئىسلام ئۈممىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى قىيامەتنىڭ شەكسىز يۈز بېرىدىغان ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن ھەمدە بۇ توغرىسىدا سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم ئىختىلاپ قىلمىغان.

سوئال: ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىلەن چۈشەمدۇ ياكى يېڭى شەرىئەت بىلەن چۈشەمدۇ؟

جاۋاب: ئىمام سەفارىينى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامان ئاخىرىدا چۈشۈشى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى توغرىسىدا پۈتۈن ئۈممەت بىرلىككە كەلگەن، سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان پەيلاسوپ، دىنسىز كىشىلەردىن باشقا شەرىئەت ئەھلىدىن ھېچكىم قارشى پىكىردە بولمىغان. گەرچە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان شەرىئىتى بولسىمۇ ئاسماندىن چۈشكەن ۋاقىتتا يېڭى شەرىئەت بىلەن چۈشمەستىن، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىلەن چۈشۈپ، شۇ شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىغا پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى ئىجمائىغا كەلگەن»[438].

---

[437] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە» ، 179/9.

[438] «لوامع الأنهار البهية» ، 1/ 94 - ، 95.

سىددىق ھەسەنخان مۇنداق دېگەن: «ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەدىسلەر كۆپ بولۇپ، ئىمام شەۋكانىي سەھىھ، ھەسەن ۋە (باشقا ھەدىسلەر بىلەن زەئىفلىكى يوقىلىدىغان) زەئىف ھەدىسلەردىن 29 ھەدىسنى تىلغا ئالغان. ئۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىلىرى دەججال توغرىسىدىكى ھەدىسلەردە، يەنە بەزىلىرى مەھدىي توغرىسىدىكى ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان. بۇلارغا يەنە ساھابە كىراملاردىن كەلگەن سۆزلەر ھەم قوشۇلىدۇ. چۈنكى، بۇ مەسىلىدە ئىجتىھادقا ئورۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە ساھابەلەرنىڭ سۆزى ھەدىس بولسىمۇ، ھۆكۈم جەھەتتە ھەدىس دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئاندىن ئىمام شەۋكانىي: ‹يۇقىرىدا بىز بايان قىلغان ھەدىس، ئەسەرلەرنىڭ يىغىندىسى مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يېتىدۇ. كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغانلار بۇنى بىلمەي قالمايدۇ› دېگەن»[439].

شەيخ ئەھمەد شاكىر مۇنداق دېگەن: «ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامان ئاخىرىدا چۈشۈشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇ توغرىسىدا سەھىھ خەبەرلەر كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئىختىلاپ قىلىشمىغان مەسىلىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇ سەۋەبتىن بۇ مەسىلە، ئىنكار قىلغان ئادەم مۇئمىن ھېسابلانمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارىدىغان ئەقىدە مەسىلىلىرى قاتارىدىن بولىدۇ»[440].

شەيخ ئالبانىي مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلىڭكى، دەججال ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى توغرىسىدىكى ھەدىسلەرگە ئىمان ئېيتىش ۋاجىبتۇر. سىز ھەدىس ئىلمىنى بىلمەيدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇ ھەدىسلەر ئاھادتۇر دېگەن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ قالماڭ. ئۇنداق سۆزنى دەۋا قىلغۇچىلار قاتارىدا ھەدىس يوللىرىنى تەكشۈرۈپ باققان كىشىلەر يوق. ناۋادا شۇ سۆزنى دەۋا قىلغۇچىلار ئۇبدان تەكشۈرۈپ باققان بولسا ئىدى ئۇ ھەدىسلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ۋە باشقا ھەدىس ئىماملىرى گۇۋاھلىق بەرگەندەك ئۇ ھەدىسلەرنىڭ مۇتەۋاتىر ئىكەنلىكىنى بايقىغان بولاتتى. بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزى كەسىپ ئىگىسى بولمىغان ئىشلاردا سۆزلەشكە

[439] «الإذاعة لما كان وما يكون بين يدى الساعة» ، للصديق حسن خان ، 160 - بەت.

[440] «تەپسىرۇ تەبەرىي» ، تعليق الشيخ أحمد شاكر. 460/6.

ئۇرۇنۇشى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش. ئەقىدە ئىشلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق»[441].

**سوئال: ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن ھېسابلىنامدۇ؟**

جاۋاب: ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ نەزەرىدە «يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ئۇلۇغ ئەزمى (ئىرادىلىك)» دەپ سۈپەتلەنگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاللاھنىڭ نەزەرىدە يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبىتىدە بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرگەن ھالدا ئۇنىڭغا ئۇچراشقان، شۇ ئىمانى بىلەن ۋاپات بولىدۇ. مىئراج توغرىسىدىكى ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاندىن جىبرىل مېنى ئېلىپ مېڭىپ ئىككىنچى ئاسمانغا كەلدى. جىبرىل ئاسماننى قوغدىغۇچى پەرىشتىلەردىن ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى:

- كىم سەن؟ - دەپ سورالدى. ئۇ:
- مەن جىبرىل بولىمەن، - دېدى.
- يېنىڭدا كىم بار؟ - دەپ سورىغاندى:
- مۇھەممەد بار، - دېدى.
- ئۇ ئاسمانغا ئۆرلەشكە چاقىرىلدىمۇ؟ - دەپ سورالدى. جىبرىل:
- ھەئە، - دېدى.

- قارشى ئالىمىز، ئۇنىڭ كەلگەنلىكى ئەجەب ياخشى بولدى، - دېيىلدى. ئاندىن ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى. ئىككىنچى ئاسمانغا چىقىپ، يەھيا بىلەن ئىيسانى كۆردۈم. ئۇلار ئاچا - سىڭىلنىڭ باللىرى ئىدى. جىبرىل: ‹بۇلار يەھيا بىلەن ئىيسا بولىدۇ، ئۇلارغا سالام بەرگىن!› دېدى. مەن سالام بەردىم، ئۇلار سالىمىمنى قايتۇرۇپ بولۇپ: ‹سالىھ

[441] «شرح العقيدة الطحاوية» تحقيق الشيخ الألباني، 565 - بەت.

قىرىندىشىمىزنى ۋە سالىھ پەيغەمبەرنى قارشى ئالىمىز» دېدى»[442].

■ ناسارالارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى توغرىسىدىكى ئېتىقادى

ناسارالار: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى، ئۇ كرېستلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، بۇ ئىشتىن ئۈچ كۈن كېيىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ، دادىسى ئاللاھ تائالانىڭ يېنىدا ئولتۇرغان، زامان ئاخىرىدا زېمىنغا چۈشىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بارلىق بوھتانلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. بىز ئىلگىرى ئىيسانىڭ كرېستلىنىپ ئۆلتۈرۈلمەستىن ئاسمانغان ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلىكى، لېكىن ناسارالارنىڭ ئىيسانىڭ سۈرىتىگە ئوخشىتىپ قويۇلغان باشقا بىرىنى كرېستلاپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بولغان.

ئەھلى كىتاب ئىككى مەسىھ بار دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەن

1. داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان توغرا يولدىكى مەسىھ بولۇپ، ئۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامدۇر.

2. ئازغۇن مەسىھ. ئەھلى كىتابلار: «ئۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، مەسىھ دەججالدۇر» دېگەن.

ناسارالارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى ئېتىقادى مۇ-سۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىغا بىرنەچچە جەھەتتىن ئوخشمايدۇ

ناسارالار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئېتىقاد خاتا ئېتىقادتۇر. توغرىسى بولسا ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىنسان بولۇپ، «ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر.

ناسارالار: «يەھۇدىيلەر ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كرېستلاپ ئۆلتۈردى» دەپ قارايدۇ. بۇ ئېتىقادمۇ خاتادۇر. توغرىسى بولسا يەھۇدىيلەرنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كرېستلاپ ئۆلتۈرمىگەنلىكىدۇر.

[442] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (349)؛ مۇسلىم (163).

ناسارالار: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام كىرىستىلىنىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئېتىقادمۇ ھەم خاتادۇر. توغرىسى، ئۇ كىرىستلەنمەستىن، ئۆلتۈرۈلمەستىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن.

## ■ ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدىغان زاماندا يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار

مۇسۇلمانلار ناسارالار بىلەن بولىدىغان چوڭ جەڭ ئۈچۈن يولغا چىقىپ كونىستانتىنىپولنى فەتىھ قىلىپ ئۈنى ناسارالارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالىدۇ. ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كونىستانتىنىپولنى قورال بىلەن ئەمەس، بەلكى تەكبىر، تەھلىل بىلەن فەتىھ قىلىدىغانلىقى، شەيتاننىڭ «دەججال چىقتى» دەپ چاقىرىدىغانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي مەركىزى (بازىسى) دەمەشىق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار كونىستانتىنىپولدىن دەمەشققە يېنىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئازغۇن مەسىھ دەججال چىقىپ پۈتۈن جاھاننى ئايلىنىدىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ چوڭ فىتنەسىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

تەپسىلىي بايان قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەججالنى بايان قىلغان سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «دەججال مەدىنەنىڭ سىرتىدىكى شورلۇق بىر زېمىنغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ مەدىنەگە كىرىشى مەنئى قىلىنىدۇ. مەدىنە ئۆز ئەھلىنى بىر ياكى ئىككى قېتىم تەۋرىتىدۇ. مەدىنەدىكى بارلىق مۇناپىقلار دەججالنىڭ يېنىغا چىقىدۇ. كېيىن دەججال مەدىنەدىن شام تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ، شام رايونىنىڭ بەزىبىر تاغلىق جايلىرىغا كېلىدۇ ھەمدە شام ئەھلىنى ۋە شامدا قالغان مۇسۇلمانلارنى شۇ جايدىكى تاغلاردىن بىر تاغنىڭ چوققىسىدا مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. مۇھاسىرىنىڭ ۋاقتى ئۇزىراپ كەتكەندە، مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى: «ئاللاھنىڭ دۈشمىنى سىلەرنىڭ زېمىنىڭلاردا مۇشۇنداق تۇرسا، سىلەر قاچانغىچە قاراپ تۇرۇسىلەر. ھالبۇكى، سىلەر ئاللاھ تائالا سىلەرگە شەھىدلىكنى نېسىپ قىلىش ياكى سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىق ئارىسىدا تۇرساڭلار» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆلۈم كەلگۈچە ۋەدىسىدە

مۇستەھكەم تۇرۇشقا (يەنى ئاداققىچە ئۇرۇشۇشقا) چىن كۆڭلىدىن بەيئەت قىلىشىدۇ. كىشى ئۆز ئالىقىنىنى كۆرەلمىگۇدەك دەرىجىدە قاراڭغۇلۇق قاپلاپ ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قاراڭغۇلۇق كۆتۈرۈلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇستىگە جەڭ كىيىمى كىيگەن بىر كىشىنىڭ سۈپىتىدە پەيدا بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن:

– ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! سەن كىمسەن؟ – دەپ سورايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام:

– مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى، (پۈۋلىگەن) روھى ۋە كەلىمەسى بولغان ئىيسا ئەلەيھىسسالام بولىمەن، (ئى مۇسۇلمانلار!) ئاللاھ تائالانىڭ دەججال ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرۈشى ياكى ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزۇشى ۋەياكى ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرىنى سىلەردىن توسۇپ، سىلەرنىڭ قورال - يارىغىڭلارنى ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن ھۆكۈمران قىلىپ قويۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشتىن بىرىنى تاللاڭلار، – دەيدۇ. ئۇلار:

– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۈچىنچىسىنى تاللايمىز، چۈنكى بۇ قەلب يارىمىزغا بەكرەك مەلھەم بولىدۇ، – دەيدۇ. ئۇ كۈندە شۇنداق ئىشتىھالىق، بەستلىك، ئېگىز، قاۋۇل يەھۇدىيمۇ قورقۇنچتىن قىلىچىنىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇلارغا قارشى ئاتلىنىپ ئۇلارغا ھۆكۈمران بولىدۇ ھەمدە دەججال، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ھامان قوغۇشۇن ئېرىگەندەك ئېرىشكە باشلايدۇ. ئۇ ئېرىپ بولغۇچە ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ»[443].

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەججالنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىكى قىيامەتنىڭ بىرىنچى چوڭ ئالامىتى دېگەن جايدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

## ■ ئىيسا ئەلەيھىسسالام قانداق چۈشىدۇ، قەيەرگە چۈشىدۇ؟

[443] ئىبنى ئەبى شەيبە (20834). مەئمەر «جامىئ»دە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىبنى كەسىر: «ئۇستازىمىز زەھەبىي: <سەنەدى كۈچلۈك> دېگەن» دېگەن.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام زەرچىۋە ۋە زەپەر بىلەن بويالغان ئىككى كىيىمنى كىيگەن ھەمدە ئىككى قولىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ قانىتىغا قويغان ھالدا دەمەشقنىڭ شەرقىدىكى ئاق مۇنارغا چۈشىدۇ.

ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدىغان ئورۇن توغرىسىدىكى مەشھۇر قاراش ئۇنىڭ دەمەشقنىڭ شەرقىدىكى ئاق مۇنارغا چۈشىدىغانلىقىدۇر. ئۇ نامازغا تەكبىر ئوقۇلۇپ بولغان ۋاقىتتا چۈشىدۇ. ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى: ‹ئى ئاللاھنىڭ روھى! (نامازغا ئىمام بولۇشى ئۈچۈن) ئالدىغا ئۆتكىن› دەيدۇ. ئەمما ئىيسا ئەلەيھىسسالام: ‹سەن ئۆزۈڭ ئالدىغا ئۆتكىن، چۈنكى تەكبىر سەن ئۈچۈن ئوقۇلغان› دەيدۇ».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «سىلەر بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ ئەمىرىسىلەر. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بۇ ئۇممەتنى ئىززەتلىگىنىدۇر» دەپ كەلگەن.

ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ھىجرىيە 741 - يىلى ئۇ مۇنار ئاق تاشتىن قايتا يېڭىلىنىپ، ئۇنى يېڭىلاشقا ئەسلىدىكى مۇنارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ناسارالارنىڭ ماللىرى سەرپ قىلىنغان. بۇ جاينى ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈپ، ناسارالاردىن جىزيە قوبۇل قىلماي، چوشقىلارنى ئۆلتۈرۈپ، كىرېستلارنى سۇندۇرۇشى ئۈچۈن ناسارالارنىڭ ئۆز مېلىدىن ئاق مۇنارنى سېلىشقا تەييارلىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىشلار پەيغەمبەرلىكنىڭ روشەن دەلىللىرىدىن بولۇشى مۇمكىن»[444].

مەن (ئاپتور) شەخسەن ئۆزۈم شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قارىشىدا «ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدىغان مۇنار» دەپ مەشھۇر بولغان دەمەشقنىڭ شەرقىدىكى ئاق مۇنارنى زىيارەت قىلدىم. مەن: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدىغان ئۇ مۇنار مەسجىدنىڭ ئۈستىدىكى مۇنار ئەمەس، بەلكى بازارنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى مۇنارمىكىن» دەپ ئويلىدىم. ئاق مۇنار بىنا قىلىنغان مەھەللە ئاھالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ناسارالاردۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدىغان مۇنار مۇشۇ مۇنارمۇ ياكى

[444] ئىبنى كەسىر: «النهاية فى الفتن والملاحم» ، 192/1.

باشقا بىر مۇنارمۇ؟ ئۇنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

بەزىلەر: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەمەشقتىكى ئۇمەۋىيلەر جامەسىنىڭ مۇنارلىرىدىن بىرىگە چۈشىدۇ» دېگەن. مەن بۇ ھەقتە ھېچقانداق بىر سۆزنى كېسىپ ئېيتالمايمەن. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## ■ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدەن سۈپەتلىرى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىنىڭ ئېنىق، روشەن بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ۋە چۈشىدىغان شارائىتلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرا بوي، رەڭگى قىزىل ۋە ئاقچا مايىل، كۆكرىكى كەڭ، چېچى تۈز، بۇدرە ئەمەس، بېشىغا سۇ تەگمىسىمۇ سۇ تامچىلايدىغاندەك تۇرىدىغان كىشىدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن ئىسرا كېچىسى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغىنىمدا مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملار بىلەن كۆرۈشتۈم» دېگەن ھەمدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەپ: «ئۇ ئوتتۇرا بوي، تېنى قىزغۇچراق، خۇددى ھېلىلا مۇنچىدىن چىققاندەك (پارقىراپ تۇرىدىغان پاكىز كىشى) ئىدى» دېگەن[445].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن ئىيسا، مۇسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاملار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆڭى قىزغۇچ، چېچى تۈز، دولىسى كەڭ ئىدى»[446] دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «چۈشۈمدە ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىدا تۇرۇپتىمەن، قۇرەيشلىكلەر مەندىن ئىسرائ توغرىسىدا سوراۋېتىپتۇ. قۇرەيشلىكلەر مەندىن بەيتۇلمۇقەددەس توغرىسىدا كۆپ

---

[445] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخاري (3437)؛ مۇسلىم (168).

[446] بۇخاري (3438).

نەرسىلەرنى سورىدى. مەن ئىلگىرى تارتىپ باقمىغان ئىنتايىن ئېغىر غەم تارتتىم. ئاللاھ تائالا ماڭا بەيتۇلمۇقەددەسنى خۇددى كۆز ئالدىمدا تۇرغاندەك قىلىپ كۆتۈردى (كۆرسەتتى). قۇرەيشلىكلەر مەندىن بەيتۇلمۇقەددەس توغرۇلۇق ھەرقانداق سوئال سورىسا، ئۇلارغا جاۋاب بېرەتتىم ۋەيەنە بىر بۆلەك پەيغەمبەرلەر ئىچىدە تۇرۇپتىمەن. قارىغۇدەك بولسام مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇ بويى ئۇزۇنراق، چېچى تارالغان، خۇددى شەنۇئەلىك (دارازا) كىشىلەرگە ئوخشايتتى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامۇ ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد سەقەفىي ئۇنىڭغا ھەممىڭلاردىن بەكرەك ئوخشايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامۇ ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. ئاراڭلاردا مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئوخشايمەن. ناماز ۋاقتى بولۇپ، مەن ئۇلارغا ئىمام بولدۇم. نامازنى ئوقۇپ بولغانىدا، بىرەيلەن: ‹ئى مۇھەممەد! بۇ بولسا دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىدۇر، ئۇنىڭغا سالام بەرگىن!› دېدى. مەن ئۇنىڭغا قارىشىمغىلا ئۇ ئالدى بىلەن سالام قىلدى»[447].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن كېچىدە چۈشۈمدە كەئبەنىڭ يېنىدا تۇرۇپتىمەن. (ئۇ يەردە) بۇغداي ئۆڭلۈك بىر كىشىنى كۆردۈم. ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك كىشىلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقىدەك قىلاتتى. چېچى تارالغان، ئۇزۇنلۇقىدىن دولىسىغا چۈشكەن، چېچىدىن سۇ تېمىپ تۇرغان ئىدى، ئىككى قولىنى ئىككى ئەرنىڭ مۈرىسىگە قويغان ھالدا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتاتتى.

– بۇ كىم؟ – دېسەم:

– مەسىھ ئىيسا ئىبنى مەريەم، – دەپ جاۋاب بېرىلدى. ئۇنىڭ كەينىدە يەنە بىر كىشىنى كۆردۈم. ئۇ كىشىنىڭ چېچى بۇدرە، قىسقا ۋە ئوڭ كۆزى كور ئىدى. ئاراڭلاردىن ئىبنى قەتەن ئۇنىڭغا بەك ئوخشايدۇ. (ئۇمۇ) ئىككى قولىنى ئىككى ئەرنىڭ مۈرىسىگە قويغان ھالدا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتاتتى.

– بۇ كىم؟ – دېسەم:

---

[447] مۇسلىم (172).

– بۇ مەسىھ دەججال، – دەپ جاۋاب بېرىلدى»[448].

بەزى كىشىلەر بۇ ھەدىسنى ئېنىق چۈشىنەلمەي: «دەججال مەسىھ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرسە، قوغۇشۇن ئېرىگەندەك ئېرىپ كېتىدىغان تۇرسا، قانداقسىگە ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولۇپ قالىدۇ، تېخى يەنە دەججالنىڭ مەككەگە كىرىشى مەنئى قىلىنغان تۇرسا، قانداقسىگە كەئبەنىڭ يېنىدا بولىدۇ» دەپ سورىشى مۇمكىن؟

بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب شۇكى، بۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشىدە كۆرگەن ئەھۋاللاردۇر، ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئەمەس.

■ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەن ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان ئىشلار

ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ دەججالنى ئۆلتۈرۈپ مۇئمىنلەرنىڭ ئىشلىرى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرقانچە ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇ چاغدا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مۇھىم ئىشلار يۈز بېرىدۇ:

1. ئىسلامنى ھۆكۈمران قىلىش، كىشىلەرنى شەرىئەتكە بويسۇندۇرۇش، باتىل دىنلارنى يوقىتىش؛

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ ئادىل ھۆكۈمران بولۇپ چۈشۈشىگە ئاز قالدى. ئۇ چۈشكەندە كرېستنى چېقىپ تاشلايدۇ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ»[449].

2. ئاللاھنىڭ كەلىمەسىنى ئۈستۈن قىلىش، يەھۇدىي - ناسارالارنىڭ دەۋاسىنى يالغانغا چىقىرىش ۋە جىزيەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛

---

[448] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3440)؛ مۇسلىم (169).

[449] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (2222)؛ مۇسلىم (155).

3. دەججالنى ئۆلتۈرۈش؛

4. كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئادالەت ۋە تىنچلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش؛

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەر بىر ئىنسانىنىڭ باللىرىدۇر (يەنى ھەممىسىنىڭ ئىلىپ كەلگەن دىنى بىردۇر). ئۇلارنىڭ ئانىلىرى باشقا - باشقىدۇر (يەنى ئېلىپ كەلگەن دىنى بىر، ئەمما شەرىئەتلىرى ئوخشاش ئەمەستۇر). ئۇلارنىڭ دىنى بىردۇر. شەكسىزكى، مەن مەريەم ئوغلى ئىيساغا ئەڭ يېقىن كىشىدۇرمەن. چۈنكى، ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدا ھېچقانداق پەيغەمبەر يوق. ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشىدە شەك يوقتۇر. سىلەر ئۇنى كۆرگەن ۋاقتىڭلاردا تۆۋەندىكى ئالامەتلەردىن تونۇۋېلىڭلار: ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، رەڭگى ئاقۇش قىزىل كىشىدۇر، ئۈستىگە سارغۇچ رەڭلىك ئىككى قۇر كىيىم كىيىدۇ، ئۇنىڭ چېچى ھۆل بولمىسىمۇ ھەممىشە سۇ تېمىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ كىرېستلارنى چېقىپ تاشلايدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيەنى بىكار قىلىدۇ، كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ زامانىدا ئىسلامدىن باشقا ھەممە دىنلارنى ۋە دەججالنى يوقىتىدۇ. ئاندىن يەر يۈزىدە خاتىرجەملىك بەرپا بولىدۇ. ھەتتا يىلپىز، يولۋاس ۋە بۆرىلەر قوي - تۆگىلەر بىلەن بىرگە ياشايدۇ، كىچىك باللار يىلانلار بىلەن ئوينايدۇ، يىلانلار باللارغا چېقىلمايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام زېمىندا 40 يىل تۇرغاندىن كېيىن ۋاپات بولىدۇ، ئۇنىڭ نامىزىنى مۇسۇلمانلار چۈشۈرىدۇ»[450].

5. باياشاتچىلىق ۋە ئادالەتنىڭ تارقىلىشى؛

6. قۇرەيش ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىششى؛

ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىيسا ئىبنى مەريەم مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە ئادىل ئىمام ۋە ھۆكۈمدار بولىدۇ، كىرېستلارنى

---

[450] ئەھمەد (9259). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

چىقىپ تاشلايدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، سەدىقىنى ئالىدىغان ئادەم چىقماي قالىدۇ، كىشىلەرنىڭ قوي - تۆگە بېقىشقا ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك كۆتۈرۈلىدۇ، ھەرقانداق زەھەرلىك ھايۋاننىڭ زەھىرى يوق قىلىنىدۇ، ھەتتا كىچىك بالا قولىنى يىلان ئۇۋىسىغا كىرگۈزسىمۇ يىلان ئۇ بالىغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، كىچىك بالا شىر بىلەن ئوينىسىمۇ شىر ئۇ بالىغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، بۆرە خۇددى قويغا قارايدىغان ئىتقا ئوخشاش قويلار ئارىسىدا بولىدۇ. قاچا سۇغا تولغاندەك زېمىن تىنچلىققا تولىدۇ، يەر يۈزىدە دىن بىرلىكى بولۇپ، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلىنمايدۇ. ئۇرۇش توختايدۇ، قۇرەيشنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تارتىۋېلىنىدۇ. زېمىن كۈمۈش قاچىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆسۈملۈكلىرى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ھەتتا بىرقانچە كىشى جەم بولسا بىر ساپاق ئۈزۈمگە تويىدۇ، بىرقانچە كىشى يىغىلسا بىر ئانارغا تويىدۇ. ئۆكۈز مۇشۇنداق - مۇشۇنداق پۇلغا كېلىدۇ، ئات بىرنەچچە تەڭگىگە كېلىدۇ»[451].

7. كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئۆچمەنلىك، ھەسەت ۋە ئاداۋەتنىڭ يوقىلىشى؛

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى تۇرمۇشقا خۇش مۇبارەك بولسۇن! ئاسمان ئۇچۇن يامغۇر يېغىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، زېمىن ئۇچۇن ئۆسۈملۈك ئۈندۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ھەتتا سەن ئۇرۇقنى سافا تېغى ئۈستىگە تېرىساڭمۇ ئەلۋەتتە ئۈنىدۇ. بىر كىشى شىرنىڭ يېنىدىن ئۆتسىمۇ، شىر ئۇ ئادەمگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ، بىر كىشى يىلانغا دەسسىگەن بولسىمۇ يىلان ئۇ ئادەمگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ئاداۋەت، ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك يوقىلىدۇ»[452].

---

[451] ئىبنى ماجە (4077). ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

[452] دەيلەمىي: «ئەلفىردەۋس» ، (3943). ئالبانىي («سەھىھۇلجامىئ» ، 7366): «سەھىھ» دېگەن.

**8.** ئۇرۇش ۋە جەڭلەرنىڭ توختىشى؛

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىيسا ئىبنى مەريەم مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە ئادىل ئىمام ۋە ھۆكۈمدار بولىدۇ، كىرىستلارنى چېقىپ تاشلايدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، تىنچلىق ئەسلىگە كېلىدۇ. قىلىچلار ئورغاق قىلىنىدۇ، ھەرقانداق زەھەرلىك ھايۋاننىڭ زەھىرى يوق بولىدۇ، ئاسمان رىزقىنى چۈشۈرىدۇ، زېمىن بەرىكىتىنى چىقىرىدۇ، ھەتتا نارەسىدە باللار يىلانلار بىلەن ئوينايدۇ، قويلارنى بۆرىلەر باقىسىمۇ، شىرلار كالىلارنى باقسىمۇ زىيان يەتكۈزمەيدۇ»[453].

■ ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ياشىغان كىشىنىڭ مەرتىۋىسى

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە ئىككى تۈرلۈك جامائەت بار بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى دوزاختىن ساقلايدۇ. ئۇلار بولسا ھىندى زېمىنىغا غازات قىلىپ بارىدىغان جامائەت ۋە ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام بىللە بىلەن بولىدىغان جامائەتتۇر»[454].

■ زېمىنغا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشىدىكى ھېكمەت

بەلكىم سىز پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىن پەقەت ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئاخىر زاماندا زېمىنغا چۈشۈش ئۈچۈن تاللانغانلىقى ھەققىدە سورىشىڭىز مۇمكىن، بىر قىسىم ئۆلىمالار پەقەت ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭلا زېمىنغا چۈشۈشىدىكى ھېكمەتنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان: «بۇ يەھۇدىيلەرنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق، دېگەن بىلجىرلاشلىرىغا قارىتا يەھۇدىيلەرگە بەرگەن رەددىيە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى، شۇنداقلا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ

---

[453] ئەھمەد (10266). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

[454] ئەھمەد (3124). ئالبانىي: («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە»، 559/4) «سەھىھ» دېگەن.

ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ كاتتىۋېشى بولغان دەججالنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان». بۇ قاراشنى پەقەت هافىز ئىبنى هەجەرلا كۈچلۈك دەپ قارىغان.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ «ئىنجىل»دىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلىقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ﴾[«فەتھە»: 48/29] دېگەن سۆزىدە كەلگىنىدەك، ھەقىقەتەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنىڭ «ئىنجىل»دا بايان قىلىنغان پەزىلىتىنى بىلگەچكە، ئاللاھ تائالاغا ئۆزىنى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشقا دۇئا قىلغان. ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىسلام دىنىدىن ئۆچۈپ كەتكەن تەرەپلەرنى يېڭىلىغان ھالدا چۈشۈشى ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى ئۇنىڭ ئەجىلىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، تۇپىدىن يارىتىلغان مەخلۇق پەقەت تۇپىدىلا ئۆلۈپ، تۇپىغىلا (زېمىنغىلا) دەپنە قىلىنىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى دەججالنىڭ چىقىشىغا ئۇدۇل كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ.

ھەقىقەتەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ ناسارالارنى يالغانغا چىقىرىدۇ. ناسارالارنىڭ «ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزىنىڭ يالغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئىسلامدىن باشقا بارلىق دىنلار ھالاك بولىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام كرېستنى چېقىپ تاشلايدۇ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈرلۈك باغلىنىش بار. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن ئىيسا ئىبنى مەريەمگە كىشىلەرنىڭ ئەڭ يېقىنراقىدۇرمەن. چۈنكى، مەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر

پەيغەمبەر يوق»[455].

دېمەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەرنىڭ ئەڭ خاسراقى ۋە ئەڭ يېقىنراقىدۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكى بىلەن بېشارەت بەرگەن، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تەستىقلاشقا ۋە ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرغان. بۇ ھەقتە ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا مەريەم ئوغلى ئىيسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن ‹تەۋرات›نى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇشخەبەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى. ئىيسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى﴾[61/«سەف»: 6].

بىر ھەدىستە ساھابەلەر:

– ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە ئۆزلىرى ھەققىدە خەبەر بەرسىلە، – دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– مەن بوۋام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ۋە قېرىندىشىم ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشارىتىدۇرمەن، – دەپ جاۋاب بەرگەن[456].

- پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىزدىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈشىمىزنى تەلەپ قىلغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹پات ئارىدا ئىيسا (ئىبنى مەريەم) ئەلەيھىسسالام زېمىنغا چۈشۈپ، ئادىل ئىمام ۋە ھۆكۈمران بولىدۇ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ، كىرىستنى چېقىپ تاشلايدۇ ۋە دىن بىر بولىدۇ (يەنى ئىسلام دىنىلا بولىدۇ)، سىلەر ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھتىن (يەنى

[455] ئەھمەد (9259). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

[456] ئەھمەد (22315). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ لىغەيرىھى» دېگەن.

مەندىن) سالام دەڭلار ۋە سالام يەتكۈزۈڭلار، ئۇ مىنى تەستىقلايدۇ› دېگەن». (ئەبۇ ھۇرەيرەدىن بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان كىشى مۇنداق دېگەن): «ئەبۇ ھۇرەيرە سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چاغدا: ‹ئۇنىڭغا مەندىن سالام يەتكۈزۈڭلار› دېگەن ئىدى»[457].

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «مەن ئۆمرۈمنىڭ ئۇزۇن بولۇپ ئىيسا ئىبنى مەريەمگە ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر مەن ۋاپات بولۇپ كەتسەم، سىلەردىن كىم ئۇنىڭغا ئۇچرىشالىسا، ئۇنىڭغا مەندىن سالام يەتكۈزۈپ قويسۇن»[458].

## ■ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىنغا چۈشكىنىدىن كېيىن زېمىندا تۇرۇش مۇددىتى

ئىيسا ئەلەيھىسسالام زېمىندا قىرىق يىل تۇرىدۇ، كىشىلەر باياشاتلىق، تىنچلىق ۋە ئادالەت ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ مەزمۇننى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەر بىر ئىنسانىنىڭ باللىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئانىلىرى باشقا - باشقىدۇر. ئەمما، دىنى بىردۇر. شەكسىزكى، مەن مەريەم ئوغلى ئىيساغا ئەڭ يېقىن كىشىدۇرمەن. چۈنكى، ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدا ھېچقانداق پەيغەمبەر يوق. ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشىدە شەك يوقتۇر. سىلەر ئۇنى كۆرگەن

---

[457] ئەھمەد (9110). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ ھەدىس» دېگەن.

[458] ئەھمەد (7957). ھەيسەمى: «بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد مەرفۇئ ۋە مەۋقۇف رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككى سەنەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر» دېگەن. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ، لېكىن بۇنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ياكى ساھابەنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىدە قاراش ئوخشاش ئەمەس» دېگەن. شەيخ ئەھمەد شاكىر پەيغەمبەرنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى تەرجىھ قىلغان. ئەنۋەر شاھ كەشمىرىي: «بۇ ساھابەنىڭ سۆزىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسيا ئەلەيھىسسالام چۈشۈشتىن بۇرۇن ۋاپات تاپقانلىقى كۆپلىگەن ھەدىسلەردە كەلگەن» دېگەن.

ۋاقىتلاردا تۆۋەندىكى ئالامەتلەردىن تونۇلار: ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، رەڭگى ئاقۇش قىزىل كىشىدۇر، ئۇستىگە سارغۇچ رەڭلىك ئىككى قۇر كىيىم كىيىدۇ، ئۇنىڭ چېچى ھۆل بولمىسىمۇ ھەمىشە سۇ تېمىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ كىرېستنى چېقىپ تاشلايدۇ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيەنى بىكار قىلىدۇ، كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ زامانىدا ئىسلامدىن باشقا ھەممە دىنلارنى ۋە دەججالنى يوقىتىدۇ. ئاندىن يەر يۈزىدە خاتىرجەملىك بەرپا بولىدۇ. ھەتتا يىلپىز، يولۋاس، بۆرىلەر قوي - تۆگىلەر بىلەن بىرگە ياشايدۇ، كىچىك باللار يىلانلار بىلەن ئوينايدۇ، يىلانلار باللارغا چېقىلمايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام زېمىندا 40 يىل تۇرغاندىن كېيىن ۋاپات بولىدۇ، ئۇنىڭ نامىزىنى مۇسۇلمانلار چۈشۈرىدۇ»[459].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇ (يەنى ئىيسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر﴾[«زۇخرۇف»: 60/43] دېگەن سۆزىنىڭ تەفسىرى ھەققىدە: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ زېمىندا 40 يىل تۇرىدۇ، ئەنە شۇ 40 يىل تۆت يىلغا ئوخشاش بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەج ۋە ئۆمرە قىلىدۇ» دېگەن[460].

## ■ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج قىلىشى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىيسا ئىبنى مەريەم ھەج ياكى ئۆمرە ۋەياكى ھەر ئىككىسىنى بىرلىكتە ئادا قىلىش ئۈچۈن رەۋھا كوچىسىدا چوقۇم تەلبىيە ئېيتىدۇ» دېگەن[461].

يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام رەۋھا كوچىسىدىن ھەجگە ئېھرام باغلايدۇ. رەۋھا كوچىسى – مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى يولدۇر.

---

[459] ئەھمەد (9259). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

[460] سۇيۇتىي: «الدر المنثور» ، 223/13. ئەبد ئىبنى ھۇمەيد رىۋايەت قىلغان. بۇ ئۆز رايى بىلەن دەۋالىدىغان مەسىلە بولمىغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ھېساباتا بولىدۇ.

[461] مۇسلىم (1228).

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىھرامى «ھەج تەمەتتۇئ» ئۈچۈن بولۇپ، ھەج بىلەن ئۆمرەنىڭ ئارىسىنى ئىھرامدىن چىقىش بىلەن ئايرىۋېتىدۇ ياكى ھەج بىلەن ئۆمرەگە بىراقلا ئىھرام باغلايدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىيسا ئىبنى مەريەم چوقۇم ئادىل ئىمام ۋە ھۆكۈمران بولۇپ چۈشىدۇ. ھەج قىلىش ياكى ئۆمرە قىلىش، ياكى ئىككىسىنى تەڭلا قىلىش ئۈچۈن رەۋھا كوچىسىدىن ماڭىدۇ. مېنىڭ قەبرەمگە كېلىپ ماڭا سالام قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭغا سالام قايتۇرىمەن». ئەبۇ ھۇرەيرە: «ئەي قېرىندىشىمنىڭ بالىلىرى! ئەگەر سىلەر ئىيسا ئىبنى مەريەمنى كۆرەلىسەڭلار، ‹ئەبۇ ھۇرەيرە ساڭا سالام دېدى› دەپ قويۇڭلار» دېگەن ئىدى[462].

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

[462] «ئەلمۇستەدرەك» (4162). ھاكىم، زەھەبىيلەر: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

# 3 -يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ چىقىشى

يەجۇج - مەجۇجلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسىدە كەلگىنىدەك، ئىككى چوڭ قەبىلە ياكى ئادەم ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىككى خەلقتۇر. ئەمما، ئۇلار ھەققىدە بەزى كىتابلاردا كەلگەن: «ئۇلارنىڭ بەك پاكار ۋە كىچىكلىرى ۋە يەنە بەك چوڭلىرى بار، بەزىلىرى بىر قۇلىقىنى كۆرپە، يەنە بىر قۇلىقىنى يوتقان قىلىپ ياتىدۇ...» دېگەندەك گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئاساسى يوقتۇر. ئۇلار ئادەم ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىكەن، ئەلۋەتتە ئادەم بالىلىرىنىڭ قىياپىتىدە بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار زۇلقەرنەيىننىڭ ۋاقتىدا زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغان خەلق بولغاچقا، يەجۇج - مەجۇجلەرگە قوشنا خەلقلەر زۇلقەرنەيىندىن ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ زېمىنلىرىغا كېلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشلىرىدىن چەكلەش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىغا توسما سېلىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئاخىر زاماندا، ئىيسا ئەلەيھىسسالام زېمىنغا چۈشكەندىن كېيىن، يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ چىقىدىغانلىقى، ئاندىن زېمىنغا تارىلىپ مەريەم ئوغلى ئىيسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدىغان مۇئمىنلەرنى بەيتۇلمۇقەددەستىكى بىر تاغقا قورشىۋالىدىغانلىقى، مۇئمىنلەرنىڭ ناھايىتى تەس ئەھۋالدا قالىدىغانلىقى، دەل شۇ چاغدا ئاللاھ تائالانىڭ يەجۇج - مەجۇجلەرگە ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى يەيدىغان قۇرتلارنى ئەۋەتىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئادەم ئۆلگەندەكلا بىراقلا ئۆلىدىغانلىقى، شۇنداق قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھەمراھلىرىنى ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن خەبەر بەرگەن. تۆۋەندە مۇشۇ ۋەقەلىكلەر ھەققىدە بىرمۇ - بىر توختىلىمىز.

### ■ يەجۇج - مەجۇجلەرگە قارشى توسما سېلىش قىسسەسى

ئاللاھ تائالا سالىھ پادىشاھ زۇلقەرنەيىننىڭ تارىخىي ۋەقەلىكىدە

مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن ئۇ (ئاللاھ ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى. زۇلقەرنەين ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئىككى تاغ ئالدىدا ھېچقانداق سۆزنى چۈشەنمەيدىغان (يەنى ئۆزىنىڭ تىلىدىن غەيرىي تىلنى بىلمەيدىغان) بىر قەۋمنى ئۇچراتتى. ئۇلار: «ئى زۇلقەرنەين! يەجۇج - مەجۇجلەر يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا بىر قىسىم مىلىمىزنى (باجغا ئوخشاش) تۆلىسەك بولامدۇ؟» دېدى. زۇلقەرنەين ئېيتتى: «ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (يەنى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئارتۇقتۇر، ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي. ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ) ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا، كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار». تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ) ئوتتەك بولغاندا، ئۇ: «ماڭا (ئېرىتىلگەن مىسنى) بېرىڭلار، ئۇستىگە تۆكەي» دېدى. ئۇلار (يەنى يەجۇج - مەجۇجلەر) ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى﴾[18/«كەھف»: 92 – 97].

زۇلقەرنەين كىم؟

ئۇ ئاللاھقا ئىشىنىدىغان، دىندار پادىشاھ بولۇپ، ئەھلى ئىلىملەرنىڭ سۆزلىرىدىكى توغرا قاراشقا ئاساسلانغاندا پەيغەمبەر ئەمەس. ئۇ شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى كۆتۈرۈلىدىغان ۋە پاتىدىغان جايلار بولغان كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىش زېمىنلىرىغىچە يېتىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، «زۇلقەرنەين (ئىككى مۈڭگۈزلۈك)» دەپ ئاتالغان. ئۇ ئىسكەندەر مەقدۇنىي (ئىسكەندەر ماكىدونىسكى) ئەمەس، چۈنكى ئىسكەندەر مەقدۇنىي كافىر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسكەندەر مەقدۇنىينىڭ ياشىغان دەۋرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭكىدىن كېيىن، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بار. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

ئاللاھ تائالا «كەھف» سۈرىسىدە ئۇنىڭ پۈتۈن زېمىننى ئايلىنىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى تارىخنى بايان قىلغان بولۇپ، بىز بۇيەردە يەجۇج - مەجۇجلەر ۋەقەلىكىگە ئالاقىدار ئايەتلەر ھەققىدىلا توختىلىمىز.

﴿ئاندىن ئۇ (ئاللاھ ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى﴾ – يەنى ئۇچىنچى بىر يولغا، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى شىمال تەرەپكە قاراپ يول ئالدى ۋە ناھايىتى ئېگىز تاغلارغا يېتىپ كەلدى.

﴿زۇلقەرنەيىن ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا﴾ – يەنى ئۇ قوشۇنلىرى بىلەن بىللە تۈرك زېمىنىنىڭ ئەرمىنىيە ۋە ئەزەربەيجان بىلەن چېگرىلىنىدىغان يېرىدىكى ئىككى چوڭ تاغ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلدى.

ئىككى چوڭ تاغ ئارىسىدا يېرىق بار بولۇپ، يەجۇج - مەجۇجلەر ئاشۇ يېرىقتىن تۈرك زېمىنىغا چىقىپ، ئۆلتۈرۈش قىلىپ پىتنە - پاسات تېرىپ، ئېتىز - ئېرىق، مال - چارۋىلارنى ۋەيران قىلىشاتتى. تۈركلەر زۇلقەرنەيىننىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقى، پاراستى، ياخشىلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن يەجۇج - مەجۇجلەر چىقىپ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئۆتۈشمە يول تەرەپكە بىر توسما سېلىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. بۇنىڭ بەدىلىگە پۇل - ماللارنى توپلاپ ئۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، زۇلقەرنەيىن دىندار پادىشاھ بولغاچقا توسمىنى ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، بىكارغا سېلىپ بەرمەكچى بولدى. توسما تۇرغۇزۇشنىڭ ئەڭ قولاي ئۇسۇلىنىڭ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ يوچۇقنى تىندۇرۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، كىشىلەردىن ئۆزىگە ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ: ﴿ماڭا ئادەم كۈچى بىلەن ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي﴾ دېدى.

ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىنى تۆمۈر پارچىلىرى بىلەن تولدۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارغا: ﴿كۆرۈكلەرنى بېسىڭلار﴾ دېدى. يەنى تۆمۈر پارچىلىرىنى كۆرۈكلەر (تۆمۈرچىلەر تۆمۈر تاۋلىغاندا ئوتنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن پۈۋلەشكە ئىشلىتىدىغان بىر خىل سايمان) بىلەن پۈۋلەڭلار. ﴿تۆمۈر پارچىلىرى ئوتتەك بولغاندا﴾ يەنى ئاشۇ تۆمۈر دۆۋىسى كۆيۈپ ئوتتەك بولۇپ يانغان چاغدا، ﴿ماڭا (ئېرىتىلگەن مىسنى) بېرىڭلار، ئۈستىگە تۆكەي﴾ دېدى. تۆمۈر ۋە مىسلار بىر - بىرىگە يېپىشىپ ناھايىتى پۇختا بىر توسما ھاسىل بولدى. توسما بەك ئېگىز بولغاچقا، يەجۇج -

مەجۇجلاردىن ئىبارەت بۇزغۇنچىلار ئۇنىڭغا يامىشالمايتتى، ئۇستىگىمۇ چىقالمايتتى. مۇستەھكەم ۋە ھەم بولغاچقا ئاستىنىمۇ تېشەلمەيتتى. زۇلقەرنەين بۇ توسما ئارقىلىق يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ چىقىش يوللىرىنى ئېتىۋەتكەن ئىدى.

■ يەجۇج ـ مەجۇجلەر كىم؟

بەزىلەر: «‹يەجۇج - مەجۇج› دېگەن خۇددى ‹تالۇت ۋە جالۇت› دېگەندەك ئەرەب تىلىغا يات بىر تىلدىكى ئىككى ئىسىم» دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر: «بۇ ئىككى سۆز ئەرەبلەرنىڭ ‹ئوت ئۇلغايدى› دېگەننى ‹ئەججەتىننار / أجت النار» دەپ ئاتىغىنىدىكى ‹ئەججە› دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان» دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ناھايىتى ناچار خەلق بولۇپ، ئوت قويۇپ، باغۇ - بوستانلارنى كۆيدۈرۈپ زېمىننى خارابلاشتۇراتتى. يەنە بەزىلەر: «‹مائۇل ئۇجاج / الماء الأجاج ‹ناھايىتى تۇزلۇق سۇ›دىكى ‹ئۇجاج› دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن» دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر: «‹ئەلئەججۇ / الأج› دېگەن سۆزدىن چىققان» دەيدۇ. بۇ «ناھايىتى يۇگۈرۈك، يەلتاپان» دېگەن مەنىدە.

■ يەجۇج ـ مەجۇجلەرنىڭ دىنى قايسى؟ ئۇلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋىتى يېتىپ بارغانمۇ ـ يوق؟

يەجۇج - مەجۇجلەر ئادەم ئەۋلادىدىندۇر.

ھافىز ئىبنى ھەجەرنىڭ توغرا دەپ قارىغان كۆز قارىشى: ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىككى قەبىلىدۇر[463].

ئۇلار ئادەم ۋە ھەۋۋانىڭ نەسلىدىن بولۇپ، بۇنىڭغا ئىمران ئىبنى ھۇساين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس دەلىل بولىدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە ئىدى، ساھابەلەر

[463] «فەتھۇلبارىي» ، 106/13.

بىلەن ئالدى - كەينى بولۇپ ئايرىلىپ قالدى، ئاندىن: ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەربىر ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەربىر ھامىلىدارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەس كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتەن) مەس ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس - ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾22/«ھەج»: 1، 2 دېگەن ئىككى ئايەتنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق ئۈنلۈك قىلىپ ئوقۇۋىدى، ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىرەر گېپىنى بارلىقىنى بىلىپ، ئۇلاغلىرىنى تېزلىتىشتى. ساھابىلەر توپلىشىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «ئۇ كۈننىڭ قانداق كۈنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ شۇنداق بىر كۈنكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام چاقىرىلىدۇ. پەرۋەردىگارى ئاللاھ تەبارەك ۋە تائالا ئۇنىڭغا:

– ئى ئادەم! دوزاخقا ئەۋەتىلىدىغان كىشىلەرنى دوزاخقا ئەۋەتكىن!› دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئادەم:

– ئى رەببىم! دوزاخقا ئەۋەتىلىدىغان كىشىلەر قانچىلىك؟ – دەپ سورىغاندا، ئاللاھ تائالا:

– ھەر مىڭدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزى دوزاختا، بىرى جەننەتتە، – دەيدۇ».

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساھابىلەر جىمىپ، لام - جىم دېيىشمىدى (چىرايلىرىدا خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى). پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا: ‹(ياخشى) ئەمەل قىلىڭلار ۋە خۇش بېشارەت ئېلىڭلار. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر باشقىلار بىلەن بىللە بولسىلا ئۇلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىۋېتىدىغان ئىككى تۈرلۈك تائىپە بىلەن بىللەسىلەر. ئۇلارنىڭ بىرى يەجۇج - مەجۇجلەر، يەنە بىرى ئادەم ۋە ئىبلىس ئەۋلادىدىن ھالاك بولغانلار› دېدى». ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر

يەڭگىللەپ قالغانىدەك بولىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹جىنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر پۈتۈن ئىنسانلار ئارىسىدا خۇددى تۆگىنىڭ بىقىنىدىكى بىر تال مەڭچىلىك ياكى ئۆلاغنىڭ ئالدى پۇتىدىكى ئەنچىلىك كېلىسىلەر› دېدى»[464].

## ■ ئۆلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يەجۇج - مەجۇجلەر ئادەم ئەۋلادىدىندۇر. ئەگەر ئۇلار قويۇپ بېرىلسە، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرسى مىڭدىن ئارتۇق ئەۋلاد قالدۇرماي ئۆلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاۋىل، تارىيس ۋە مەنسەكتىن ئىبارەت ئۈچ ئۈممەت كېلىدۇ»[465].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنى ئون بۆلەككە بۆلۈپ، ئۇنىڭ توققۇز بۆلىكىنى پەرىشتىلەردىن، قالغان بىر بۆلىكىنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن قىلدى. پەرىشتىلەرنى ئون بۆلەككە بۆلۈپ، توققۇز بۆلىكىنى كېچە - كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدىغان، قالغان بىر بۆلىكىنى دىنىنى يەتكۈزىدىغان قىلدى. باشقا مەخلۇقاتلارنى ئونغا بۆلۈپ، توققۇز بۆلىكىنى جىن، بىر بۆلىكىنى ئادەم ئەۋلادلىرى قىلدى. ئادەم ئەۋلادلىرىنى ئون بۆلەككە بۆلۈپ، توققۇز بۆلىكىنى يەجۇج - مەجۇج، قالغان بىر بۆلىكىنى باشقا ئادەملەر قىلدى»[466].

بۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆزى بولۇپ،

---

[464] ئەھمەد (19915). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ ھەدىس» دېگەن. تىرمىزى (3168). تىرمىزى «ھەسەن سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن. بۇ ھەدىسنى بۇخارىي (3348)، مۇسلىم (222) لەردە ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىخچامراق رىۋايەت قىلغان.

[465] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، (1508)؛ «ئىبنى ھىببان»، (6828). ھەيسەمى: «بۇ ھەدىسنى تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچىلىكتۇر» دېگەن. شۇئەيب ئەلئەرنائۇت بىلەن ئالبانىي: «زەئىف» دېگەن.

[466] «ئەلمۇستەدرەك» (8516). ھاكىم، زەھەبىيلەر: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئەمەس ھەم ھەدىسنىڭ ھۆكمىدىمۇ ئەمەس. چۈنكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بەزىدە بەنى ئىسرائىل قىسسەلىرىنى ئالىدىغانلىقى ۋە سۆزى ئىچىگە قوشۇپ قويىدىغانلىقى مەلۇم. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىشىم مەزمۇنغا چېتىشلىق بولغانلىقىدىندۇر.

## ■ ئۈلارنىڭ قىياپىتى

خالىد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرمەلە رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇنىڭ ھاممىسى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چايان چېقىۋالغانلىقتىن بېشىنى تاڭغان ھالەتتە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر دۈشمەن يوق دەۋاتامسىلەر؟ يەجۈج - مەجۈجلەر چىقمىغۇچە سىلەرنىڭ ئۇرۇشلىرىڭلار ئاياغلاشمايدۇ. يەجۈج - مەجۈجلەر يۈزى كەڭ، كۆزى كىچىك، چاچلىرى قىزغۇچ قارا بولۇپ، ھەربىر تۆپىلىكتىن چىقىپ تارقىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى بازغانلانغان قالقانغىلا ئوخشايدۇ»[467].

«ئۇلارنىڭ يۈزلىرى بازغانلانغان قالقانغىلا ئوخشايدۇ» - ئۇلارنىڭ يۈزلىرى كەڭ، يۇمىلاق ۋە گۆشلۈك بولغاچقا بازغاندا ئۇرۇلغان قالقانغا ئوخشىتىلغان.

«ھەربىر تۆپىلىكتىن چىقىپ تارقىلىدۇ» - يەنى ھەربىر ئېگىز جايدىن تېز سۈرئەتتە چىقىپ، زېمىنغا تارقىلىدۇ.

## ■ ئۈلار توسمىنى قانداق تېشىدۇ؟

يەجۈج - مەجۈجلەرنىڭ ئىككى قەبىلە ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقى، شۇڭا زۇلقەرنەيننىڭ ئۇلارغا قارشى توسما سالغانلىقى، توسمىنىڭ ئۇلارنى ئادەملەرنىڭ يېنىغا چىقىشتىن چەكلەپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئىلگىرى بايان قىلىنغان ئىدى.

---

[467] ئەھمەد (22687). ھەيسەمى: «بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ۋە تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن. بۇسەيرىيمۇ «ئەلئىتھاف»تا: «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

شەكسىزكى، توسمىنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ يەيدىغان - ئىچىدىغىنى ۋە ئۆزىگە خاس ھاياتى، تۇرمۇشى بار. ئۇلار توختىماستىن بۇ توسمىنى ئۆرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، تېشىپ باقىدۇ، كولاپ باقىدۇ، توختىماي تىرىشىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توسما ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار توسمىنى كۈندە كولايدۇ، ھەتتا تېشىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ باشلىقى: ‹قايتىڭلار! ئەتە داۋاملىق كولايسىلەر› دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ توسمىنى بۇرۇنقىدىنمۇ پۇختىراق قىلىپ ئەسلىگە قايتۇرۇپ قويىدۇ. تاكى ئۇلارنىڭ (چىقىدىغان) ۋاقتى كېلىپ، ئاللاھ ئۇلارنى ئادەملەرگە ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ ئىش بېشى: ‹قايتىڭلار! ئەتە داۋاملىق كولايسىلەر، ئىنشائاللاھ› دەيدۇ. (ئەتىسى) ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، توسمىنىڭ ئۆزلىرى تاشلاپ كەتكەن ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توسمىنى تېشىپ، ئادەملەر تەرەپكە چىقىدۇ، سۇلارنى ئىچىپ (قۇرۇتۇۋەتكىلى تاس قالىدۇ)، ئادەملەر ئۇلاردىن قاچىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئوقلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاتىدۇ، ئوقلار قانغا مىلەنگەن ھالدا قايتىپ چۈشىدۇ»[468].

بۇ ھەدىستىن ئۈچ ئىشنى بىلىۋالالايمىز:

1. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ كولاشتىن توسقان، ناۋادا ئۇلار شۇنداق قىلغان بولسا ئىدى بەلكىم تېشەلىگەن بولار ئىدى؛

2. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يەنە توسمىدىن شوتا قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئارتىلىپ ئۆتۈشتىن توسۇپ، ئۇنداق قىلىشنى ئۇلارغا بىلدۈرمىگەن ۋە ئۆگەتمىگەن. بەلكىم ئۇلار ئارتىلىپ ئۆتۈشكە تىرىشىپ باقسىمۇ، توسما بەك ئېگىز ھەم سىلىق بولغاچقا قادىر بولالمىغان گەپ؛

3. ئاللاھ تائالا «ئىنشائاللاھ» دېگەن سۆزنى تاكى قىيامەت

[468] ئەھمەد (10640). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىككى شەيخ شەرتىگە ئاساسەن سەنەدى سەھىھ» دېگەن. تىرمىزىي (3153). تىرمىزىي «ھەسەن غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

يېقىنلىشىپ، ۋاقتى كەلمىگۈچە ئۇلارغا بىلدۈرمەيدۇ. ئۇلار تاكى قىيامەت يېقىنلىشىپ، چىقىش ۋاقتى كەلگەنگە قەدەر «ئىنشائاللاھ» دېگەن سۆزنى دېيىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان.

ھەدىستە يەنە مۇنۇ مەزمۇنلارمۇ بار: ئۇلاردىن سانائەتچىلەر، مەنسەپدار - ھۆكۈمرانلار، ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىلەرگە بويسۇنىدىغان پۇقرالار بار. ئۇلاردىن يەنە ئاللاھنى تونۇيدىغان، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىرادىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلارمۇ بار.

يەنە شۇنداق ئېھتىماللىقمۇ باركى، «ئىنشائاللاھ» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ باشلىقىنىڭ ئاغزىغا مەنىسىنى ئۇقماستىن شۇنداقلا كېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇ سۆزنىڭ بەرىكىتىدىن كۆزلىگەن مەقسەت ھاسىل بولغان بولۇشى مۇمكىن[469].

■ يەجۇج - مەجۇج توغرىسىدا كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر

ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا يەجۇج - مەجۇجلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلەر) سەندىن زۇلقەرنەيىن توغرۇلۇق سورىشىدۇ. «سىلەرگە مەن ئۇنىڭ قىسسەسىنى (ۋەھيى ئاساسىدا) بايان قىلىمەن» دېگىن. ئۇنىڭغا بىز زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىگە يېتىشىنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق. زۇلقەرنەيىن (ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن) يولغا ماڭدى. ئۇ كۈن پېتىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، كۈننىڭ قارا لايلىق بۇلاققا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر تۈرلۈك قەۋمنى ئۇچراتتى. بىز: «ئى زۇلقەرنەيىن! سەن ئۇلارنى جازالىغىن ياكى ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن» دېدۇق. زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: «كىمكى زۇلۇم قىلغان بولسا، بىز ئۇنى جازالايمىز، ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ. كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنى

[469] «فەتھۇلبارىي»، 109/13.

قولاي ئىشقا بۇيرۇيمىز». ئاندىن زۇلقەرنەيىن (ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاسان قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى. زۇلقەرنەيىن كۈن چىقىش تەرەپكە بارغاندا، كۈننىڭ شۇنداق بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردىكى، ئۇ قەۋمگە بىز (كۈننىڭ هارارىتىدىن) ساقلىنىدىغان (كىيىم، ئىمارەت قاتارلىق) نەرسىلەرنى ئاتا قىلمىدۇق. ئەھۋال شۇنداق بولدى (يەنى زۇلقەرنەيىن كۈن چىقىش تەرەپتىكى كىشىلەرگىمۇ كۈن پېتىش تەرەپتىكى كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىنى قىلدى). بىز ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن تولۇق خەبەردار ئىدۇق. ئاندىن ئۇ (ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاسان قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى. زۇلقەرنەيىن ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئىككى تاغ ئالدىدا ھېچقانداق سۆزنى چۈشەنمەيدىغان (يەنى ئۆزىنىڭ تىلىدىن غەيرى تىلنى بىلمەيدىغان) بىر قەۋمنى ئۇچراتتى. ئۇلار: «ئى زۇلقەرنەيىن! يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ساڭا بىر قىسىم مېلىمىزنى (باجغا ئوخشاش) تۆلىسەك بولامدۇ؟» دېدى. زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: «ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (يەنى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئارتۇقتۇر. ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي. ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ) ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا كۆرۈكلەرنى بېسىڭلار». تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ) ئوتتەك بولغاندا، ئۇ: «ماڭا (ئېرىتىلگەن مىسنى) بېرىڭلار، ئۈستىگە تۆكەي» دېدى. ئۇلار (يەنى يەجۇج - مەجۇجلەر) ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى. زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: «بۇ (يەنى توسمىنىڭ بىنا قىلىنىشى) پەرۋەردىگارىمنىڭ نېئمىتىدۇر، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا، ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر». ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە، قىستاڭچىلىقتىن) كىشىلەرنى بىر - بىرىگە گىرەلەشتۈرۈۋېتىمىز، سۇر چېلىنىدۇ، ئۇلارنى (ھېساب ئۈچۈن) يىغىمىز﴾[18/«كەھف»: 83 – 99].

﴿ھەرقانداق سۆزنى چۈشىنەلمىگىلى تاس قالىدىغان﴾ – يەنى ئۆزلىرى بىلەن پاراڭلاشقان كىشىلەرنىڭ گېپىنى ناھايىتى تەستە، بەك ئاستا

چۈشىنەلەيدىغان.

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿يەجۇج - مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار ژېمىننىڭ ھەربىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ﴾[«ئەنبىيائ»: 21/96].

﴿ھەربىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ﴾ يەنى ھەربىر ئېگىز جايدىن ئالدىراپ چىقىپ ژېمىندا تارقىلىپ كېتىدۇ.

ھەدىسلەر

مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى زەينەب بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھا شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالاقزادە بولغىنىچە يېنىمغا كىرىپ:

- لا ئىلاھە ئىللەللاھ! ئەرەبلەرگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان يامانلىقتىن ۋاي! بۈگۈن يەجۇج - مەجۇجنىڭ توسمىسىدىن مۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتتى، - دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى دۈگىلەك ھالقا قىلدى. مەن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەر تۇرسىمۇ ھالاك بولامدۇق؟ - دەپ سورىسام:

- ئەگەر يامان ئىش كۆپىيىپ كەتسە، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى»[470].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ئاللاھ تائالا يەجۇج - مەجۇج توسمىسىدىن مۇنچىلىك ئېچىۋەتتى› دەپ باش بارمىقى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ھالقا قىلدى»[471].

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ‹ئاللاھ

[470] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (3346)؛ مۇسلىم (2880).
[471] مۇسلىم (2881).

تائالا:

– ئى ئادەم! – دەيدۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالام:

– لەببەي، يا رەببىم! مانا مەن تەييار، بارلىق ياخشىلىق سىلىنىڭ قولۇلىرىدا، – دەيدۇ، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ:

– ئى ئادەم! دوزاخ ئەھلىنى ئەۋەتكىن! – دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام:

– قانچىلىكى دوزاخ ئەھلى؟ – دەپ سورايدۇ. ئاللاھ تائالا:

– ھەر مىڭ ئادەمدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزى دوزاخقا، بىرى جەننەتكە كىرىدۇ، – دەيدۇ. شۇ چاغدا كىچىك بالىلارنىڭ چېچى ئاقىرىپ كېتىدۇ. ھەربىر ھامىلىدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ. كىشىلەرنى مەست ھالەتتە كۆرىسەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەست ئەمەس. ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر». بۇ چاغدا ساھابەلەر:

– ئى رەسۇلۇللاھ! جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى قايسىمىز بولىمىز؟ – دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، جەننەت ئەھلى بولىدىغان بىر كىشى سىلەردىن، دوزاخ ئەھلى بولىدىغان مىڭلارچە كىشى يەجۇج - مەجۇجلەردىن بولىدۇ، – دەپ جاۋاپ بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ تۆتتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، – دېگەندە، بىز تەكبىر ئېيتىپ كەتتۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ ئۈچتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، – دېگەندە، بىز تەكبىر توۋلاپ كەتتۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– سىلەر كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا خۇددى ئاق كالىدىكى قارا تۈككە ياكى قارا كالىنىڭ تېرىسىدىكى ئاق تۈككە ئوخشاش بولىسىلەر، –

دېدى»[472].

ئىمران ئىبنى ھۇساين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە ئىدى، ساھابەلەر بىلەن ئالدى - كەينى بولۇپ ئايرىلىپ قالدى. ئاندىن: ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەربىر ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەربىر ھامىلىدارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەس كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتەن) مەس ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس - ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾[«ھەج»: 1، 2/22] دېگەن ئىككى ئايەتنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق ئۈنلۈك قىلىپ ئوقۇۋىدى، ساھابەلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىرەر گېپى بارلىقىنى بىلىپ، ئۇلاغلىرىنى تېزلىتىشتى. ساھابىلەر توپلىشىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ‹ئۇ كۈننىڭ قانداق كۈنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ كۈن شۇنداق بىر كۈنكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام چاقىرىلىدۇ. پەرۋەردىگارى ئاللاھ تەبارەك ۋە تائالا ئۇنىڭغا:

- ئى ئادەم! دوزاخقا ئەۋەتىلىدىغان كىشىلەرنى دوزاخقا ئەۋەتكىن! - دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئادەم:

- ئى رەببىم! دوزاخقا ئەۋەتىلىدىغان كىشىلەر قانچىلىك؟ - دەپ سورىغاندا، ئاللاھ تائالا:

- ھەر مىڭدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزى دوزاختا، بىرى جەننەتتە، - دەيدۇ›».

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساھابىلەر جىمىپ، لام - جىم دېيىشمىدى (چىرايلىرىدا خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى). پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارغا: ‹(ياخشى) ئەمەل قىلىڭلار ۋە خۇش بېشارەت

[472] بۇخارىي (3348)؛ مۇسلىم (222).

ئىلىڭلار. مۇھەممەدنىڭ جىنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر باشقىلار بىلەن بىللە بولسىلا ئۇلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىۋېتىدىغان ئىككى تۈرلۈك تائىپە بىلەن بىللەسىلەر. ئۇلارنىڭ بىرى يەجۇج - مەجۇجلەر، يەنە بىرى ئادەم ۋە ئىبلىس ئەۋلادىدىن ھالاك بولغانلار› دېدى». ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹جىنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر پۈتۈن ئىنسانلار ئارىسىدا خۇددى تۆگىنىڭ بىقىنىدىكى بىر تال مەڭچىلىك ياكى ئۇلاغنىڭ ئالدى پۇتىدىكى ئەنچىلىك كېلىسىلەر› دېدى[473]».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى ھەققىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەنە شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ: ‹مەن بىر تائىپە بەندىلىرىمنى چىقاردىمكى، ھېچكىم ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، شۇڭا سەن بەندىلىرىمنى (يېنىڭدىكى مۇئمىنلەرنى) تۇر تېغىغا ئېلىپ كەل› دەيدۇ»[474].

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا يەجۇج - مەجۇجلەرنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ھەرقايسى تۆپىلىكلەردىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى پىرقىلىرى تەبەرىيە كۆلىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ سۈيىنى بىراقلا ئىچىۋېتىدۇ، كېيىنكى پىرقىلىرى ئۆتكەندە: ‹ئەسلىدە بۇ كۆلدە سۇ بولغان ئىكەن› دېيىشىدۇ»[475].

تەبەرىيە كۆلى «جەلىل دېڭىزى» ياكى «جەلىل كۆلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ كىچىك كۆل بولۇپ، پەلەستىننىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تەبەرىيە كۆلىگە ئىئوردانىيە دەرياسىنىڭ سۈيى ئېقىپ كىرىپ، ئىئوردانىيەنىڭ ئاستىنقى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ. تەبەرىيە

[473] ئەھمەد (19915). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ ھەدىس» دېگەن. تىرمىزىي (3168). تىرمىزىي: «ھەسەن سەھىھ» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[474] مۇسلىم (2937).

[475] مۇسلىم (2937).

كۆلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 23 كىلومېتىر، كەڭلىكى 13 كىلومېتىر كېلىدۇ. چوڭقۇرلۇقى 44 مېتىردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 210 مېتىر تۆۋەن.

ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «كېيىن ئۇلار بەيتۇلمۇقەددەستىكى بىر تاغقا، يەنى خەمەر تېغىغا يېتىپ بېرىپ: ‹بىز يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ بولدۇق، ئەمدى ئاسماندىكىلەرنى ئۆلتۈرىمىز› دېيىشىدۇ ۋە ئاسمانغا ئوق ئېتىشقا باشلايدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئوقلىرىنى قانغا بويالغان ھالەتتە ئارقىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قورشاۋغا ئېلىنىدۇ، ھەتتاكى، ئۆكۈزنىڭ بېشى ئۇلار ئۈچۈن سىلەرنىڭ ھازىرقى 100 دىناريڭلاردىنمۇ قىممەتلىك بولۇپ كېتىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا يەجۇج - مەجۇجلەرگە قۇرتلارنى ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى خۇددى بىر ئادەم ئۆلگەندەك بىراقلا ئۆلىدۇ. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى پەسكە چۈشكەندە، زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىنى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ۋە بەدبۇي پۇراقلىرى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇلار ئاللاھقا بۇ جەسەتلەرنىڭ ۋە بەدبۇي پۇراقلارنىڭ يوقىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇ يەرگە تۆگە بويىنىدەك يوغان قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ. قۇشلار ئۇلارنى كۆتۈرۈپ ئاللاھ خاھلىغان يەرگە تاشلايدۇ، ئاندىن ئاللاھ شۇنداق بىر يامغۇر ياغدۇرىدۇكى، يامغۇر بىرەر ئۆي ۋەياكى بىرەر چېدىرنىمۇ ساق قالدۇرمايدۇ. زېمىننى يۇيۇپ ئەينەكتەك قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن زېمىنغا: ‹مېۋىلىرىڭنى ئۆستۈرگىن، بەرىكەتلىرىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرگىن› دېيىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە بىر تال ئانارنى بىر جامائەت كىشىلەر يەپ تويىدۇ، شۇپەكلىرى بىلەن سايىدايدۇ، سۈتكە شۇنداق بەرىكەت بېرىلىدۇكى، ھەتتا بىر سۈتلۈك تۆگە زور بىر تۈركۈم كىشىلەرگە يېتىپ ئاشىدۇ. سىيىرنىڭ سۈتى بىر قەبىلە كىشىلىرىگە، بىر ساغلىقنىڭ سۈتى بىر جەمەت كىشىلەرگە يېتىدۇ. ئۇلار شۇنداق ياشاۋاتقان چاغدا ئاللاھ تائالا تۇيۇقسىزلا مەيىن بىر شامالنى ئەۋەتىدۇ، شامال ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ ھەربىر مۇئمىن مۇسۇلماننى قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن زېمىندا

ئېشەكلەردەك ئاشكارا جىنسىي ئالاقە قىلىشىدىغان ئەڭ ئەسكى ئادەملەر قالىدۇ، مانا شۇ ۋاقىتتا قىيامەت قايىم بولىدۇ»[476].

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا تۆگە بويىندەك يوغان قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ. قۇشلار ئۇلارنى كۆتۈرۈپ چوڭقۇر ئورەكلەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدۇ. مۇسۇلمانلار يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ ئوقيالىرى، ئوقلىرى ۋە ئوقدانلىرىنى يەتتە يىل كۆيدۇرىدۇ»[477].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككەدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە ئېلىپ بېرىلغان كېچىسى ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملار بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار قىيامەت ھەققىدە سۆزلەشتى، ئۇلار سۆز قىلىش نۆۋىتىنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بەردى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەججالنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بايان قىلدى، ئاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ‹كىشىلەر شەھەرلىرىگە قايتىدۇ، يەجۇج - مەجۇجلەر ھەربىر تۆپىلىكلەردىن ئالدىراپ چىقىپ ئۇلارنى كۆتۈۋالىدۇ. يەجۇج - مەجۇجلەر بىرەر سۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ قالسىلا، ئۇنى ئىچىپ تۈگىتىۋېتىدۇ، بىرەر نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسىلا ئۇنى بۇزۇۋېتىدۇ. كىشىلەر مېنىڭ قېشىمغا پاناھلىق ئىزدەپ كېلىدۇ. ئاندىن مەن ئاللاھقا دۇئا قىلىمەن. ئاندىن يەجۇج - مەجۇجلەر ئۆلىدۇ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ پۇرىقى ھەممە يەرنى قاپلايدۇ، كىشىلەر جەسەتلەرنىڭ پۇرىقىدىن بىزار بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كېلىدۇ، مەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىمەن. ئاللاھ ئاسماندىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، يامغۇر سۈيى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئېقىتىپ، دېڭىزغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ»[478].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يەجۇج - مەجۇجلەر

---

[476] مۇسلىم (2937).

[477] تىرمىزىي (2406). تىرمىزىي: «ھەسەن سەھىھ غەرىب» دېگەن. بۇ سەھىھ ھەدىستۇر.

[478] «ئەلمۇستەدرەك» (8502). ھاكىم، زەھەبىيلەر: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ، سۇلارنى ئىچىپ تۈگىتىۋېتىدۇ. كىشىلەر ئۇلاردىن قاچىدۇ. ئۇلار ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئاتسا ئوقلىرى قانغا بويالغان ھالدا قايتىپ چۈشىدۇ. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ: ‹زېمىندىكىلەرنى يەڭدۇق، ئاسماندىكىلەردىنمۇ غالىب كەلدۇق› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا قۇرت ئەۋەتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ھالاك بولىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، زېمىندىكى ھايۋانلار ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يەپ سەمرىپ كېتىدۇ»[479].

يەجۇج - مەجۇجلەر ھەققىدە كەلگەن زەئىپ ھەدىسلەردىن بىرى

يەجۇج - مەجۇجلەر ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەر ئارىسىدا بىر قىسىم زەئىپ ھەدىسلەرمۇ تارالغان. مەن بۇ يەردە يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمەن:

ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يەجۇج - مەجۇجلەر ھەققىدە سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– يەجۇج بىر ئۇممەت، مەجۇج بىر ئۇممەت بولۇپ، ھەربىر ئۇممەت 400 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى نەسلىدىن قورال كۆتۈرەلەيدىغان مىڭ ئەرنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆلمەيدۇ، – دەپ جاۋاپ بەردى. مەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىلە، – دېدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئۇلار ئۈچ گۇرۇھ بولۇپ، بىر گۇرۇھى ئەرزگە ئوخشاش، – دېدى. مەن:

---

[479] ئەھمەد (10640). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «ئىككى شەيخ شەرتىگە ئاساسەن سەنەدى سەھىھ» دېگەن. تىرمىزى (3153). تىرمىزى: «ھەسەن غەرىب» دېگەن. ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن. «ئەلمۇستەدرەك» (8501). ھاكىم، زەھەبىيلەر: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

– ئەرز دېگەن نېمە؟ – دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئۇ شامدىكى بىر دەرەخ بولۇپ، 120 مىڭ گەز ئۆسىدۇ. بۇ گۇرۇھقا نە تاغ، نە تۆمۈر تەڭ كېلەلەيدۇ. ئىككىنچى گۇرۇھ بىر قۇلىقىنى يەرگە سېلىپ ياتسا، يەنە بىر قۇلىقىنى يوتقان قىلىپ ياتىدۇ. ئالدىغا ئۇچرىغان پىل، ياۋايى هايۋان، تۆگە ۋە چوشقا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يەيدۇ. ئىچىدىن بىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىمۇ يەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ئۇچى شامدا، يەنە بىر ئۇچى خۇراساندا بولىدۇ. شەرقتىكى دەريالارنىڭ ۋە تەبەرىيە كۆلىنىڭ سۈيىنى ئىچىدۇ (ۋە ئۇلارنىڭ سۈيىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ)، – دېدى»[480].

## ■ يەجۇج – مەجۇجلەرنىڭ ھالاك بولۇشى

يەجۇج - مەجۇجلەر ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، كىچىك بالىلار بولسۇن، ئۇلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ھارام ئىشلارنى بار كۈچى بىلەن قىلىپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ياشايدۇ. ھەتتاكى ئۇلارنىڭ كۇفۇرلۇقى چېكىدىن ئېشىپ: «زېمىندىكىلەرنى مەغلۇپ قىلغاندەك، ئاسماندىكىلەرنىمۇ مەغلۇپ قىلىمىز» دەپ ئاسمانغا ئوق ئېتىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن مۇھاسىرە ئېلىنغان ياكى يوشۇرۇنۇۋالغان كىشىلەرلا قۇتۇلۇپ قالالايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەر مۇھاسىرە ئېلىنغانلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇلارغا ئاچلىق، موھتاجلىق ۋە ئېغىر چارچاش يېتىدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يۇقىرىقى ھەدىسلەردە كەلگەندەك، ئاللاھقا يالۋۇرغان ۋاقىتتا ئاللاھ يەجۇج - مەجۇجلەرگە قۇرتلارنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار (شۇ قۇرتلارنىڭ سەۋەبى بىلەن) ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاللاھ تۆگىنىڭ بويىنىدەك قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ جەسەتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھ بۇيرۇغان يەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدۇ. ئاندىن ئاللاھ يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇ يەرلەرنى ئەينەكتەك پاك - پاكىز

[480] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت» ، (3855)؛ ھەيسەمىي: «زەئىف» دېگەن.

قىلىۋېتىدۇ. ئاندىن زېمىنغا: «مېۋىلىرىڭنى ئۆستۈرگىن، بەرىكىتىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرگىن» دېيىلىدۇ.

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يەجۇج - مەجۇج توسمىسى ئېچىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار ھەربىر تۆپىلىكتىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ﴾ دېگىنىدەك، ئۇلار كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلغان ھالدا چىقىدۇ. ئۇلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرىگە، قورغانلىرىغا كۆزى چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ چارۋىلىرىنى ئېلىۋالىدۇ. يەجۇج - مەجۇجلەر زېمىندىكى سۇلارنى ئىچىپ تۈگىتىۋېتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مەلۇم بىر دەريادىن ئۆتىدۇ ۋە سۇلارنى پاك - پاكىز ئىچىپ دەريانى قۇرۇقداپ قويىدۇ. قالغانلىرى بۇ دەريادىن ئۆتكەندە: ‹ئەسلىدە بۇيەردە سۇ بولغان ئىكەن› دېيىشىدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يەر يۈزىدە ئىنسانلاردىن پەقەت قورغان ۋە شەھەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان ياكى مۇھاسىرىگە ئېلىنغان كىشىلەرلا ئامان قالىدۇ. يەجۇج - مەجۇجلەر: ‹زېمىندىكى كىشىلەرنى مەغلۇپ قىلدۇق، ئاسماندىكىلەر قالدى› دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى نەيزىنى ئوينىتىپ ئاسمانغا قارىتىپ ئاتىدۇ، نەيزە قانغا بويالغان ھالدا چۈشىدۇ. يەنى ئۇلارغا ئاللاھتىن بالايى - ئاپەت كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قۇرتلارنى ئەۋەتىدۇ، قۇرتلار ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇن چىقمايلا ئۆلىدۇ. مۇسۇلمانلار: ‹ئارىمىزدىن بىرەر كىشى دۈشمەنلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىغا بىر قاراپ باققان بولسا - ھە› دەيدۇ. ئاندىن مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى جەزم قىلغان ھالدا دۈشمەنلەرگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن ماڭىدۇ. پەسكە چۈشكەندە ئۇلارنىڭ بىر - بىرسىنىڭ ئۈستىگە يىقىلغان ھالەتتە ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ: ‹ئى مۇسۇلمانلار! خۇش خەبەر! ئاللاھ سىلەرنى دۈشمىنىڭلاردىن ساقلاپ قالدى› دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار شەھەرلەردىن ۋە قورغانلاردىن چىقىدۇ، چارۋىلىرىنى ئوتلاشقا قويۇپ بېرىدۇ. چارۋىلار ئۈچۈن پەقەت يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ گۆشلىرىلا قالغان بولۇپ، چارۋىلار سەمرىتىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى

يېگەندەك، ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يەپ سەمرىپ كېتىدۇ»[481].

ئەتىيە ئەۋفىدىن قىلىنغان رىۋايەتتە: ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئۇلار زېمىندىكىلەردىن قورغانلارغا يامىشۋالغان كىشىلەردىن باشقىلىرىنى ھالاك قىلىدۇ. زېمىن ئەھلىنى ھالاك قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىر - بىرىگە يۈزلىنىپ: ‹يەقەت قورغانلاردىكىلەر ۋە ئاسمانلاردىكىلەرلا قالدى› دېيىشىدۇ - دە، ئوقلىرىنى (ئاسمانغا قارىتىپ ئاتىدۇ)، ئوقلىرى قانغا بويالغان ھالدا چۈشىدۇ. ئاندىن ئۇلار: ‹ئاسماندىكىلەرنى مەغلۇپ قىلدۇق، قورغانلاردىكىلەرلا قالدى› دەيدۇ ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا قۇرتلارنى ئەۋەتىدۇ - دە، قۇرتلار ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە يىقىلغان ھالەتتە ئۆلۈشكە باشلايدۇ. ئېيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مۇھاسىرىگە ئېلىنغانلاردىن بىرى:

– كەئبەنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۇلارنى ئۆلتۈردى، – دەيدۇ. ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىرى:

– يەجۈج - مەجۈجلەر بىزنى ئالداۋاتىدۇ، ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقساق، ئۇلار قېرىنداشلىرىمىزنى ھالاك قىلغاندەك بىزنىمۇ ھالاك قىلىۋېتىدۇ، – دەيدۇ. ھېلىقى كىشى (يەنى ئۇلارنى ئاللاھ ئۆلتۈردى دېگەن كىشى):

– ماڭا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىڭلار، – دەيدۇ. باشقىلار:

– ئېچىپ بەرمەيمىز، – دەيدۇ. ئۇ كىشى:

– ئۇنداقتا مېنى ئارغامچا ئارقىلىق پەسكە چۈشۈرۈڭلار، – دەيدۇ. ئۇ چۈشكەن ۋاقىتتا يەجۈج - مەجۈجلەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرىدۇ»[482].

---

[481] ئەھمەد (11749)؛ ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك» (8504). ھاكىم، زەھەبىيلەر: «مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن سەھىھ» دېگەن. (چارۋىلارنىڭ گۆش يېيىشىمۇ ئەدەتتىن تاشقىرى ئەھۋالدۇر – ت)

[482] ئەلمەتالىبۇل ئالىيە (4648). سەنەدى زەئىف. لېكىن باشقا ھەدىسلەر بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

■ يەجـوج ـ مەجوجلــەر هــالاك بولغاندىــن كېيــن ھېچقانــداق ئۇرۇش بولمايدۇ

ئـاللاھ تائـالا يەجـوج - مەجوجلەرنـى هـالاك قىلغاندىـن كېيـن زېمىنـدا پەقــەت مۇئمىنلــەرلا قالــدۇ. بەرىكــەت ۋە ياخشــىلىقلار كــەڭ تارقىلــدۇ. ئۇلارنىڭ روھلىرى پاكلىنىدۇ، ئۇرۇش ۋە جەڭلەر ئاخىرلىشىدۇ.

ســەلەمە ئىبنــى نۇفەيــل رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇ مۇنــداق دېگــەن: «مــەن پەيغەمبــەر ســەللەللاھۇ ئەلەيهــى ۋەســەللەمنىڭ قېشــىدا ئولتۇراتتــىم، بىــر ئادەم كېلىپ:

ـ ئـى ئاللاھنىــڭ پەيغەمبىــرى! كىشــىلەر ئاتلارنــى قويۇۋەتتــى، قورالـلارنى تاشـلىدى ۋە: ‹بۇنىڭدىــن كېيــن ئــۇرۇش (جىهــاد) بولمايــدۇ، چۈنكــى ئــۇرۇش توختىــدى› دېيىشــىۋاتىدۇ، ـ دېــدى. پەيغەمبــەر ســەللەللاھۇ ئەلەيهــى ۋەسەللەم:

ـ ئــۇلار يالغــان ئېيتىپتــۇ، شــۇ تاپتــا جىهــاد ئەمــرى كەلــدى. مېنىــڭ ئۈممىتىمدىــن بىــر تۈركــۈم جامائــەت ھەمىشــە هــەق ئۈســتىدە ئــۇرۇش قىلىــدۇ، قىيامــەت بولغۇچــە ئــاللاھ ئۇلارغــا مەلــۇم قەۋملەرنىــڭ دىللىرىنــى مايىــل قىلىــپ بېرىــدۇ ۋە شــۇلار ئارقىلىــق رىــزىق بېرىــپ تۇرىــدۇ. يەجــوج - مەجوجلەر ئاشكارا بولمىغۇچە ئۇرۇش توختىمايدۇ، ـ دېدى»[483].

■ يەجـوج ـ مەجوجلــەر چىققاندىــن كېيىنمــۇ ھەج پائالىيىتــى داۋام قىلىدۇ

ئەبــۇ ســەئىد ئەلخۇدرىــي رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇ رىۋايــەت قىلىدۇكــى، پەيغەمبــەر ســەللەللاھۇ ئەلەيهــى ۋەســەللەم: «يەئجــوج ۋە مەئجــوج پەيــدا بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ بەيتۇللاھقا ھەج ۋە ئۆمرە داۋاملىشىدۇ» دېگەن[484].

■ زۇلقەرنەيــن يەجــوج ـ مەجوجلەرگــە قارشــى ســالغان توســمىنى

[483] نەسائىي (8659)؛ تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر» ، (6233)؛ ئەھمەد (17090)؛ شەيخ ئالبانىي («ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھە» ، 1935) : «سەھىھ» دېگەن.
[484] بۇخارىي (1593).

كۆرگەنلەر بارمۇ؟ ئۇنى كۆرگىلى بولامدۇ؟

ساھابەلەرنىڭ بىرى ئۇنى كۆرگەن. ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

– مەن توسمىنىڭ يوللۇق كىيىمگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆردۇم، – دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ توغرا سۆزلىگەنلىكىنى تەستىقلاپ:

– ئۇنى كۆرۈپسەن، – دېگەن»[485].

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبى ئۆمەر سەئىد ئىبنى ئەبى ئەرۇبەدىن، ئۇ قەتادەدىن، ئۇ مەدىنەلىك بىر ئادەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: ‹ئۇ ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

– ئى رەسۇلۇللاھ! مەن يەجۇج - مەجۇج توسمىسىنى كۆردۇم، – دېگەندە، رەسۇلۇللاھ:

– ئۇنى قانداق كۆردۇڭ؟ – دەپ سورىدى. ئۇ:

– ئاق ۋە قىزىل يوللۇق كىيىمگە ئوخشاش كۆردۇم، – دېگەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ:

– ھەقىقەتەن سەن ئۇنى كۆرۈپسەن، – دېگەن›»[486].

ھافىز ئىبنى كەسىر رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بىر قىسىم پادىشاھلارنىڭ ئۇ توسمىنى تاپماقچى بولغانلىق قىسسەسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «خەلىفە ۋاسىق[487] ئۆز زامانىسىدا بىر قىسىم ۋالىيلىرىنى توسمىنى ئىزدەپ تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا خەۋىرىنى بېرىش ئۈچۈن بىر

[485] «سەھىھۇل بۇخارىي» ، ئىمام بۇخارىي (3345 تىن كېيىن) مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان. (ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىك بار ھەمدە بۇ ھەدىستىكى كۆرۈش چۈشىدە كۆرۈشنى كۆرسىتىش ئېھتىماللىقىمۇ بار)

[486] «فەتھۇلبارىي» ، 129/10.

[487] خەلىفە ۋاسىق «ئابباسىيلار دۆلىتى»گە ھ. 227  232 / م. 842  847 - يىللىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇ ئاببىاسىي خەلىفەلەرنىڭ توققۇزىنچىسى.

كىچىك قوشۇن بىلەن ئەۋەتكەن. ئۇلار يۇرتمۇ - يۇرت كېزىپ يۈرۈپ ئۇنى تاپقان. ئۇلارنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇلار ئۇنىڭ تۆمۈر ۋە تۇچتىن بىنا قىلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭدا چوڭ قۇلۇپ سېلىنغان چوڭ بىر ئىشىكنىڭ بارلىقىنى ۋەيەنە قالدۇق كېسەكلەرنى كۆرگەن. ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا يېقىن پادىشاھلارنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بار ئىكەن، ئۇ ناھايىتى مۇستەھكەم، ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئەتراپىدا ھېچبىر تاغ يوق ئىكەن. ئۇلار ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت يوقاپ كېتىپ، ئاجايىب - غارايىب ئىشلارنى كۆرۈپ يۇرتلىرىغا قايتقان»[488].

ھافىز ئىبنى كەسىر بۇ قىسسەنىڭ سەنەدىنى بايان قىلمىغان ۋە ھېچقانداق باھامۇ بەرمىگەن. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## زۇلقەرنەيىن توسمىسى بىلەن سەددىچىن سېپىلىنىڭ مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

زۇلقەرنەيىن توسمىسى بىلەن سەددىچىن سېپىلىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتتىن پەرقى بار:

زۇلقەرنەيىن توسمىسىنى يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سالغان. سەددىچىن سېپىلىنى بولسا چىن پادىشاھلىرى دۆلەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن سالغان.

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان توسمىنىڭ ماتېرىيالى تۆمۈر ۋە تۇچتۇر. سەددىچىن سېپىلىنىڭ ماتېرىيالى بولسا تاش ۋە پىششىق خىشتۇر.

يەجۇج - مەجۇج توسمىسى ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بىردىنبىر ئۆتۈشمە ئېغىزىنى توسۇش ئۈچۈن ئىككى تاغ ئارىسىغا سېلىنغان. ئەمما، سەددىچىن سېپىلى بولسا تاغ چوققىلىرى ۋە ئۆتۈشمە يوللارغا سېلىنغان بىر توسما بولۇپ، ئۇ خىتاينىڭ شەرقىدىن غەربىگە نەچچە مىڭ مىل سوزۇلغان.

يەجۇج - مەجۇج توسمىسىنى ئاخىر زاماندا ئاللاھ خاھلىغان ۋاقىتقىچە تېشىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، سەددىچىن سېپىلىنىڭ بەزى جايلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ۋە كىشىلەر ئۇنىڭغا بىمالال كىرىپ -

---

[488] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە» ، 126/7.

چىقالايدۇ، ھەتتا كىشىلەر ئۇنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى بۇزۇۋەتكەن.

نېمە ئۈچۈن سۈنئىي ھەمرا يەجۇج - مەجۇج توسمىسىنى بايقىيالمىدى؟

پۈتكۈل زېمىننى ۋە بارچە مەخلۇقاتنى پەقەت ھەممىنى تولۇق بىلگۈچى ئاللاھلا تولۇق بىلىدۇ. بىزنىڭ يەجۇج - مەجۇج توسمىسىنىڭ ئورنىنى بايقىيالمىغانلىقىمىز ئۇلارنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى يەجۇج - مەجۇجلەرنى ۋە توسمىسىنى كۆرەلمەيدىغان قىلىپ قويغان بولۇشى ياكى ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنى چۆللۈككە مەھكۇم قىلىپ، بەلگىلەنگەن مۆھلەت توشمىغۇچە كىچىككىنە ئورۇندا 40 يىل ئېزىپ يۈرگەنلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى بايقىيالمىغىنىغا ئوخشاش كىشىلەرنى يەجۇج - مەجۇجلەرنى ۋە توسمىسىنى بايقاپ قېلىشتىن چەكلەيدىغان نەرسىلەرنى ياراتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئۇ زات ھەر نەرسىنىڭ ۋاقتى - سائىتىنى بېكىتكەن. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿قۇرئان ھەق تۇرسا، ئۇنى قەۋمىڭ ئىنكار قىلدى. «مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەس» دېگىن. (ئاللاھ تەرىپىدىن) ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەربىر خەبەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى بار، ئۇزاقتا قالماي بىلىسىلەر﴾6/«ئەنئام»: 66، 67.

ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەر بايقىغان نەرسىلەرنى بايقىيالمىغان. چۈنكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ قەرەلىنى بېكىتكەن.

قازى ئىياز مۇنداق دېگەن: «يەجۇج - مەجۇجلەر ھەققىدىكى بۇ خەبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش ۋاجىبتۇر. چۈنكى، يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ چىقىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: ‹ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھېچكىمنىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە كۈچى يەتمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام يەجۇج - مەجۇجلەرگە بەددۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ گەدىنىگە چۈشكەن قۇرت بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سېسىق پۇرىقى زېمىننى قاپلايدۇ ۋە مۇئمىنلەرنى بىئارام قىلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ

قۇشلار ئۇلارنى ئاللاھ خاھلىغان يەرگە ئېلىپ كېتىدۇ››»[489].

## ئاخىرقى بىر مەسىلە

■ مۇسۇلمانلارغا يەجۇج - مەجۇجلەر بىلەن ئۇرۇشۇش ۋاجىبمۇ؟

ۋاجىب ئەمەس. چۈنكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام قىسسەسى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا: «ھەقىقەتەن مەن ھېچقانداق كىشى ئۇرۇشالمايدىغان بىر جامائە بەندىلىرىمنى چىقاردىم، سەن مۇئمىن بەندىلىرىمنى تۇر تېغىغا ئېلىپ بارغىن» دەپ ۋەھيى قىلىدىغانلىقى[490] ئىلگىرى بايان قىلىنغان.

[489] موللا ئەلى قاري ئۇنىڭدىن نەقىل قىلغان. «مىرقاتۇل مەسابىھ» ، 16/2.

[490] مۇسلىم (2937).

## 4، 5، 6 ـ ئۈچ قېتىملىق يەر يۇتۇشنىڭ يۈز بېرىشى

كىشىلەرنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدىغان ۋە تەسىرى چوڭ بولىدىغان ئۈچ قېتىملىق يەر يۇتۇشنىڭ يۈز بېرىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەبەر بەرگەن قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

### يەر يۇتۇشنىڭ مەنىسى

يەر يۇتۇش ـ «يەر يېرىلىپ، يەر ئۈستىدىكى نەرسىلەرنىڭ يەر ئاستىغا كىرىپ غايىب بولۇپ كېتىشى» دېگەنلىكتۇر.

هازىرغا قەدەر دەرىجىسى ۋە كۆلىمى پەرقلىق هالدا بىرقانچە تۈرلۈك يەر يۇتۇش هادىسەسى يۈز بەرگەن.

لېكىن، هەدىستە كۆرسىتىلگەن يەر يۇتۇش هادىسەسىنىڭ تەسىرى چوڭ بولۇپ، خەۋىرى هەممە يەرگە تارايدۇ.

هەدىستە كەلگەن ئۈچ قېتىملىق يەر يۇتۇش هادىسەسى ۋە قىيامەتنىڭ باشقا ئالامەتلىرى ئاخىر زاماندا يۈز بېرىدۇ.

- ■ يەر يۇتۇش هادىسەسى هەققىدە كەلگەن هەدىسلەر

هۇزەيفە ئىبنى ئەسىد رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «بىز قىيامەت هەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم قېشىمىزغا چىقىپ:

ـ نېمە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. بىز:

ـ قىيامەت هەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق، ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

ـ سىلەر قىيامەتتىن بۇرۇن ئون خىل ئالامەتنى كۆرمەي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئۇلار تۈتۈن، دەججال، غەلىتە مەخلۇق، قۇياشنىڭ مەغرىپتىن چىقىشى، مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيهىسسالامنىڭ

چۇشۇشى، يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ چىقىشى، مەشرىقتە بىر قېتىم، مەغرىبتە بىر قېتىم ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىر قېتىم يەر يۇتۇش ھادىسەسىنىڭ يۈز بېرىشى، ئەڭ ئاخىرىدا يەمەندىكى (ئەدەن) تەرەپتىن بىر ئوت چىقىپ، ئىنسانلارنى مەھشەرگاھقا ھەيدىشى، ـ دېدى»[491].

## ئۇممۇمەن يەر يۇتۇش ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر

بەزى ھەدىسلەردە ئۈچ قېتىملىق چوڭ يەر يۇتۇشنىڭ بىرى بولغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدا يۈز بېرىدىغان يەر يۇتۇش ھادىسەسىنىڭ ئورنى ۋە سەۋەبى بايان قىلىنغان.

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر خەلىفە ۋاپات بولغاندا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا (خەلىفەلىك ھەققىدە) ئىختىلاپ چىقىدۇ، مەدىنە ئەھلىدىن بولغان قۇرەيشلىك بىر ئادەم (ئىختىلاپتىن قېچىپ) مەككىگە كېلىدۇ. مەككەدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى مەجبۇرىي كەئبىگە ئېلىپ چىقىپ، رۈكنى بىلەن ماقامى ئىبراھىم ئارىسىدا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا قارشى شامدىن لەشكەر ئەۋەتىلىدۇ، ئۇلار (مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى) بىر دالاغا كەلگەندە، يەر يۇتۇپ كېتىدۇ. ئۇ خەۋەر كىشىلەرگە يەتكەندىن كېيىن، شام ۋە ئىراق ئەھلىدىن ياخشى كىشىلەر كېلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ»[492].

## بەزىبىر گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە جازا بولىدىغان باشقا يەر يۇتۇشلار ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۇممەتتىن بىر قەۋم يېمەك - ئىچمەك ۋە ئويۇن - كۈلكە ئىچىدە كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئاتقاندا چوشقىلارغا ئايلاندۇرۇلىدۇ، بەزى قەبىلىلەردىكى كىشىلەرنى ۋە

---

[491] مۇسلىم (2901).

[492] ئىبنى ھىببان (6757). ئىبنى ھىببان: «سەھىھ» دېگەن.

ئۇلارنىڭ قورۇ - جايلىرىنى يەر يۇتىدۇ. تاڭ ئاتقان چاغدا كىشىلەر: «كىچە پالانچىنىڭ ئوغلىنى ۋە پالانچىنىڭ ئوغلىنىڭ قورۇ - جايلىرىنى يەر يۇتۇۋېتىپتۇ، ئىلگىرىكىلەر ھاراق ئىچكەنلىكى، ئۈسۈم ئالغانلىقى، يىپەك كىيگەنلىكى، ناخشىچى قىز - ئاياللارنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى ۋە تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزگەنلىكى سەۋەبىدىن ھالاك قىلىنغىنىدەك، ئۇلارغىمۇ قاتتىق بوران ۋە تاشلار ئەۋەتىلىپ ئۇلارمۇ پۈتۈنلەي ھالاك قىلىنىپتۇ» دېيىشىدۇ». ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقا ئىشلارنىمۇ تىلغا ئالغان ئىدى، ئۇلارنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن» دېگەن[493].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇممىتىمدە يەر يۇتۇش، شەكلى ئۆزگەرتىلىش ۋە تاش يېغىش ھادىسىلىرى بولىدۇ»[494] دېگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر ئادەم ھاكاۋۇرلۇقتىن تامبىلىنى يەرگە سۆرەپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنى يەر يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇ قىيامەتكىچە يەر ئاستىغا چۆكۈۋېرىدۇ»[495] دېگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئى ئەنەس! ئىنسانلار كۆپ شەھەرلەرنى قۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە (ئىسمى) ‹بەسرە› ياكى ‹بۇسەيرە› دەپ ئاتىلىدىغان بىرى بولىدۇ. ئەگەر سەن ئۇ يەردىن ئۆتۈپ قالساڭ ياكى ئۇ شەھەرگە كىرسەڭ، ئۇنىڭ شورلۇقىدىن، ئوتلىقىدىن، بازىرىدىن ۋە ئەمىرلىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن يىراق تۇرغىن. ئۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدا ئىستىقامەت قىلغىن. چۈنكى، ئۇ يەردە يەر يۇتۇش، تاش يېغىش ۋە يەر تەۋرەش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ. ئۇ يەردە بىر قەۋم كەچقۇرۇن ئىنسان ھالىتىدە ياتىدۇ، ئەمما تاڭ ئاتقاندا، مايمۇن ۋە

---

[493] «ئەلمۇستەدرەك» (8572). ھاكىم: «مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن سەھىھ» دېگەن.

[494] «ئەلمۇستەدرەك» (8376)؛ ئىبنى ماجە (4062). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[495] بۇخارىي (3485).

توڭگۇز شەكلىدە قوپىدۇ»[496].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە كىشىلەرنىڭ «بەسرە» دېيىلىدىغان بىر شەھەر قۇرىدىغانلىقىنى، ئۇ شەھەردە يەر يۇتۇش، تاش يېغىش، يەر تەۋرەش ۋە شەكىل ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇ يەرگە كىرگەندە ئۇنىڭ شورلۇق يەرلىرىدىن، ئوتلىقىدىن، كىشىلەر يىغىلىپ سودا - سېتىق قىلىشىدىغان بازارلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە يەنە ئۇنى زالىم ئەمەلدارلارنىڭ دەرۋازىلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا (بەسرەنىڭ ئەتراپلىرى بۇ ھادىسەلەردىن يىراق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەسرەنىڭ ئەتراپىنى تەۋسىيە قىلغان.

نافىئ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «بىر ئادەم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا كېلىپ:

– پالانچى ساڭا سالام ئېيتتى، – دېۋىدى، ئۇ:

– ماڭا ئۇنىڭ بىدئەت پەيدا قىلغانلىقى يەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ بىدئەت پەيدا قىلغانلىقى راست بولسا، مەندىن ئۇنىڭغا سالام ئېيتما! مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ‹ئۈممىتىم ئىچىدە ياكى بۇ ئۈممەتتە شەكلى ئۆزگەرتىلىش، يەر يۇتۇش ۋە تاش يېغىش ھادىسىلىرى بولىدۇ. بۇلار قەدەرىيىيەلەر ئىچىدە يۈز بېرىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، – دېدى»[497].

مانا بۇ ھەدىسلەردە بۇ ئۈممەتتە بىرقانچە تۈرلۈك يەر يۇتۇش يۈز بېرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

زامان ئاخىرىدا يۈز بېرىدىغان ئۈچ قېتىملىق چوڭ يەر يۇتۇش ھادىسىلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئورنى ۋە سەۋەبى ئالدىنقى ھەدىستە بايان قىلىنغان، قالغان ئىككىسىمۇ زامان ئاخىرىدا يۈز بېرىدۇ، لېكىن مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورنى ۋە سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر ھەدىسنى ئۇچراتمىدىم.

---

[496] ئەبۇ داۋۇد (4307). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

[497] تىرمىزىي (2152). ئىمام تىرمىزىي: «ھەسەن سەھىھ غەرىب» دېگەن. ئىبنى ماجە (4061). ئالبانىي: «سەھىھ» دېگەن.

# 7 ـ ئاسماننى تۈتۈن قاپلىشى

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى بىرقانچە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زېمىنغا ئالاقىدار يەر يۇتۇش ۋە قۇرغاقچىلىق بولسا، بەزىلىرى ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ، ئەرلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە ئوخشاش ئىنسانلارغا ئالاقىدار بولىدۇ ۋە يەنە بەزىلىرى زىنانىڭ تارقىلىپ كېتىشىگە ئوخشاش ئەخلاققا ئالاقىدار بولسا، يەنە بەزىلىرى تۈتۈنگە ئوخشاش ئاسمان ۋە پەلەككە ئالاقىدار بولىدۇ.

- تۈتۈندىن نېمە مەقسەت قىلىنىدۇ؟
- بۇ ئالامەت يۈز بەردىمۇ؟
- ئۇنىڭدىكى ھېكمەت نېمە؟

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولغان بۇ ئالامەتنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن. (ئۇ تۈتۈن) كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىن، بىز ھەقىقەتەن ئىمان كەلتۈرگۈچىدۇرمىز» (دەيدۇ). (ئازاب كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە) ئۇلار قانداقمۇ ئىبرەت ئالسۇن، ھالبۇكى، ئۇلارغا روشەن پەيغەمبەر كەلدى (شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئىمان ئېيتمىدى)﴾44/«دۇخان»: 10 ـ 13.

■ ئايەتتە كەلگەن تۈتۈندىن نېمە مەقسەت قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئالىملارنىڭ ئىككى خىل قاراشتا بولغانلىقى

1. بىر قىسىم ئالىملار: «بۇ تۈتۈن بولسا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە ئاۋاز قوشمىغان قۇرەيشكە بەددۇئا قىلغاندا، ئۇلارغا يەتكەن قىيىنچىلىق ۋە ئاچارچىلىق ئىدى، ئۇلار ئاسمانغا قارىسا ئاچلىقتىن كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ئاسمان تۈتۈندەك كۆرۈنەتتى» دەپ قارىغان. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە سەلەف سالىھلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ خىل كۆزقاراشتا بولغان. ئىبنى جەرىر تەبەرىي بۇ كۆزقاراشنى كۈچلەندۈرگەن[498].

مەسرۇق ئىبنى ئەجدە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، بىر ئادەم كېلىپ:

– ئى ئەبۇ ئابدۇرراھمان! بىر مەدداھ: ‹تۈتۈن ئالامەتى كېلىپ، كافىرلارنىڭ نەپەسىنى سىقىدۇ، مۇئمىنلەرنى بولسا زۇكامداپ قالغاندەك قىلىپ قويىدۇ› دەۋاتىدۇ، – دېيىدى، ئۇ غەزەپلەنگىنىچە رۇس ئولتۇرۇپ:

– ئى خالايىق! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، كىمكى بىلسە، بىلىمى بىلەن سۆزلىسۇن. بىلمىسە: ‹ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ› دېسۇن. بىلمەيدىغان نەرسىنى: ‹مەن بىلمەيمەن، ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ› دېيىشمۇ بىلىمنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە: ﴿ئېيتقىنكى، (ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى) ئۆزەمدىن توقۇغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن﴾[38/«ساد»: 86] دەپ ئېيتقان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرەيشنىڭ ئىسلامدىن باش تارتقانلىقىنى كۆرۈپ: ‹ئى ئاللاھ! بۇلارنى يۈسۈفنىڭ يەتتە يىلىغا ئوخشاش يەتتە يىل قەھەتچىلىككە مۇپتىلا قىلغىن!› دەپ بەددۇئا قىلغان ئىدى. ئۇلارغا قەھەتچىلىك يېتىپ، بارلىق نەرسىلەرنى قۇرۇتۇۋەتتى. ھەتتا كىشىلەر ئاچلىقتىن تېرە، ھايۋان ئۆلۈكلىرىنى يېيىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاسمانغا قارىسا، ئاچلىقتىن كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ئاسمان ئىس - تۈتەكتەك كۆرۈنەتتى، – دېدى»[499].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئازاب، رىمنىڭ غەلىبىسى، قاتتىق تۇتۇش، ئاينىڭ ئىككى پارچە بولۇشى ۋە تۈتۈن قاتارلىق بەش تۈرلۈك ئالامەت

[498] «تەفسىرۇ تەبەرىي» ، 228/11.

[499] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (1007)؛ مۇسلىم (2798).

مەيدانغا كېلىپ بولدى»[500].

2. كۆپ ساندىكى ئالىملار: «بۇ تۈتۈن قىيامەتنىڭ تېخى يۈز بەرمىگەن ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، قىيامەت يېقىنلاشقاندا يۈز بېرىدۇ» دەپ قارىغان. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلار بۇ خىل كۆزقاراشتا بولغان.

هافىز ئىبنى كەسىر رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇ ئالامەتكە دەلىل كەلتۈرگەندە تىلغا ئېلىنغان ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، بۇ خىل كۆزقاراشنى كۈچلەندۈرگەن.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار بۇ ھەقتە كەلگەن رىۋايەتلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ چۈشىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ: «ئۇ ئىككىسى ئايرىم - ئايرىم تۈتۈندۇر، بىرى كۆرۈنۈپ بولغان، يەنە بىرى ئاخىر زاماندا كۆرۈلىدۇ» دەپ قارىغان. ئەمما، كۆرۈلۈپ بولغان بىرىنچى ئالامەت بولسا ئۇ قۇرەيش كۆرگەن تۈتۈنگە ئوخشاش نەرسە بولۇپ، بۇ تۈتۈن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدىغان چاغدا بولىدىغان ھەقىقىي تۈتۈن ئەمەس.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: «ئۇ ئىككىسى ئىككى تۈتۈن بولۇپ، بىرى كۆرۈلۈپ بولغان، يەنە بىرى ئاسمان - زېمىنغا تولۇپ كېتىدۇ. مۇئمىن كىشى پەقەت زۇكامداپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. كافىرنىڭ قۇلاقلىرىدىن تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ»[501].

كۈچلۈك قاراش شۇكى، ھەقىقەتەن بۇ تۈتۈن قىيامەتنىڭ تېخى يۈز بەرمىگەن ئالامەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئۇقۇم قۇرئاندىن چۈشىنىلگەن. ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن﴾[«دۇخان»: 10/44].

[500] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (4825)؛ مۇسلىم (2798).
[501] قۇرتۇبىي: «ئەتتەزكىرە» ، 655 - بەت.

ئەمما، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرەيش ئاھالىسى يولۇققان ئەھۋال ھەققىدە تىلغا ئالغىنى پەقەت قاتتىق ئاچارچىلىق ۋە قىيىنچىلىقتىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنگەن بىر خىيال ئىدى.

■ تۇتۇن ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز قىيامەت ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمىزغا چىقىپ:

– نېمە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىسىلەر؟ – دەپ سورىدى. بىز:

– قىيامەت ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق، – دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– سىلەر قىيامەتتىن بۇرۇن ئۇن خىل ئالامەتنى كۆرمەي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ، – دەپ تۇتۇن، دەججال... قاتارلىقلارنى تىلغا ئالدى»[502].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئالتە ئىش يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار. ئۇلار كۈننىڭ مەغرىپتىن چىقىشى، تۇتۇن(نىڭ يۈز بېرىشى)، دەججالنىڭ چىقىشى، زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى، ھەربىرىڭلارنىڭ ئۆلۈمى ۋە قىيامەتنىڭ بولۇشى قاتارلىقلار»[503].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى مۇلەيكە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى ئەتىگەندە مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ ماڭا:

– مەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدىم، – دېدى. مەن:

[502] مۇسلىم (2901).
[503] مۇسلىم (2947).

– نېمىشقا ئۇخلىيالمىدىڭ؟ – دەپ سورىسام، ئۇ:

– كىشىلەر ‹قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار چىقىپتۇ› دېگەنىدى، ‹ئەمسە تۈتۈن سوزۇلۇۋاتقان ئوخشايدۇ› دەپ قورقۇپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدىم، – دېدى»[504].

دېمەك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تۈتۈندىن قورقۇشى تۈتۈننىڭ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

[504] «ئەلمۇستەدرەك» (8419). هاكىم، زەهەبىيلەر: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن.

# 8 -بىر تۇرلۇك ھايۋاننىڭ چىقىشى

ئاخىر زاماندا پاساتچىلىقنىڭ تارقىلىشى، چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا قىلىنىشى ۋە كىشىلەرنىڭمۇ شۇنىڭغا ئادەتلىنىشى نەتىجىسىدە ئارغامچا بىلەن ئوۋ ئوۋلىغۇچى ئوق ئېتىپ ئوۋ ئوۋلىغۇچىغا، مۇئمىن مۇناپىققا، بەلكى مۇسۇلمان كافىرغا ئايلىنىشىپ كېتىدۇ، دەل شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا بىر تۇرلۇك ھايۋاننى چىقىرىدۇ.

- بۇ ھايۋان قانداق ھايۋان؟
- قاچان، قەيەردىن چىقىدۇ؟
- ئۇنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

■ بۇ ھايۋان ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) غا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئىشقا ئاشقاندا (يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقاندا)، ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۇرلۇك ھايۋاننى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ﴾[27/«نەمل»: 82].

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿تُكَلِّمُهُم﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە بەزى مۇفەسسىرلەر: ««ئۇ ئۇلارغا سۆزلەيدۇ» دېگەن مەنىدە» دېسە، يەنە بەزىلەر: ««ئۇ ئۇلارنى زەخىملەندۈرىدۇ» دېگەن مەنىدە» دەپ قارىغان.

بۇ ھايۋاننىڭ سۈپىتى ھەققىدە سەھىھ ھەدىس كەلمىگەن. ماۋەردىي ۋە سەئلەبىي ئۇنىڭ سۈپىتى ھەققىدە ھېچبىر دەلىلسىزلا: «ئۇنىڭ بېشى بۇقىنىڭ بېشىغا ئوخشاش، قۇلىقى پىلنىڭ قۇلىقىغا ئوخشاش...» دېگەندەك ھەيران قالارلىق گەپلەرنى قىلغان.

لېكىن، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى بىلەلەيمىز:

- ئۇنىڭ بىر ھايۋان ئىكەنلىكى؛
- ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىدىغانلىقى؛
- ئۇنىڭ زېمىندىن چىقىدىغانلىقى.

■ بۇ ھايۋان قەيەردىن چىقىدۇ؟

بەزىلەر: «ئۇ مەككەدىكى سافا تېغىدىن چىقىدۇ» دېسە، بەزىلەر: «كەئبەنىڭ ئاستىدىن چىقىدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «باياۋانلاردىن چىقىدۇ» دېگەن.

ئۇنىڭ قەيەردىن چىقىدىغانلىقى ھەققىدە سەھىھ ھەدىسلەر كەلمىگەن. شۇڭا، بىز ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا بايان قىلغىنىدەك چىقىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىمىز، لېكىن قەيەردىن چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز.

■ بۇ ھايۋان قانداق ھايۋان؟

بەزىلەر: «ئۇ ئىنسانلار بىلەن مۇنازىرە قىلىدىغان بىر ئادەم» دېگەن. لېكىن، بۇ قاراش ئاساسسىز بىر قاراشتۇر. بەزىلەر: «ئۇ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى» دېسە، يەنە بەزىلەر: «سالىھ ئەلەيھىسسا-لامنىڭ تۆگىسىنىڭ بالىسى» دېگەن.

■ بۇ ھايۋان نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) غا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئىشقا ئاشقاندا (يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقاندا)، ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ﴾[«نەمل»: 27/82] دېگەن ئايىتىدە كەلگىنىدەك، ئۇ ھايۋان ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ (يەنى ئىنسانلارنىڭ) ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

■ بۇ ھايۋان كىشىلەر(نىڭ بۇرنى) نى داغمallaيدۇ

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر تۇرلۇك ھايۋان چىقىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇرنىنى داغماللايدۇ، ئاندىن ئۇلار (يەنى داغماللانغانلار) ئاراڭلاردا ياشايدۇ. ھەتتا بىر كىشى تۆگە سېتىۋالغان بىر كىشىدىن:

– (تۆگىنى) كىمدىن سېتىۋالدىڭ؟ – دەپ سورىسا، ئۇ:

– بۇرنى داغماللانغانلارنىڭ بىرىدىن سېتىۋالدىم، – دەپ جاۋاب بېرىدۇ»[505].

بۇ بەلگە قانداق بولىدۇ؟ ئۇ داۋاملىشامدۇ؟

كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىمۇ بۇ بەلگە بولامدۇ؟

بۇ ھايۋان ئىنسانلارغا بەلگە قىلىپ، ھەق باتىلدىن ۋە مۇئمىن كافىردىن ئايرىلغاندىن كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟

مۇشۇ ھالەت كىشىلەر بىر - بىرىنى «ئى مۇئمىن!» ياكى «ئى كافىر!» دەپ چاقىرغانغا قەدەر مەلۇم ۋاقىت داۋاملىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا قىيامەت قايىم بولۇشىنى ئىرادە قىلغان چاغدا، مەيىن شامال ئەۋەتىپ مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرىنى قەبزى قىلىدۇ. چۈنكى، ياخشى ئىنسان قالمىغاندىلا قىيامەت قايىم بولىدۇ. مۇئمىنلەرنى ئەڭ چوڭ قورقۇنچمۇ غەم - قايغۇغا سالالمايدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دەججال ئۇممىتىمنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ ۋە 40 (ۋاقىت) تۇرىدۇ (راۋىي: «40 كۈن دېدىمۇ، 40 ئاي دېدىمۇ ياكى 40 يىل دېدىمۇ، بۇ ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ» دەيدۇ) شۇ چاغدا، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ (ئۇ ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاپ كېتىدۇ). ئۇ دەججالنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن ئىنسانلار يەتتە يىل ئىناق - ئىتتىپاق ياشايدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا شام تەرەپتىن سوغۇق شامال ئەۋەتىدۇ. يەر

---

[505] ئەھمەد (22362). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەنەدى سەھىھ» دېگەن. ھەيسەمىي: «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

يۈزىدە قەلبىدە زەررە چاغلىق ياخشىلىق ياكى ئىمانى بولغان ھېچقانداق بىر كىشى قالماي (ھەممىسى) ئۆلىدۇ. ھەتتاكى، سىلەردىن بىر كىشى تاغدىكى غارغا كىرىۋالسىمۇ، شامال ئۇ يەرگىمۇ كىرىپ، ئۇنى قەبزى روھ قىلىدۇ. بۇ چاغدا، (يامان ئىشقا) چاپىدىغان، يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ۋەھشىي ئىنسانلار قالىدۇ. ئۇلار نە ياخشىلىققا بۇيرۇمايدۇ، نە يامانلىقتىن توسمايدۇ. ئاندىن شەيتان ئۇلارغا كۆرۈنۈپ:

– ماڭا ئىتائەت قىلمامسىلەر؟ – دەيدۇ. ئۇلار:

– بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ – دېيىشى بىلەنلا شەيتان ئۇلارنى بۇتقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ مەزگىللەردە، ئۇلارنىڭ رىزقلىرى مول، ھاياتى راھەت - پاراغەتتە بولىدۇ. ئاندىن سۈر چېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ھەممە ئۇنىڭغا قۇلاق سالىدۇ. تۆگىسىنى كۆل بويىغا سۇغۇرۇشقا ئېلىپ بارغان كىشى سۈر ئاۋازىنى تۇنجى بولۇپ ئاڭلايدۇ ۋە دەرھال ئۆلىدۇ. ئاندىن باشقا ئىنسانلارمۇ ئۆلىدۇ»[506].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا يەمەن تەرەپتىن يىپەكتىنمۇ ئىللىق بىر شامالنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ قەلبىدە دانچىلىك (ياكى زەررىچىلىك) ئىمانى بولغان ھېچقانداق بىر كىشىنىمۇ قويماي قەبزى قىلىدۇ»[507].

بۇ شامالدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ يامانلىرىلا قالىدۇ، شۇ چاغدا قىيامەت قايىم بولىدۇ.

[506] مۇسلىم (2940).
[507] مۇسلىم (117).

## 9 ـ قۇياشنىڭ مەغرىپتىن چىقىشى

ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت نىزامىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشى قىيامەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممە كىشى كۆرىدىغان ئالامەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

كىشىلەر بىر كۈنى ئەتىگەندە قۇياشنىڭ ئاللاھ تائالا ياراتقاندىن تارتىپ چىقىۋاتقان ھالىتىدىكىدەك شەرقتىن چىقىشىنى كۈتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇياش تۇيۇقسىز مەغرىپتىن چىقىدۇ. قۇياش مەغرىپتىن چىققان چاغدا تەۋبە ئىشىكى ئېتىلىدۇ.

■ قۇياشنىڭ مەغرىپتىن چىقىشى ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر

ھەقتائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئۇلار پەقەت (ئۆلۈم) پەرىشتىلىرىنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ، ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. «(سىلەر ئۆزۈڭلارغا كېلىدىغان ئىشلارنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز» دېگىن﴾[«ئەنئام»: 158/6].

■ قۇياشنىڭ مەغرىپتىن چىقىشى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈچ نەرسە بار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقسىلا ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. ئۇلار: دەججالنىڭ چىقىشى، زېمىندىن بىر خىل ھايۋاننىڭ چىقىشى ۋە قۇياشنىڭ مەغرىپتىن چىقىشىدۇر»[508].

---

[508] مۇسلىم (158).

تەۋبە ئىشىكىنىڭ ئېتىلىشىدىكى ھېكمەت بولسا «ئىمان» دېگەن كۆپىنچە ئەھۋاللاردا غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈشكە ئاساسەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. قۇياش مەغرىپتىن چىققان ۋاقىتتا ئېيتىلغان ئىمان غەيبكە ئىمان ئېيتىش بولماستىن، بەلكى كۆز بىلەن كۆرۈپ ئاشكارا بولغان چاغدا ئېيتىلغان «ئىمان» بولۇپ قالىدۇ. بۇ خۇددى فىرئەۋننىڭ غەرق بولاي دېگەندە ئېيتقان ئىمانىغا ئوخشايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قۇياش مەغرىپتىن چىقمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. قۇياش مەغرىپتىن چىققاندا، ئىمان ئېيتمىغان كىشى قالمايدۇ. ئۇ چاغدا ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. ئىككى كىشى سودىلىشىش ئۈچۈن رەختلىرىنى يېيىپ، تېخى سودىلىشالماي، ھەتتا (رەختلىرىنى) قاتلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولىدۇ. تۆگىسىنىڭ سۈتىنى ساغقان كىشى سۈتنى ئىچىشكە ئۈلگۈرمەستىنلا قىيامەت قايىم بولىدۇ. كىشى كۆلنى رېمونت قىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئۈلگۈرەلمەي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولىدۇ. بىر كىشى لوقمىسىنى ئاغزىغا ئېلىپ، يۇتۇشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولىدۇ»[509].

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- قۇياشنىڭ قەيەرگە كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ - دېدى. ساھابەلەر:

- ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئوبدان بىلىدۇ، - دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ:

- قۇياش ماڭا - ماڭا ئەرشنىڭ ئاستىدىكى ئورنىغا يېتىپ بېرىپ، (ئاللاھقا) سەجدە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا: ‹كۆتۈرۈلگىن! كەلگەن جايىڭدىن قايتقىن› دېيىلگەنگە قەدەر شۇنداق بولىدۇ. قۇياش يەنە ئەتىگەندە

---

[509] بىرلىككە كېلىنگەن: بۇخارىي (7121)؛ مۇسلىم (157).

چىقىدىغان جايىدىن چىقىدۇ، ماڭا - ماڭا ئەرشىنىڭ ئاستىدىكى ئورنىغا يېتىپ بېرىپ، (ئاللاھقا) سەجدە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا: ‹كۆتۈرۈلگىن! كەلگەن جايىڭدىن قايتقىن› دېيىلگەنگە قەدەر شۇنداق بولىدۇ. قۇياش يەنە ئەتىگەندە چىقىدىغان جايىدىن چىقىپ، ماڭا - ماڭا (پاتىدۇ)، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھېچنەرسىنى ئىنكار قىلمايدۇ. قۇياش ئەرشىنىڭ ئاستىدىكى ئورنىغا بارغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا: ‹كۆتۈرۈلگىن! كەلگەن جايىڭدىن چىققىن› دېيىلىدۇ. تاڭ ئاتقاندا قۇياش پاتقان جايىدىن (يەنى مەغرىپتىن) چىقىدۇ. ئاشۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدىغان چاغدا بولىدۇ»[510].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قۇياشنىڭ پاتقان يېرىدىن چىقىشى ۋە چاشگاھ ۋاقتىدا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ قايسىبىرى يەنە بىرىدىن بۇرۇن چىقسا، كېيىنكىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا چىقىدۇ»[511].

بەزىلەر: «باشقا ھەدىسلەردە ‹دەججال ياكى مەھدىينىڭ چىقىشى قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىدىن› دەپ بايان قىلىنغان تۇرسا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداقسىگە بۇ ھەدىستە ‹قۇياشنىڭ پاتقان يېرىدىن (مەغرىپتىن) چىقىشى ۋە بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ مەيدانغا كېلىشىنى قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى بولىدۇ› دەپ خەۋەر بەردى؟» دېيىشى مۇمكىن.

بۇلارنى زادى قانداق ماسلاشتۇرىمىز؟

ئىمام ئىبنى ھەجەر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەقتە كەلگەن ئومۇمىي خەۋەرلەردىن شۇنى كۆچلەندۈرۈشكە بولىدۇكى، دەججالنىڭ چىقىشى زېمىن يۈزىدىكى كۆپىنچە ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىشىنى

---

[510] مۇسلىم (159).
[511] مۇسلىم (2941).

بىلدۈرىدىغان چوڭ ئالامەتلەرنىڭ دەسلەپكىسى بولۇپ، بۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. قۇياشنىڭ پاتقان يېرىدىن چىقىشى ئۇستۇنكى ئالەمنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىلدۈرىدىغان چوڭ ئالامەتلەرنىڭ دەسلەپكىسى بولۇپ، بۇلار قىيامەت قايىم بولۇش بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى بەلكىم قۇياش پاتقان يېرىدىن چىقىدىغان كۈندە بولۇشى مۇمكىن. مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹قۇياشنىڭ پاتقان يېرىدىن چىقىشى ۋە چاشگاھ ۋاقتىدا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ قايسىبىرى يەنە بىرىدىن بۇرۇن چىقسا، كېيىنكىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا چىقىدۇ›[512] دېگەن»[513].

## ■ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراش كېرەك

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئالتە ئىش يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار. ئۇلار كۈننىڭ مەغرىپتىن چىقىشى، تۇتۇن(نىڭ يۈز بېرىشى)، دەججالنىڭ چىقىشى، زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى، ھەربىرىڭلارنىڭ ئۆلۈمى ۋە قىيامەتنىڭ بولۇشى قاتارلىقلار»[514].

---

[512] مۇسلىم (2941).

[513] «فەتھۇلبارىي» ، 353/11.

[514] مۇسلىم (2947).

## 10 -كىشىلەرنى مەھشەرگاھقا ھەيدەيدىغان بىر ئوتنىڭ چىقىشى

قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە خاتىمىسى بولسا يەمەندىن بىر ئوتنىڭ چىقىپ، كىشىلەرنى مەھشەرگاھقا ھەيدەپ، مەھشەرگاھقا توپلىشى. مەھشەرگاھ زېمىنى تۈز، ئاق زېمىن بولۇپ، ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئايان بولىدىغان ھېچقانداق ئالامىتى يوق.

- بۇ ئوتنىڭ شەكلى قانداق؟
- قانداق چىقىدۇ؟
- قەيەردىن چىقىدۇ؟
- ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلار بولىدۇ؟

■ بۇ ئوت ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر

ھۇزەيفە ئىبنى ئەسىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىز قىيامەت ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمىزغا چىقىپ:

- نېمە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. بىز:

- قىيامەت ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق، - دېگەن ئىدۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- سىلەر قىيامەتتىن بۇرۇن ئون خىل ئالامەتنى كۆرمەي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئۇلار تۈتۈن، دەججال، غەلىتە مەخلۇق، قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى، مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى، يەجۈج - مەجۈجلەرنىڭ چىقىشى، مەشرىقتە بىر قېتىم، مەغرىبتە بىر قېتىم ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىر قېتىم يەر يۇتۇش ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشى، ئەڭ ئاخىرىدا يەمەندىكى (ئەدەن) تەرەپتىن بىر ئوت چىقىپ، ئىنسانلارنى مەھشەرگاھقا ھەيدىشى، - دېدى»[515].

---

[515] مۇسلىم (2901).

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئەدەن زېمىنىنىڭ ئاستىدىن بىر ئوت چىقىپ ئىنسانلارنى ھەيدىشى» دەپ كەلگەن[516].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- قىيامەتتىن ئىلگىرى ھەزرەمەۋت دېڭىزىدىن ياكى ھەزرەمەۋتتىن بىر ئوت چىقىپ، بارلىق ئىنسانلارنى بىر يەرگە يىغىدۇ، - دېدى. ساھابەلەر:

- ئۇ چاغدا، بىز نېمە ئىش قىلىشىمىز كېرەك؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- شامغا كېتىڭلار! - دېدى»[517].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەبەر تاپقان ئابدۇللاھ ئىبنى سالام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

- مەن سىلىدىن پەيغەمبەردىن باشقا كىشى بىلمەيدىغان ئۈچ مەسىلە توغرىسىدا سورىماقچى. قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى قايسى؟ جەننەت ئەھلى دەسلەپتە يەيدىغان تائام قايسى؟ نېمە سەۋەبتىن بالا ئاتىسىغا ئوخشايدۇ ۋە بەزىدە ئانا تەرەپ تاغىلىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- تېخى بايىلا جىبرىل بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، - دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام:

- ئۇ (يەنى جىبرىل) يەھۇدىيلەر دۈشمەن كۆرىدىغان پەرىشتىدۇر، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- قىيامەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالامىتى بولسا بىر ئوتنىڭ پەيدا

---

[516] مۇسلىم (2901).

[517] ئەھمەد (5146). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن.

بولۇپ پۈتۈن ئىنسانلارنى شەرقتىن غەربكە ھەيدىشىدۇر؛ جەننەت ئەھلى دەسلەپ يەيدىغان تائام بېلىق جىگىرىدۇر؛ بالىنىڭ كىمگە ئوخشىشىغا كەلسەك، ئەر كىشى ئايال كىشى بىلەن بىللە بولغاندا، ئەرنىڭ مەنىيسى ئايالنىڭكىدىن غالىب كەلسە، ئەرگە، ئايالنىڭ غالىب كەلسە، ئايالغا ئوخشايدۇ، – دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام بۇنى ئاڭلاپ:

– گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇرلا، – دېدى»[518].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قۇياشنىڭ پاتقان يېرىدىن چىقىشى ۋە چاشگاھ ۋاقتىدا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ قايسىبىرى يەنە بىرىدىن بۇرۇن چىقسا، كېيىنكىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا چىقىدۇ»[519].

بۇ ھەدىس بىلەن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە كەلگەن باشقا ھەدىسلەرنى قانداق ماسلاشتۇرىمىز؟

بۇ ھەدىستە قىيامەتنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى ئەمەس، بەلكى قىيامەت قايىم بولۇشىنىڭ ئالامەتلىرى مەقسەت قىلىنغان. بۇ قارىشىمىزنى «سەھىھۇلبۇخارىي»دا كەلگەن يەنە بىر ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ.

ئىزاھات: كىشىلەرنى ھەيدەيدىغان بۇ ئوت ھىجاز زېمىنىدىن چىقىپ، بۇسرادىكى تۆگىلەرنىڭ بويىنىنى يورۇتىدىغان ئوت ئەمەس. ھىجاز زېمىنىدىن چىقىدىغان ئوت ھىجرىيە يەتتىنچى ئەسىردە يۈز بېرىپ بولغان بولۇپ، ئۇ قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرىنىڭ بىرىدۇر[520].

■ بۇ ئوتنىڭ كىشىلەرنى قانداق توپلايدىغانلىقى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر

---

[518] بۇخارىي (3938).

[519] مۇسلىم (2941).

[520] بۇ 13 - ئالامەتتە بايان قىلىندى.

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار قىيامەت كۈنى ئۈچ پىرقە قىلىنىپ توپلىنىدۇ: ئارزۇ قىلغۇچىلار ۋە قورققۇچىلار ھالىتىدە؛ يەنە ئىككى ئادەم بىر تۆگىنى، ئۈچ ئادەم بىر تۆگىنى، تۆت ئادەم بىر تۆگىنى ۋە ئون ئادەم بىر تۆگىنى نۆۋەتلىشىپ مىنگۈنىچە توپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قالغانلىرىنى ئوت توپلايدۇ، ئوت ئۇلار چۈشلۈك ئارام ئالغان جايدا ئۇلار بىلەن بىللە ئارام ئېلىپ، كېچىسى قونغان جايدا ئۇلار بىلەن بىللە قونۇپ، تاڭ ئاتقۇزغان جايدا ئۇلار بىلەن بىللە تاڭ ئاتقۇزۇپ، كەچ قىلغان جايدا ئۇلار بىلەن بىللە كەچ قىلىپ ئۇلارنى ھەيدەپ ماڭىدۇ»[521].

بۇنىڭ مەنىسى: بۇ ئوتتىن مەقسەت كىشىلەرنى كۆيدۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى شامدىكى مەھشەرگاھقا ھەيدەشتۇر. شۇڭا، كىشىلەر مېڭىپ، چارچاپ چۈشلۈك ئۇيقۇ ئۈچۈن توختىغاندا، ئوتمۇ توختايدۇ. چۈشلۈك ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، ئوت ئۇلارنى ھەيدەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار كېچىدە ياتسا، ئوت يەنە توختايدۇ. تاڭ ئېتىپ ماڭغاندا، ئوت ئۇلارنى يەنە ھەيدەيدۇ. ئاخىرى ئوت ئۇلارنى شامغا ئېلىپ بارىدۇ.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئۈچ توپ بولۇپ ھەشر قىلىنىدۇ. بىر توپى قورساقلىرى تويغان، كىيىم كىيگەن، ئۇلاغ مىنگەن ھالىتىدە بولىدۇ. يەنە بىر توپى پىيادە يۈگۈرۈپ ماڭىدۇ. يەنە بىر توپى بولسا پەرىشتىلەر ئۇلارنى يۈزىچە سۆرەپ ماڭىدۇ، - دېدى. ساھابىلەردىن بىرەيلەن:

- بىز ئىككى توپنىغۇ بىلدۇق، ئەمما پىيادە يۈگۈرۈپ ماڭىدىغانلار نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئاللاھ مىنىدىغان نەرسىلەرگە ئاپەت چۈشۈرىدۇ، ھەتتا بىرمۇ مىنىدىغان نەرسە قالمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئاجايىب ھەيران قالارلىق بىر

---

[521] بۇخارىي (6522).

باغچىسى بولسا، شۇ باغچىسىنى قېرى، ئاجىز، ئېگىرى كىچىك بولغان بىر تۆگىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بېرىپمۇ، شۇ تۆگىنى سېتىۋالالمايدۇ، - دېدى»[522].

---

[522] ئەھمەد (21494). شۇئەيب ئەلئەرنائۇت: «سەھىھ» دېگەن. نەسائىي (2224).

## خاتىمە

ئالدى بىلەن ئۇشبۇ كىتابنى تاماملاشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار ئېيتىمەن! ئاللاھتىن بۇ كىتابنى مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى، نىيەتلىرىمىزنى ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن.

كەمىنە كىتابخانىلارنىڭ ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك بىر نەپكە ئېرىشىشىنى كۆزلەپ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۆزگىچە ۋە جەلىپ قىلارلىق ئۇسۇلدا بايان قىلىشقا خېلى كۆچىدىم. مەن مەزكۇر ئەمگىكىم ئارقىلىق ئارزۇيۇمغا يەتكەن، كۆزلىگەنلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇبادا كىتابنى ئوقۇغان ھەربىر ئوقۇرمەن قەلەم تۇلپىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى، ھېچ بولمىغاندا ئەسەرگە قارىتا بەرگەن باھالىرىنى بولسىمۇ ئېلخەت ۋەياكى تېلېفون ئۈچۈرى ئارقىلىق كەمىنىگە يوللىسا، مەنمۇ غايىبانە دۇئالىرىم ئارقىلىق مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرسەم، نەقەدەر ئېسىل ئىش بولغان بولار ئىدى، - ھە!

ئاللاھ ھەربىرىمىزگە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسۇن! ئامىن!!!

ھۆرمەت بىلەن:

پادىشاھ سۇئۇد ئۇنىۋېرسىتېتى ئەقىدە ۋە ھازىرقى زامان دىن - ئېقىملار پەنلىرى پروفېسسورى
ئىسلام تەشۋىقات مىنىستىرلىكى ئالىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى
دوكتور مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەلئەرىفي

**arefe5@yahoo.com**



ISBN 978-1-959397-88-5

9 781959 397885 >

سایبیه

ئیسلام تەتقیقات مەرکەزی